« جۇڭگو سەرخىل ژۇرناللار سېپى » دىكى نەشرىي ئەپكار
« شىنجاڭ ژۇرنال مۇكاپاتى » غا ئېرىشكەن نەشرىي ئەپكار
入选《中国期刊方阵》的刊物
荣获《新疆期刊奖》的刊物



مۇڭ ( ماي بوياق ) جاپپار قەييۇم سىزغان

2
2013

# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

新疆文化

ISSN 1008-6498

•XINJIANG CULTURE•СИНЬЦЗЯНСКАЯ КУЛЬТУРА•シンキョウ ブンカ•مجلة حضارة شنجيانغ•



« ھەقىقەت توغرىسىدا مۇلاھىزە » ، « بىرلەمچى ئامىل ۋە زۆرۈرىي شەرتلەر » ،
« تەقەززا ۋە زۆرۈرىيەت » ، « ئۈچ پۇتلۇق ( داڭقان ) تەپەككۇر ئۇسۇلى توغرىسىدا » ،
« غۇرۇرنىڭ بايانى » ، « لوگىكىلىق ئايرىش تەپەككۇرنىڭ جېنى » ... قاتارلىق نادىر
پۇبلىستىك ئەسەرلەرنىڭ مۇئەللىپى ، ژۇرنىلىمىزنىڭ تۆھپىكار ئاپتورى ،
مەدەنىيەت تەتقىقاتچىسى ئابلەت مۇھەممەد ئەپەندى

● شوئارىمىز: خەلقچىللىق، ئىلمىيلىك، ئاممىباپلىق، ئوقۇشچانلىق ●

# بۇ ساندا


**مەدەنىيەت ۋە ئىجتىمائىيەت**

«تىلماچلار چايخانىسى»دىكى پاراڭلار ........
ئابدۇۋەلى مۇسا قاتارلىقلار (ت) ........ 2

**ۋەتەن! دەپ سوقىدۇ يۈرەك**

نيۇيوركتىكى قەشقەر توپىسى ........ زۇلپىقار بارات ئۆزباش 13

**ئەدەبىيات گۈلزارى**

قەشقەرنى چوڭ قىلغان كوچىلار (چاتما نەسر) ...... ئاتىكەم سىدىق ئايقۇت 24

**ئۆزۈڭنى تونۇ!**

بىزدىكى تىلەمچىلىك ........ ئابدۇلئەزىز ئەلى ئارقان 34

**ئويغۇرچىلار مۇنبىرى**

«مەۋجۇتلۇق تەشنالىقى» — پىكرىي هايات چاقىرىقى ........
قۇربانجان ئابدۇقادىر، ئابدۇقەييۇم مىجىت ........ 48

**تەپەككۇر كۆزى**

تەپەككۇر مېۋىلىرى ........ تۇردى ئالاۋۇش قاتارلىقلار 58

**قىرتاق هاسىلاتلار**

تامچىدىكى سەھەر ........ هەبىبۇللا رەجەپ 65
ئاپلا، بۇ كىتابخانىمۇ تاقىلىدىغان بولدى ........ ئابدۇۋاهىد مۆلجەرى 72

**زامان تەقەززا پىكىرلەر**

خاسىيەتلىك 21- ئەسىر، ئۇيغۇرلاردا سىياسىي-نەزەرىيەۋى تەپەككۇر ........
ئابلەت مۇھەممەد ........ 75



شىنجاڭ مەدەنىيىتى
( 62 - يىل نەشرى )

قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال
ئەدەبىي ژۇرنال
2013 - يىلى 2 - سان
(ئومۇمىي 320 - سان)

دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل
ئىجرائىيە مۇئاۋىن
باش مۇھەررىر،
تەھرىر بۆلۈم مۇدىرى:
بەگمەت يۈسۈپ
(كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)

بۇ ساننىڭ ئىجرائىيە
مۇھەررىرى ۋە
تېخرېداكتورى:
بەگمەت يۈسۈپ




# پۇل بولسىلا زامانىۋىلاشقانلىق بولامدۇ؟

2010 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى جياڭسۇ ئۆلكىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى لۇجىجۇن جياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىللىك كۈرەش نىشانىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ: 2015 ـ يىلىغا بارغاندا، ئۆلكە بويىچە ناھىيەلەرنى بىرلىك قىلىپ، ئۆلكە بېكىتكەن ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇش نىشانىغا يېتىمىز، يەنە بەش يىل تىرىشىش ئارقىلىق 2020 ـ يىلىغا بارغاندا، ئۆلكىنى ئاساسىي جەھەتتىن زامانىۋىلاشتۇرۇپ، ئومۇمىي جەھەتتىن ئوتتۇراھال تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭ سەۋىيەسىگە يېتىمىز، دەپ ئېنىق كۆرسەتتى. ئەمەلىيەتتە بىر يىلنىڭ ئالدىدىكى دوكلاتتا، 2010 ـ يىلنىڭ ئاخىرى « 11 ـ بەش يىللىق» پىلان تاماملانغاندا، جۇڭگو مۇددەتتىن (20 ـ 40 يىل) بۇرۇن دېڭ شياۋپىڭ ئەينى يىلى ئوتتۇرىغا قويغان «ئۈچ قەدەم بويىچە مېڭىش» ئۇلۇغۋار تەسەۋۋۇرنى تاماملايدۇ، دېيىلدى.

بۈگۈنگە كەلگەندە «زامانىۋىلاشتۇرۇش» كۆز ئالدىمىزدىكىلا نىشان بولۇپ قالغاندەك قىلىدۇ. بىراق ئىزاھلانغان نىشاننىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا، شۇجى لۇجىجۇننىڭ ئېيتقىنى ھەقىقىي مەنىدىكى زامانىۋىلاشتۇرۇش بولماستىن، بەلكى بىر خىل ئىقتىسادنىڭ زامانىۋىلىشىشىدۇر. كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يەرلىك ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنى 100 مىڭ يۈەندىن ئاشۇرۇش. شەھەر، بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمنى 55 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزۈش، دېھقانلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ساپ كىرىمنى 23 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزۈش؛ ئوتتۇرىچە مۆلچەر ياشنى 78 ياشتىن ئاشۇرۇش؛ ئاساسلىق ئەمگەك يېشىدىكى نوپۇسلارنىڭ ئوتتۇرىچە تەربىيەلىنىشنى 12.2 يىلغا يەتكۈزۈش... ئەگەر مەن خاتا چۈشىنىپ قالمىسام، بۇ پۇلى بولسىلا زامانىۋىلاشقانلىق بولىدۇ، دېگەنلىك ئەمەسمۇ ؟

شەك ـ شۈبھىسىزكى پۇلى بولسىلا زامانىۋىلاشقانلىق بولمايدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىلىم ـ پەندە ئىلمىيلىشىش، سىياسىيدا دېموكراتىيەلىشىش، ئىقتىسادتا سانائەتلىشىش، ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا شەھەرلىشىش، ئىدىيە ساھەسىدە دېموكراتىيەلىشىش، مەدەنىيەتتە ئىنسانىيلىشىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇنىڭدىكى يادرو «ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئازاد قىلىنىشى» ھەم «ئىنسان تەبىئىتىنىڭ ئازاد قىلىنىشى»دۇر. بۇ كۆرسەتكۈچلەرنى سان ـ سېپىر بىلەن ئۆلچىگىلى بولمايدۇ. يۇقىرىدىن تۆۋەنگە مەمۇرىي بۇيرۇق چۈشۈرۈش ئارقىلىقمۇ ئىشقا ئاشۇرغىلى بولمايدۇ. ئۇ جەمئىيەتتە تەبىئىي يېتىلىدىغان بىر

مەدەنىيەت ۋە ئىجتىمائىيەت

خىل ئۇزاق مەزگىللىك جەرياندۇر. ئەمەلىيەت بىلەن سېلىشتۇرغاندا، يۇقىرىقىدەك «زامانىۋىلاشتۇرۇش» ئۆزگە تەمەننا قويۇپ كەتكەنلىك بولامدۇ قانداق؟

ئىختىيارسىز 2010 ـ يىلى 3 ـ ئايدا، دۇڭگۇەن شەھىرىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جياڭ لىلىڭ ئېيتقان بىر ئابزاس سۆزنى ئويلاپ قالدىم. شۇ يىللىق بېكىتىلگەن نىشان بويىچە بولغاندا، ئۇ زامانىۋىلاشتۇرۇش نىشانىغا يېتىپ بوپتۇ. ھازىر پەقەت بەزى كۆرسەتكۈچلەرلا ئارقىدا قاپتۇ. مەسىلەن، ئىقتىسادقىلا ئەھمىيەت بېرىپ، ئادەمنىڭ تەرەققىياتىغا ئەھمىيەت بېرىش يېتەرلىك بولماپتۇ، شۇ يەرلىك شەھەر ئاھالىسى ئومۇميۈزلۈك «ئىلگىرىكىگە قارىغاندا ئۆزگىرىش بولمىدى» دەپ ئىنكاس قىپتۇ. دۇڭگۇەننىڭ ئىقتىسادى ھەممەيلەننىڭ دىققىتىنى تارتقۇدەك تەرەققىي قىلغان بولسىمۇ، بىراق شەھەر ئاھالىسى «ئىلگىرىكىگە قارىغاندا ئۆزگىرىش بولمىدى» دەپ ھېس قىپتۇ. بۇ ئەھۋال «پۇل بولسىلا زامانىۋىلاشقانلىق بولمايدۇ» دېگەن كۆز قاراشنى ئىسپاتلىدى. چۈنكى، ئىقتىساد مەلۇم چەككە يەتكەندىن كېيىن، كىشىلەرنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشى، بولۇپمۇ كىشىلەرنىڭ ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا بولغان تەلىپى يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ، زامانىۋىلاشتۇرۇشقا بولغان چۈشەنچىسىدىمۇ چوڭقۇر ئۆزگىرىش بولىدۇ.

ئەمەلىيەتتە زامانىۋىلاشتۇرۇش ئەسلىدىنلا بىر جانلىق نەزەرىيە، ئوخشاش بولمىغان تارىخىي شارائىتتا ئۇنىڭ مەزمۇنىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. ماددىي ئەشيا ئىنتايىن كەمچىل دەۋرلەردە «ئېگىز بىنالار، توك، تېلېفون» قاتارلىق ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچلەر زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ ئۆلچىمى قىلىنغان. بۇنى توغرا چۈشىنىشكە بولىدۇ. بىراق ماددىي ئەشيالار ئىنتايىن مول بولغان، GDP ئومۇمىي مىقدارى دۇنيا بويىچە 2 ـ ئورۇندا تۇرۇۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، يەنىلا زامانىۋىلاشتۇرۇشنى قاتتىق ھالەتتىكى ئۆلچەم بىلەن چۈشەنسەك بۇ توغرا بولمىغان ئۇسۇل بولىدۇ.

ئىقتىسادنى قوغلاشقان زامانىۋىلاشتۇرۇش قورقۇنچلۇق ئەمەس، قورقۇنچلۇقى خاتا ھالدا ئىقتىسادنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قىلىپ قويۇشتۇر. چۈنكى نىشان ئېغىپ كەتسە، ئۇسۇل خاتا بېكىتىلىدۇ. ئۇسۇل خاتا بولغاندا ئىقتىساد تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلسىمۇ، لېكىن، زامانىۋىلاشتۇرۇش قارشى يۆنىلىشكە يۈزلىنىپ قالىدۇ.

---

ۋۇلۇگۇيى ئىمزالىقىدىكى بۇ يازما «فېلىيەتونلار» ژۇرنىلىنىڭ 2012 ـ يىللىق 1 ـ ئايلىق سانىدىن **ئابدۇۋەلى مۇسا** تەرجىمىسى

# ھازىر جۇڭگولۇقلاردا قانچىلىك بىلىم بار

جۇڭگودا ئەزەلدىن «تۆت كىتاب، بەشنامە»نى پىششىق بىلگەنلەر بىلىملىك ھېسابلىناتتى. ئەمما «تۆت كىتاب، بەشنامە» مەدەنىيەت ۋە تارىخ كىتابلىرىنىڭ جۇغلانمىسى ئىدى. لى شىجېن دورىگەرلىكنى تەتقىق قىلىپ «دورا ئۆسۈملۈكلەر قامۇسى»نى يېزىپ چىققان. جاڭ خې جۇغراپىيە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئاسمان جىسىملىرىنى كۆزىتىدىغان ئەسۋابنى ياساپ چىققان. نەتىجىسى ھەقىقىي، ئوبيېكتىپ بولسىمۇ، بىراق قەدىمكىلەرنىڭ نەزەرىدە بۇ ئىلىم ھېسابلانمىغان.

پەلسەپە يېقىنقى دەۋردىلا غەربتىن جۇڭگوغا كىرگەن بولۇپ، ئۇ ئەدەبىيات، تارىخنىڭ يىغىنچاقلىنىشى ۋە يۈكسىلىشى بولغانلىقتىن بۇلارنى ئەدەبىيات، تارىخ، پەلسەپە دەپ ئاتاشقا بولىدۇ. ھازىر مەملىكىتىمىزدىكى نۇرغۇن كىشىلەر غەرب دۆلەتلىرىنىڭ تەبىئىي پەن ئارقىلىق تەرەققىي قىلغانلىقىنى چۈشەنگەندىن كېيىن، جۇڭگو ئەدەبىياتقا، تارىخقا ئەھمىيەت بېرىپ تەبىئىي پەنلەرگە ئەھمىيەت بەرمەي ئارقىدا قالغان دەپ قارىغان. نەتىجىدە بىراقلا تەبىئىي پەنلەرگە ئەھمىيەت بېرىپ، ئەدەبىيات، تارىخ، پەلسەپىگە سەل قاراش ئەھۋالى كېلىپ چىقتى. ھېس قىلىشىمچە، نۇرغۇن غەرب دۆلەتلىرىنىڭ بۇ مەسىلىگە بولغان قارىشى جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى قارىشى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، ئەدەبىيات، تارىخ، پەلسەپىنى بىر ئىلىم دەپ ھېسابلايدىكەن.

گەرچە غەرب دۆلەتلىرىدە تەبىئىي پەنلەر جۇڭگودىن نەچچە يۈز يىل، ھەتتا 1000 يىللار بۇرۇن تەرەققىي قىلىپ ئىنچىكىلەشكەن، تەتقىقاتى ناھايىتى چوڭقۇرلاشقان، ھەممىلا ساھەدە مۇتەخەسسىس، ئالىملار يېتىشىپ چىققان بولسىمۇ، بىراق غەربلىكلەر ئەلمىساقتىن پەقەت پەلسەپىنى

بىر خىل ئىلىم، ھەقىقىي تەپەككۇر ۋە مەدەنىيەتنىڭ
يۈكسەك پەللىسى دەپ قاراپ كەلگەن. قەدىمكى گرېتسە-
يە ۋە قەدىمكى رىمدا ئەڭ دانا كىشىلەر پۈتۈن ۋۇجۇدى
بىلەن پەلسەپە تەتقىقاتىغا بېرىلگەن. ئەپلاتۇن، سوقراتلار-
دەك ئەڭ شۆھرەتلىك بىلىم ئىگىلىرىمۇ پەيلاسوپلاردۇر.
ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنىش مەزگىلىدە داۋىنچى-
نىڭ ئەسەرلىرى ھەممىنى بېسىپ چۈشكەن بولۇپ، ئۇنىڭ
ئەڭ چوڭ شۆھرىتى يەنىلا پەلسەپىنى ئۆزگە مىزان قىلى-
غانلىقىدۇر. فىرانسىيەلىك رۇسسۇ «پۇشايمان خاتىرىسى»
نى يېزىپ، نامى مەڭگۈ ئۆچمىدى. بىراق، ياۋروپالىقلار
ۋە ئامېرىكىلىقلار ئۇنى پەيلاسوپ دەپ قارايدۇ.

ئەگەر ئەڭ بۇرۇنقى نەزمىنامە دەۋرى ياكى
چۇنچيۇ، جەنگو دەۋرىدىكىلەرنى رومانتىزمچىلار ياكى غا-
يىۋىزمچىلار دەپ قارىساق، ئۇلاردا مەنپەئەتپەرەسلىك ئاز
ئىدى، چۈيۈەن بۇنىڭ ئېنىق مىسالى بولالايدۇ. بىراق
چىن شىخۇاڭنىڭ ھاكىممۇتلەقلىقىدىن باشلاپ، جۇڭگودا
مۇستەبىتلىك يېقىنقى دەۋرگىچە داۋاملاشتى. ئۇچىغا چىققان
مەنپەئەتپەرەسلىك تۇرمۇش ۋە مەدەنىيەت ئىككى بىلەن
بىرلىكتە تەرەققىي قىلدى. بۈگۈنگە كەلگەندە نۇرغۇن
كىشى باشتىن-ئاخىر مەنپەئەتنى چىقىش قىلىدىغان بولۇپ
قالدى. مەسىلەن، پەرزەنت كۆرۈش، تەربىيەلەشتەك ئەڭ
ساپ، تەبىئىي ھەرىكەتمۇ مەنپەئەت تۈسىنى ئالدى، پەر-
زەنتلەر ئاتا-ئانىلارنى پېنسىيەگە چىقىرىشتىكى كاپالەت
بولدى، ئاتا-ئانىلار پەرزەنتلىرىگە مەن سېنى تۇغۇپ تەر-
بىيەلەپ نېمە قىلىمەن؟ دېگەن سۆزنى ئەڭ كۆپ ئىشلى-
تىپ كايىپ كەلمەكتە.

بۇنداق مەنپەئەتپەرەسلىك ئەنئەنىسى، جۇڭگو مەدە-
نىيىتىنى مۇقەررەر چىرىتتى. شۇنداق قىلىپ كىشلەرنىڭ
كىتاب كۆرۈشى مەنپەئەتنى نىشان قىلدى.

كىشلەر 100 يىلغا يېقىن نامراتلىقتا دۈچ كەلگەچكە
نامراتلىقتىن قورقۇپ كەتكەنمۇ قانداق ھاياتنى ساقلاپ
قېلىش بارلىق كىشلەرنىڭ ئېڭىدىكى ئەڭ مۇستەھكەم، ئا-
قىلانە پىكىر بولدى. ئىسلاھات، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن
كېيىن كىشلەر ئاخىر دۇنيادىكى ئەڭ باي، كۈچلۈك دۆ-
لەتلەرنى ۋە جەمئىيەتنى كۆردى، ھەتتا بەزىلەر ئىگىلىك
تىكلەپ تەرەققىي قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشتى. ئەڭ مۇھە-
مى ئەزەلدىن كۆرۈلمىگەن ئىلغار پەن-تېخنىكىلارنى چۈ-
شەندى، ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش، تەبىئىي پەن ۋە سانائەت
پەنلىرىنى ئۆگىنىش، ئىلمىي ئۇنۋان ئېلىش، ئىگىلىگەن
تېخنىكىلار ئارقىلىق ئۆزىنىڭ تۇرمۇشى، ئىجتىمائىي ئور-
نىنى ئۆزگەرتىش كىشلەر پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئىنتىلى-
دىغان نىشان بولۇپ قالدى. بۇنىڭ بىلەن ئىلگىرىكى
كىتاب ئوقۇش ئەنئەنىسى پەن-تېخنىكا ئۆگىنىشكە ئۆز-
گەردى، ئەدەبىيات، تارىخ، پەلسەپە ئومۇميۈزلۈك كېرەك-
كە كەلمەيدىغان ئىلىم دەپ قارالدى.

نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت بىزگە شۇنى ئۇقتۇردىكى يۇ-
قىرى دەرىجىلىك باشقۇرۇش قاتلىمىدىكىلەر مەلۇم بىر
تۈردىكى كونكرېت كەسىپ بىلەن شۇغۇللانماستىن، بەلكى
ئادەم باشقۇرىدۇ. دۆلەت رەھبىرى بولغانلارمۇ ئەسلىدى-
كى كەسپى مەيلى مېخانىكا، مەيلى ئېلېكتىر كۈچى، مەيلى
گېئولوگىيە ياكى MBA بولسۇن، ئۇلارنىڭ ئانچە رولى
بولمايدۇ. بۆلۈم باشلىقى بولسىمۇ باشقارما باشلىقى، ھاكىم
بولسىمۇ ئادەم باشقۇرىدۇ. بىر پارچە چېرتيوژ لايىھە-
لەش، بىر مېخانىكا مەشغۇلاتى بىلەن شۇغۇللىنىش، بىر
ئوپېراتسىيەنى تاماملاش، بىر يۈرۈش كومپيۇتېر پىروگ-
راممىسىنى تۈزۈپ چىقىش، بىر پارچە مالىيە دوكلات جەد-
ۋىلىنى يوللاش، بىر پارچە يەرنىڭ گېئولوگىيەلىك قۇرۇل-
مىسىنى بۇرغىلاپ تەكشۈرۈشكە سېلىشتۇرغاندا، باشقۇ-
رۇش خىزمىتى مۇرەككەپ، قىيىنلىق دەرىجىسى چوڭ ۋە
مۈشكۈل ئىش. باشقىلارنى تولۇق ھەم مۇكەممەل چۈشى-
نىپ ئۇلارنى تىزگىنلەپ، ئۇتۇق قازانغان باشقۇرغۇچى
بولۇش ئەڭ قىيىندۇر. پەقەت كىشلەر قەلبىنى توغرا چۈ-
شەنگەندىلا، ئاندىن ياخشى باشقۇرغىلى بولىدۇ. بىراق كى-
شىلەرنىڭ قەلبىنى توغرا چۈشىنىش ئۇنداق ئاسان ئىش
ئەمەس. بۈگۈنگە قەدەر ئادەمنىڭ ئىدىيەسى ۋە ھېسسىيا-
تىنى ھەرقانداق ئىلىم تەتقىق قىلىپ، يېتەرلىك بىر نەتىجى-
گە ئېرىشەلمىدى.

ئەدەبىيات، تارىخ، پەلسەپە ئادەمنى تەتقىق قىلىدۇ.
ئادەمنىڭ ئىدىيەسى، ھېسسىياتى ۋە روھىي دۇنياسىنى
تەتقىق قىلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئەڭ يۇقىرى دەرىجى-
لىك پەن، ئەڭ سىرلىق ئىلىم ھېسابلىنىدۇ. قەدىمكى گى-
رېتسىيە ۋە قەدىمكى جۇڭگودىن باشلانغان دۇنيا مەدەنى-
يىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە ئاستا-ئاستا ئۆزگىرىشىمۇ ئە-
دەبىيات، تارىخ، پەلسەپە يۆنىلىشى بويىچە بولغان، بۇ ھا-

زىرمۇ ئۆزگەرمەيدۇ، كەلگۈسىدىمۇ ئوخشاش بولىدۇ. ئەدەبىياتنى تەتقىق قىلغانلىق ئادەمنى تەتقىق قىلغانلىق؛ تارىخنى تەتقىق قىلغانلىق ئادەمنى تەتقىق قىلغانلىق؛ پەلسەپىنى تەتقىق قىلغانلىق ئادەمنى تەتقىق قىلغانلىق بولىدۇ. ئادەمنىڭ پسىخىكىسى، ئىدىيەسى، ھېسسىياتىنى تەتقىق قىلغانلىق بولىدۇ.

ئەدەبىياتنى، تارىخنى، پەلسەپىنى چۈشەنمىگەنلىك ئادەمنى چۈشەنمىگەنلىك بولىدۇ. ئادەمنى چۈشەنمىگەندە ئۇتۇق قازانغان باشقۇرغۇچى بولالمايدۇ. جەمئىيەتنى مۇۋەپپەقىيەتلىك باشقۇرالمايدۇ. مەيلى دۆلەت رەھبىرى بولسۇن، مەيلى كارخانىلارنىڭ باش لىدىرى بولسۇن، مەيلى تېخنىكا نازارەتچىسى بولسۇن ۋە ياكى باشقارما باشلىقى، ھاكىم بولسۇن تارىخ ۋە پەلسەپە جەھەتتىكى ئاساسىي بىلىمى كەمچىل بولسا، ئەدەبىياتتىكى تەسەۋۋۇر قىلىش كۈچى ۋە ئۆزلەشتۈرۈش ئىقتىدارى كەمچىل بولسا يانچۇقىغا بىر نەچچە MBA ياكى دوكتورلۇق ئۇنۋانى سېلىۋالغان بىلەنمۇ ياخشى باشقۇرغۇچى بولالمايدۇ، ئۆز خىزمىتىنى ياخشى قىلالمايدۇ.

شىن نىڭ ئىمزالىقىدىكى بۇ يازما «فېلىيەتونلار» ژۇرنىلىنىڭ 2012-يىللىق 1-كېيىنكى يېرىم ئايلىق سانىدىن **ئابدۇۋەلى مۇسا** تەرجىمىسى

---

تىلماچ: كەلپىن ناھىيەلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئىشخانىسىدىن.

# رەھبەرلەرنىڭ خىزمەتلەرنى كۆزدىن كۆچۈرگىلى كەلگىنىگە رەھمەت

مەلۇم يىلى مەلۇم ئاينىڭ مەلۇم كۈنى، ئۆلكىنىڭ رەھبەرلىرى خىزمەتلەرنى كۆزدىن كۆچۈرگىلى كەلدى. ناھىيەلىك پارتكوم، ھۆكۈمەت بىر قاتار ئاكتىپ تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ناھىيەنىڭ قىياپىتىنى تۈپتىن يېڭىلىدى. شۇنىڭ بىلەن مۇنداق ماختالدى:

**شەھەر ئاممىسى:** رەھبەرلەرنىڭ كەلگىنىگە رەھمەت. نەچچە يىلدىن بۇيان بىزنى ئاۋارە قىلىۋاتقان قالايمىقان، مەينەتچىلىك مەسىلىلىرى بىر كېچىدىلا تۈپتىن ھەل بولدى، قالايمىقان ماشىنا توختىتىدىغان، قالايمىقان ياپما ئاچىدىغان، نەرسىلەرنى قالايمىقان قويىدىغان ھادىسىلەر بىردەمدىلا يوق بولدى. ھازىر كوچىلاردا ئازادە ماڭالايدىغان بولدۇق. ئەسلىدە مېنىڭ ئۆيۈمنىڭ ئالدىدىكى ئەخلەتلەرنىڭ سېسىق پۇرىقى ئەتراپنى بىر ئالاتتى، ئىنكاس قىلغان بولساقمۇ نەچچە يىلدىن بېرى ھېچكىم ھەل قىلىپ بەرمىگەنىدى، بۇ قېتىم ئاشۇ ئەخلەتلەر بىر كېچىدە يوقالدى! تۇيۇقسىز غەيرىي پۇراقنى پۇريالماي قالسا، كىشى كۆنەلمىگەندەك بوپقالىدىكەن.

**ئوقۇغۇچىنىڭ ئاتا-ئانىسى:** بۇ ھەپتىنىڭ ئاخىرى مەكتەپ تۇيۇقسىز دەرس تولۇقلىماقچى بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەقسىز. ئەسلىدە رەھبەرلەر كۆزدىن كۆچۈرگەنىكەن، شۇڭا چۈشتە كېچىكپىرەك قويۇپ بەردى. شۇ كۈنى بالام ئۆيگە كېلىپلا قورسىقىم ئاچتى دەپ تاماقنى خېلى كۆپ يېدى، ئەگەر يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلەر كۈندە كەلگەن بولسا نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى-ھە. بالىنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە باللارغا تاماق يېيىش تەربىيەسى بېرىمىز، دەپ ئاۋارە بوپ يۈرمەيتتۇق، غەمدىن قۇتۇلاتتۇق.

**كىچىك ئاشپۇزۇل غوجايىنى:** ئادەتتە سەھەر تۇرۇپ كەچكىچە ئاشخانا ئېچىپ ھېرىپ جېنىم يېنىمدا قالاتتى. ئارام ئالغۇدەك پۇرسىتىمۇ يوق ئىدى، بۇ قېتىم ئۆلكە رەھبەرلىرى كېلىپ خىزمەت تەكشۈرۈپتۇ. ناھىيەدىن ئاشخانامنىڭ تازىلىقى ناچار، ناھىيەنىڭ ئوبرازىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ، ئىككى كۈن تاقاڭلار، دېدى. تاقىسام تاقىدىم، ئاران بىر پۇرسەتتە ئارام ئېلىۋالاي، تەن ساق بولسا تېخىمۇ كۆپ پۇل تاپقىلى بولىدۇ-دە، بۇ قېتىم يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرنىڭ كەلگىنىنىڭ پايدىسى بولدى.

**رېستوران غوجايىنى:** رەھبەرلەر كەلدى دېگەنلىك پۇل كەلدى دېگەنلىك، ناھىيەدىن رېستورانىمىزدا يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلەرنى كۈتۈۋالغۇدەك، بۇنداق ئوبدان پۇرسەتنى چىڭ تۇتمىسام بولمايدۇ.

**بۆلۈم باشلىقىنىڭ خوتۇنى:** يولدىشىم نەچچە كۈندىن بۇيان باشقىچىلا بىر ئادەم بوپ قالدى دېسە، ئۇلگىرى ئۆزىنىڭ ئىستىقبالىغا ئازراقمۇ ئىشەنچىسى يوق ئىدى. بىراق بۇ قېتىم كەلگەن يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ ماختىشىغا ئېرىشكەندىن كېيىن، يول ماڭسا بەك روھلۇق ماڭىدىغان بولۇپ كەتتى. يەنە تېخى بۇنىڭدىن كېيىن يەنىمۇ قاتتىق تىرىشىپ، ھاراق ئىچىش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، كېلەر قېتىمقى نۆۋەت ئالمىشىش سايلىمىنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرىمەن! دەيدۇ، بۇنىڭ ھەممىسى رەھبەرلەرنىڭ كەلگەنلىكىنىڭ شاپائىتى ئىدى. مەن رەھبەرلەرگە چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن، ھەم رەھبەرلەرنىڭ دائىم كېلىپ تۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

**ئوقۇغۇچى:** شىن چىچى: «بالا تۇغساڭ سۈن جۇڭمۇۋدەك تەربىيەلە» دەپتىكەن. سۈن جۇڭمۇۋ نېمىگە ھېساب! شياڭ يۇمۇ بۇرۇن مۇپەتتىشلىككە چىققان چىن شىخۋاڭغا ھەۋەس قىپتىكەن، يەنە تېخى «دەۋر ئالمىشىدۇ» دەپتۇدەك. چىن شىخۋاڭنىڭ «يولدىكىلەرنى قوغلىۋېتىشى»، «كوچىلارنىڭ جىمجىت خالىي بولۇشى»نىڭ ھەيۋىسى ساقچى ماشىنىلىرىنىڭ يول ئېچىشىدەك بولالامتى؟ سەككىز پۈتلۈق مەپىدىن ئالىي دەرىجىلىك پىكاپ راھەت ئەمەسمۇ؟ قارىغاندا جاپاغا چىداپ ئۆگىنىپ، كېيىن ئەمەلدار بولسام ھەممە نەرسەم تەل بولغۇدەك!

**ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى:** بۇ قېتىم ئۆلكە رەھبەرلىرى ئۆيۈمگە 200 يۈەن پۇل، ئىككى خالتا ئۇن ئېلىپ كەپتۇ، ناھىيەنىڭ ھاكىممۇ مېنىڭ ئالدىمدا رەھبەرلەرگە ئىشقا ئورۇنلىشىش مەسىلەمنى تېزرەك ھەل قىلىپ بېرىدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە بەردى، مەن تەڭرىگە، رەھبەرلەرگە رەھمەت ئېيتىمەن.

**باقمىچىلىق مەخسۇس ئائىلىسى:** جاڭسەن دېگەن خومېر بۇ قېتىم زىيانىنىڭ چوڭىنى تارتتى! بۇرۇن مەن ئۇنىڭغا 200 يۈەن تەڭلەپ نەسىللىك كالىسنى ئىنىكىمنى نەسىللەندۈرۈپ قويۇشنى ئېيتسام ئۇنىمىغانىدى، بۇ قېتىم ئۆلكىدىن كەلگەن رەھبەرلەر كەنتىمىزدە خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى، يېزا باشلىقى كەنتىمىزنىڭ كالا بېقىش كۆلىمىنى «كېڭەيتىش» ئۈچۈن جاڭسەننىڭ ھەممە كالىسىنى مېنىڭ ئېغىلىمغا ئەكىرىپ قويدى، بۇ قىيىن مەسىلەم ئويلىمىغان يەردىن ئاسانلا ھەل بولۇپ قالدى، بۇنىڭ ھەممىسى رەھبەرلەرنىڭ تەكشۈرۈشكە كەلگەنلىكىنىڭ پايدىسىدە!

**كوچىدىكى سەرگەردان:** ھاھا! رەھبەرلەر تەكشۈرۈشكە كەلسە بىزنىڭ ئومۇمنىڭ پۇلىغا قىلىدىغان ساياھىتىمىز يەنە باشلىنىدۇ، شۇ جايدىكى ھۆكۈمەت بىزنى باشقا شەھەرلەرگە ئاپىرىۋېتىدۇ، ئومۇمنىڭ پۇلىغا ساياھەت قىلمىز ئەمەسمۇ؟ بۇ جەھەتتە بىز ئاشۇ باشلىقلار بىلەن ئوخشاش بەھرىمەن بولىمىز.

**كونىلىق تەرەپدارلىرى:** ئەمەلدار دېگەن ئەمەلدار، پۇقرا دېگەن پۇقرا؛ ئەمەلدار دېگەن ئۈستۈن تۇرىدۇ، پۇقرا دېگەن تۆۋەن تۇرىدۇ. بۇ دېگەن قىل سىغمايدىغان ھەقىقەت! بەزىلەر تېخى ئۆزىچە قانداقتۇ دېموكراتىيە ئۈستىدە مۇنازىرىلىشىدىكەن، يەنە تېخى ئامېرىكا زۇڭتۇڭىنىڭ تۆۋەنگە چۈشۈپ خىزمەتلەرنى تەكشۈرگەندە، شۇ يەردىكى پۇقرالار نېمە قىلغۇسى كەلسە شۇنى قىلىشىدىكەن دېيىشىدىكەن، قۇرۇق گەپ! ئەگەر تەرتىپ بولمىسا جاھان مالىمان بولۇپ كەتمەمدۇ؟

ۋاڭ دوڭ ئىمزالىقىدىكى بۇ ئەسەر «فېلىيەتونلار ئايلىق ژۇرنىلى»نىڭ 2012 - يىلى 12 - ئايلىق ئالدىنقى سانىدىن **ئەلجان تۇرسۇن** تەرجىمىسى

---

تىلماچ: قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيەلىك ماتارىپ ئىدارىسىنىڭ كادىرى.

# قانچە دېھقان بىر «ئەمەلدار» بىلەن تەڭ بولالايدۇ؟

«باراۋەر بولۇش»، «ئادىل بولۇش» تېمىسىدىكى گەپ - سۆزلەرنىڭ كۆپلۈكىدىن قۇلاقلارغا سىڭىش بولۇپ كەتتى. ھەتتا بۇنداق پاراڭلار كىشىلەردە ھېچقانداق قىزىقىش قوزغىيالمايدىغان دەرىجىگە بېرىپ يەتتى. ئەمما جۇڭگونىڭ ئىجتىمائىي كاپالىتى توغرىسىدىكى بىر قېتىملىق سۆھبەت ۋە بىر يۈرۈش سانلىق مەلۇماتلارنى كۆرگەن ھەرقانداق ئادەم يەنىلا ئۇنىڭدىن قاتتىق چۆچۈمەي ۋە «باراۋەرسىزلىك» ھېس قىلماي قالمايدۇ.

جۇڭگونىڭ ئىجتىمائىي كاپالەت تۈزۈمى يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىۋاتىدۇ. ئەسلىدە ئۇ «ئەڭ گۈزەل رەسىملەرنى

سىزىپ چىققىلى بولىدىغان بىر ۋاراق «ئاق قەغەز» ئىدى. لېكىن «ئەمەلدارلىق»تۈسى كۈنسېرى قويۇقلىشىۋاتقان تۈزۈلمە ۋە مۇھىت ئاستىدا، بۇ «ئاق قەغەز»گە جاھاندا «مىسلى كۆرۈلمىگەن، پەقەت بىزگىلا خاس بولغان»، «بىر دۆلەتتە تۆت خىل تۈزۈم» بولۇش شەكلىدىكى ئاجايىپ تەڭپۇڭسىزلىق «سىزىپ» چىقىلدى. «جەنۇب شەھەرلەر ھەپتىلىك ژۇرنىلى» مۇنداق خەۋەر قىلىدۇ: «نۆۋەتتە دۆلىتىمىزنىڭ ئىجتىمائىي كاپالەت تۈزۈمى تۆت دەرىجىگە ئايرىلغان. 1 ـ دەرىجىدىكىلەر ئەمەلدارلار، مەمۇرلار ۋە بىر قىسىم كەسپىي ئورۇنلارنىڭ خادىملىرى بولۇپ، ئۇلار مالىيەدىن پۇل ئاجرىتىلغان ياشانغاندا بېقىلىش، ھۆكۈمەت پۇلىغا داۋالىنىش، ھەتتا ھۆكۈمەت پۇلىغا كۆتۈنۈشتەك ئەۋزەل تەمىناتتىن بەھرىمەن بولىدۇ؛ 2 ـ دەرىجىدىكىلەر ئادەتتىكى شەھەر ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرى بولۇپ، شەخسلەر بىلەن كارخانا بىر قىسمىدىن سۇغۇرتا پۇلى تاپشۇرسا، شەخسلەر ھېساباتىغا بىر تۇتاش غەملەنگەن ئىجتىمائىي فوند قوشۇپ بېرىلىدۇ؛ 3 ـ دەرىجىدىكىلەر يېزا نوپۇسىدىكىلەر، 4 ـ دەرىجىدىكىلەر دېھقانلار ۋە دېھقان ئىشلەمچىلەر بولۇپ، ياشانغاندا بېقىلىش ۋە ھەمكارلىشىپ داۋالىنىشقا قاتنىشىدۇ. ئۇنداقتا « 1 ـ دەرىجىدىكىلەر» بىلەن « 4 ـ دەرىجىدىكىلەر» ئوتتۇرىسىدىكى پەرق زادى قانچىلىك؟ يەنە مۇشۇ خەۋەردە مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئەمەلدارلار مەمۇرىي دەرىجە پەرقىگە ئاساسەن ئالاھىدە ئىجتىمائىي كاپالەتتىن بەھرىمەن بولىدۇ. ئۇلار مەيلى خىزمەتتە بولسۇن ياكى خىزمەتتىن ئايرىلسۇن، ئۇلارنىڭ يۇقىرى پاراۋانلىق تەمىناتى ئۆلگىچە داۋاملىشىدۇ، يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلار خىزمەتتىن ئايرىلغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ كاتىپ، مۇھاپىزەتچى، شوپۇر، ئاشپەز، ئۆي خىزمەتچىسى، مەخسۇس ماشىنا، ئولتۇراق ئۆي ۋە داۋالىنىش جەھەتتىكى تەمىناتلىرى بىردەك ئۆزگەرمەيدۇ.» سانلىق مەلۇماتلاردىن مەلۇم بولۇشىچە، دەم ئېلىشقا، پېنسىيەگە چىققان يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلار مېھمانخانا شەكلىدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلار كېسەلخانىسى ۋە كادىرلار ساناتورىيەلىرىنى ئۇزاق يىلغىچە ئىگىلىۋېلىپ، مەملىكەت بويىچە مالىيەدىن چىقىم قىلىنغان سەھىيە راسخوتىنىڭ 80%تىن كۆپرەكىنى سەرپ قىلىۋەتكەن. ۋەھالەنكى، 4 ـ دەرىجىدىكى دېھقانلار، دېھقان ئىشلەمچىلەر پەقەت ئەڭ تۆۋەن ئىجتىمائىي كاپالەتتىن بەھرىمەن بولالىغان. ھەتتا بۇنىڭدىنمۇ مەھرۇم قالغان. سانلىق مەلۇمات تەتقىقاتىدىن قارىغاندا، 1991 ـ يىلىدىن 2000 ـ يىلىغىچە مەركەز ھەر يىلى ئاجرىتىپ بەرگەن يېزا ھەمكارلىشىپ داۋالىنىش راسخوتى ئاران 5 مىليون يۈەن بولغان. يەرلىك ھۆكۈمەت يەنە 5 مىليون يۈەن قوشقان. بۇنى پۈتۈن مەملىكەتتىكى دېھقانلارغا چاچقاندا ھەر يىلى ھەر بىر ئادەمگە، تەخمىنەن بىر پۇڭدىن توغرا كەلگەن، بۇ زادى قانداق بىر ئۇقۇم ۋە رېئاللىق؟

بۇ يەردە «مەملىكەت بويىچە مالىيەدىن چىقىم قىلىنغان سەھىيە راسخوتىنىڭ 80%تىن كۆپرەكىنى سەرپ قىلىۋەتكەن «دەم ئېلىشقا، پېنسىيەگە چىققان يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلار»نى قويۇپ تۇرۇپ، ئادەتتىكى ئەمەلدارلارنىلا مىسالغا ئېلىپ كۆرەيلى، يەنە ئۇلارنىڭ ئىشخانا، ئولتۇراق ئۆي ۋە تۇرمۇش قاتارلىق تەرەپلەردىكى مۇقىم ۋە ئەۋزەل شارائىتىنى قويۇپ تۇرۇپ، پەقەت ياشانغاندا بېقىلىش پۇلى ۋە ھۆكۈمەت پۇلىغا داۋالىنىش ئۈستىدە توختىلىپ باقايلى، ئادەتتىكى بىر ئەمەلدارنىڭ ئايلىق پېنسىيە مائاشىنى 2000 يۈەندىن 3000 يۈەنگىچە بولىدۇ دەپ ھېسابلىغاندا بىر يىلدا 24 مىڭ يۈەندىن 36 مىڭ يۈەنگىچە بولىدۇ. ئەگەر بۇ ئەمەلدار ئېغىرمۇ ئەمەس، يېنىكمۇ ئەمەس بىر كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ، 26 مىڭ يۈەندىن 64 مىڭ يۈەنگىچە ھۆكۈمەتنىڭ دۋالىنىش خىراجىتىنى خەجلىۋەتسە، ئۇنىڭغا بىر يىلدا مالىيەدىن چىقىم قىلىنغان خىراجەت جەمئىي 50 مىڭ يۈەندىن 100 مىڭ يۈەنگىچە بولىدۇ. يۇقىرىقى خەۋەردە بېرىلگەن سانلىق مەلۇماتلارغا ئاساسەن، مەملىكەت بويىچە ھەر بىر دېھقاننىڭ ھەر يىلى بەھرىمەن بولىدىغان مالىيە كاپالەت راسخوتىنى بىر پۇڭ دېسەك، بۇ، دۆلەتتىن ھېچقانداق ياشانغاندا بېقىلىش كاپالىتى بېرىلمىگەن 5 مىليوندىن 10 مىليونغىچە دېھقان بەھرىمەن بولغان مالىيەدىن بېرىلگەن داۋالىنىش پۇلى بىر ئادەتتىكى ئەمەلدار بىلەن تەڭ بولىدۇ، دېگەنلىك بولامدۇ ـ قانداق؟ يۇقىرىدا دېيىلگەن كىرىم سەۋىيەسىدىكى ئەمەلدار بىر يىل ئىچىدە ھېچقانداق داۋالىنىش راسخوتىدىن بەھرىمەن بولمىغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ بىر يىل ئىچىدە بەھرىمەن بولغان مالىيەدىن بېرىلگەن ياشانغاندا بېقىلىش پۇلىمۇ 2 مىليون 400 مىڭدىن 3 مىليون 600 مىڭغىچە دېھقان بىلەن تەڭ بولىدۇ.

بىز جۇڭگونىڭ ئۆزىگە خاس دۆلەت ئەھۋالى بارلىقىنى ئېتىراپ قىلىمىز. بىزدە «چاكار» دەيدىغان بىر گەپ

بار. ئەگەر يۇقىرىقى ئەھۋاللار ئۆزگەرتىلمىسە، «چاكار»
دېگەن بۇ سۆز مازاق قىلىش تۈسىنى ئالغان «قارا يۇمۇر»
غا ئايلىنىپ قالغاندىن باشقا، پۇقرالارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا
پەقەت كۆڭلىنى خۇش ئېتىدىغان تەسەللى بولۇپ قالىدۇ
خالاس. يەنى، رېئال دۆلەت ئەھۋالى ئاستىدا «چاكار»
دەپ مازاق قىلىش تەلەپپۇزىدا تىلغا ئېلىنغان ئەمەلدارلارغا
نىسبەتەن مۇقىم بولغان ئىمتىيازلاردىن بەھرىمەن بولۇشنى
«مەۋجۇت بولغانىنىڭ ئۆزىلا ئەقىلگە مۇۋاپىق» دېمەي بول-
مايدۇ. ۋەھالەنكى، ئۇلارنىڭ ئىمتىيازى ھازىرقىدەك «كا-
پالەتكە ئىگە بولۇپ» ئىسلاھ قىلىنمىسا، داۋاملىق كۆپەيتە-
لىپ ئازايتىلمىسا، ھەتتا ئۇلار بىلەن جەمئىيەتتىكى باشقا تە-
بىقە، بولۇپمۇ مەملىكەت بويىچە ئەڭ چوڭ نىسبەتنى ئىگىلە-
گەن دېھقانلار ئوتتۇرىسىدىكى ئاساسىي پەرق كېڭىيىپ
مۇشۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتسە، بىز مەدھىيەلەپ يۈرگەن
«سوتسىيالىزمنىڭ ئەۋزەللىكى» ئەمەلدارلاردىن ئىبارەت
ئىنتايىن ئاز ساندىكى كىشىلەرگىلا مەركەزلىشىپ قالغان بول-
مامدۇ؟ بۈگۈنكى كۈندە ئەمەلدارلارغا قارىتىلغان جامائەت
پىكرى بارغانسېرى كۆپىيىپ كەسكىنلىشىۋاتىدۇ. بەزىلەر
بۇنى «ئەمەلدارلارغا ئۆچمەنلىك قىلىش» دەپ مەسخىرە
قىلىشىۋاتىدۇ. ئەمما ئىنكار قىلغىلى بولمايدىغان ئەمەلىيەت
شۇكى «ئەمەلدارلارغا ئۆچمەنلىك قىلىش» بىلەن بىللە،
ھەر يىلى مەمۇرلۇققا خادىم قوبۇل قىلغاندا تۈمەن مىڭلىغان
كىشىلەرنىڭ «بىر ئورۇننى تالىشىۋاتقانلىقىدەك ئەمەلىيەت
كىشىلەرنىڭ ئەمەلدارلىققا ئىنتىلىۋاتقان»لىقىنى ئىسپاتلاپ بې-
رىۋاتىدۇ. مەيلى «ئەمەلدارلارغا ئۆچمەنلىك قىلىش»
بولسۇن، ياكى «ئەمەلدارلىققا ئىنتىلىش» بولسۇن ئۇنىڭ
ئارقا كۆرۈنۈشى بىرلا، يەنى قانۇنسىز تاپاۋەت، چەك-
چېگراسىنى ئايرىش قىيىن بولۇۋاتقان خىيانەتچىلىك، چىرىك-
لىشىش، شۇنداقلا «كۆل رەڭ كىرىم» قاتارلىقلاردىن
باشقا، تۈزۈلمە ئىچىدە ئەمەلدارلارغا ئايرىپ بېرىلگەن نې-
سۋىنى ئادەتتىكى پۇقرالار بىلەن سېلىشتۇرغاندا پەرق بار-
غانسېرى زورىيىپ كەتتى. شۇنداقتىمۇ، ھازىرغا قەدەر ئە-
مەلدارلارغا قارىتىلغان جامائەت پىكرىدە مەلۇم بولغان
سانلىق مەلۇماتلار، مەسىلەن: ئومۇمنىڭ پۇلىغا قىلىنىۋاتقان
ئۈچ خىل ئىستېمال، ھۆكۈمەت بىنا سېلىش، ئولتۇراق
ئۆي پاراۋانلىقى، ھەرخىل تولۇقلىما ياردەملەرنىڭ ھەممە-
سى باشتىن - ئاخىر قۇياش نۇرى ئاستىغا يوشۇرۇنغان
ھالدا يېرىم ئاشكارا ئېلىپ بېرىلىۋاتسا، كىشىلەر ئادىللىق
ۋە باراۋەرلىكنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىدىن گۇمانلانماي
قالامدۇ؟

ھەممە ئىشنىڭ چېكى بولۇشى كېرەك. ئەمما ھازىرقى
ئەمەلىيەت شۇكى، بىر تەرەپتىن بىز «يەر سېتىشقا تايانغان
مالىيە» ۋە شىددەت بىلەن ئۆرلەۋاتقان ئۆي باھاسىغا تايە-
نىپ، مالىيە كىرىمنىڭ ئېشىش نىسبىتىنى تىرەپ تۇرۇۋاتى-
مىز. يەنە بىر تەرەپتىن، ھۆكۈمەت «باي» بولغاچقا ئاشكارا
ۋە يوشۇرۇن مالىيە چىقىملىرى ئارقىلىق پەقەت ئەمەلدار-
لارنىڭلا كۆڭلىگە ياقىدىغان، پۇقرالار لەنەت قىلىدىغان ئە-
مەلدارلار بىلەن پۇقرالار ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى كەلتۈرۈپ
چىقىرىۋاتىدۇ. تەسەۋۋۇر قىلىپ باقايلى، يەر ھامان سېتىلىپ
تۈگەيدۇ. «كۆپۈك»نىمۇ مەڭگۈ پۈۋلەپ چوڭايتىۋەرگىلى
بولمايدۇ. شۇنداق بىر كۈن كېلىپ، بۇ «پىشاڭ» ئارقىلىق
تىرەپ تۇرغان مالىيە باجىنىڭ ئېشىش نىسبىتى قايتا مەۋجۇت
بولمىغاندا، تۈزۈلمە تەرىپىدىن ئەتىۋارلىنىپ كۆككە كۆتۈ-
رۈلگەن ئەمەلدارلارنىڭ ھالى نېمە بولار؟

يى يەن ئىمزالىقىدىكى بۇ يازما «فېلىيەتونلار ئايلىق ژۇرنى-
لى»نىڭ 2010 - يىلى 7 - ئاينىڭ كېيىنكى يېرىم ئايلىق سانى-
دىن **ئەخمەتجان مامۇت** تەرجىمىسى

---

تىلماچ: پەيزاۋات ناھىيەلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى-
نىڭ پېنسىيونېرى

# «ئادىمىي ئەمەلدار» بولغاندىلا پۇقرالار «ئەسكى ئەمەلدار» دەپ تىللىمايدۇ

بۇ تېمىنى ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بې-
يۇروسىنىڭ ئەزاسى، گۇاڭدۇڭ ئۆلكىلىك پارتكومنىڭ شۇ-
جىسى ۋاڭ ياڭ سۆزلىگەن، ئۇنىڭ ئەسلىي سۆزىنىڭ
تولۇق ئاتىلىشى مۇنداق: رەھبىرىي كادىرلار «ئادىمىي
ئەمەلدار» بولۇشى كېرەك، ھەرگىز پۇقرالار تىللايدىغان
«ئەسكى ئەمەلدار» بولماسلىقى لازىم.

بۇ گەپنى ئۇ ھەرگىزمۇ ئۆزئارا پاراڭلىشىپ ئولتۇ-
رۇپ ياكى ئاچچىقىدا ئادەم تىللىغاندا دېگەن بولماستىن

بەلكى بۇ يىل 1 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى يېپىلغان ج ك پ
گۇاڭدۇڭ ئۆلكىلىك كومىتېتىنىڭ 10 ـ نۆۋەتلىك 11 ـ
سانلىق ئومۇمىي يىغىنىنىڭ يېپىلىش چوڭ يىغىنىدا دېگەن،
ئەگەر بۇنىڭغا ئىشەنمىسىڭىز نوپۇزلۇق ئورگانلار ئېلان
قىلغان سۆز تېكىستى، سۈرەت، تېلېۋىزىيە، سىنئالغۇلاردىن
تەكشۈرۈۋالسىڭىز بولىدۇ، ۋالڭ يالڭ «خەلققە بەخت ئاتا قىلـ
غۇچىلاردىن بولايلى» دېگەن تېمىدا سۆزلەپ، رەھبەرلىك
بەنزىسى ۋە كادىرلار قوشۇن قۇرۇلۇشى ئۈستىدە توختىلىپ،
«ئادىمىي ئەمەلدار» بىلەن «ئەسكى ئەمەلدار» مەسىلىسىگە
چېتىپ، بۇنى تەدرىجىي كېڭەيتىش، قاتلاممۇقاتلام ئالغا
سۈرۈپ، يىراقنى كۆزلەپ، پۇختىدىن چىققىچە سۆزلىگەن.

يۇقىرى دەرىجىلىك بىر ئەمەلدارنىڭ ئەمەلدارلارنى
«ئەسكى ئەمەلدار» دەپ تىللىشى، ناھايىتى ئاز كۆرۈلىدىـ
غان يېڭى ئىش بولۇپ، يېڭى يىلدا يۈز بەرگەن يېڭى
ئىستىل، يېڭى ئىشتۇر. ۋالڭ يالڭ شۇجى خەلقنىڭ ئەھۋالـ
نى، رايىنى پىششىق بىلگەچكە تىياتىر سەھنىلىرىدىكى ۋە
قەدىمىي ھېكايىلەردە داۋاملىق ئۇچراتقىلى بولىدىغان، ھاـ
زىرقى زاماندا ئاددىي پۇقرالار، ئاجىزلار تويېي ئاغزىدىن
چىقىدىغان «ئەسكى ئەمەلدار» دېگەن تىلنى دوكلاتتا ئىشـ
لىتىشى كىشىنى تولىمۇ تەسىرلەندۈرىدىغان ناھايىتى ئوبـ
رازلىق ئوخشىتىشتۇر.

بىراق ھازىر كۆز ئالدىمىزدا «ئەسكى ئەمەلدار»لارـ
نىڭ ھەممىلا يەردە چىقىشى مۇنازىر تەلەپ قىلمايدىغان
پاكىت. ئالدىنقى بىر مەزگىل ئىچىدە گۇيجۇدىكى ۋىلڭ
ئەن، يۈننەندىكى مۇڭ ليەن ۋە يېقىندا گۇاڭدۇڭدا چىققان
ۋۇكۇندىكى ۋەقەلەرنىڭ ھەممىسىنى «ئەسكى ئەمەلدار»ـ
لار پەيدا قىلغان، پۇقرالارغا زىيان يەتكۈزۈش، مۇقىملىققا
تەسىر كۆرسىتىدىغان ئېغىر ۋەقەلەردۇر. بىراق خەلققە باـ
لايىئاپەت كەلتۈرىدىغان ئاشۇنداق ئېغىر ۋەقەلەرنى كەلتۈـ
رۈپ چىقارسىمۇ يەنە بەزىلەر تېخى ئۇنى «ئايرىم
ئەھۋال» ۋە «ئاز سانلىق» دەۋاتىدۇ.

ئاشۇنداق ھەيۋەتلىك پارتىيە يىغىنىدا «ئەسكى ئەـ
مەلدار» دېيىش ۋالڭ ياڭنىڭ بىر تەرەپلىمىلىكنى پۈتۈنـ
لۈك دەپ قارىغىنى، قۇرۇق گەپ سېتىپ كىشىلەرنى ئاغـ
زىغا قاراتقىنى ۋە ياكى قوپاللىق بىلەن سۇبيېكتىپ قارىشى
بويىچە ھۆكۈم چىقارغىنىمىدۇ؟ ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس،
ۋالڭ ياڭنىڭ ئاشكارىلىشىچە: يېقىنقى يىللاردىن بۇيان
گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىدىكى ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈـ
رۈش، مەمۇرىي تەپتىش ئورگانلىرى تۇرغۇزغان دېلو
200 مىڭ 59 پارچە، چارە كۆرگىنى 19 مىڭ 807 كىشى
بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيە (باشقارما) دەرىجىلىكتىن
يۇقىرى كادىر 958 نەپەر، نازارەت، ئىدارە دەرىجىلىك
كادىر 135 نەپەر ئىكەن، يۇقىرىقى ئەمەلدارلارنىڭ دېلوـ
سىنى ئېلان قىلغاندا ئۇ دېلولارنىڭ قايسىبىرى كىشىنى
چۆچۈتمىدى؟ قايسىبىرى كىشىنىڭ غەزىپىنى قوزغىمىدى؟
ۋە ياكى ساددىلىق بىلەن ياكى قەستەنلىك بىلەن «مۇتلەق
كۆپ ساندىكى كادىرلار ياخشى ۋە بىر قەدەر ياخشى»
دېگەن تەپەككۇرنىڭ يۈت تىرەپ تۇرالمايدىغانلىقىنى ئىسـ
پاتلىمىدى؟ يۇقىرىقىدەك ئەھۋاللارنى كۆرگەن ھەرقانداق
پۇقرا ئۇلارنى «ئەسكى ئەمەلدار» دەپ تىللىماي تۇرالارـ
مۇ؟ بۇنىڭدىنمۇ قەبىھ تىل تېپىلمۇ كۆپ.

ۋەتەننى سۆيۈشكە بولغان مۇھەببەت قانچە چوڭقۇر
بولغانسېرى، «ئەسكى ئەمەلدار»لارغا بولغان نەپرەتمۇ
شۇنچە كۈچلۈك بولىدۇ، ۋالڭ ياڭنىڭ پۇقرالارنىڭ ئەمەلـ
دارلارنى «ئەسكى ئەمەلدار» دەپ تىللىغانلىقىنى ئېتىراپ
قىلىش سەۋىيەسى «ئادىمىي ئەمەلدار» بىلەن «ئەسكى ئەـ
مەلدار»لارنى شەرھلىگىنى بولۇپ، بۇ ھەقتىكى تەسرات
ئېنىق، ناھايىتى ئىدراكلىقنى چۈشەندۈرىدۇ. ئۇ «ئەسكى
ئەمەلدار»نىڭ «سوققىنى شەخسىي چوت، قىلغىنى ئالاھىدە
ئىمتىيازدىن بەھرىمەن بولۇش، ئاتا ـ بوۋىسىغا شان ـ
شەرەپ كەلتۈرۈش چۈشىنى كۆرگەن»لىكىنى ئانالىز
قىلغان، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: رەھبىرىي كادىرلار ئاۋۋال
ھالال ئادەم بولۇشى، ئاندىن «ئەمەلدار» بولۇشى
كېرەك. ئادەم بولۇشنىڭ ئۆزى ئەمەلدار بولۇش بىلەن
بىرەر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى، شۇنـ
داقلا ئەمەلدار بولۇش بىلەن بىر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىـ
رىشنىڭ كاپالىتى.

ھازىر يېزا، ناھىيە، شەھەر، ئۆلكە دەرىجىلىك رەھـ
بەرلىك بەنزىلىرىنىڭ نۆۋەت ئالمىشىش پەيتى، زور بىر
تۈركۈم كادىرلارنىڭ ئەملىنىڭ ئۆسۈشى، پارتىيە ۋە
خەلق ئۇلاردىن زور ئۈمىدلەرنى كۈتكەنلىكىدىن، شۇڭا
ۋالڭ ياڭ ئۇلارنى «ھال ـ ئوقىتى ئوڭۇشسىز بولغاندا شاـ
رائىتقا قاراش، چوڭ ئىش، قىيىن ئىشقا دۇچ كەلگەندە
ئۈستىگە ئېلىشقا جۈرئەت قىلىش»قا ئاگاھلاندۇرغان. ئۇ

مۇنداق دەيدۇ: ياخشى ئادەمنىڭ ياخشى ئەمەلدار بولۇشى ناتايىن، ئەمما ياخشى ئەمەلدار بولۇش ئۈچۈن چوقۇم ياخشى ئادەم بولۇشى كېرەك، ئىچى تار، ئاچ كۆز، ئەخلاقسىز، ئىناۋەتكە ئەھمىيەت بەرمەيدىغان ئادەم ھەرگىز ياخشى ئەمەلدار بولالمايدۇ.

ۋاڭ ياڭ ھەقىقەتەن ھېراۋۇل (ئالىي دەرىجىلىك ئەمەلدار) بولۇشقا مۇناسىپ بولۇپ، كىلاسسىك ئەسەرلەردىن نەقىل كەلتۈرۈپ، ئەركىن ئۇسلۇبنى قوللانغان، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: قەدىمدىن تارتىپ ئەمەل تۇتقانلار شۇ جايدىكى كىشىلەرنى ئۆز ئەمەلىيىتى ئارقىلىق تەسىرلەندۈرۈپ كەلگەن، بۇنداق تەسىرلەندۈرۈش ئۆزى باشلامچى بولغاندىلا ئەمەلدارلىق ئىستىلى ئارقىلىق ئاۋامنىڭ ئىستىلىنى توغرىلاپ، ئەمەلدارلىق ئەخلاقى ئارقىلىق ئاۋام ئەخلاقىنى تۇرغۇزۇشتىن ئىبارەت. ۋاڭ ياڭ مىسال كەلتۈرۈپ مۇنداق دېگەن: تاڭ سۇلالىسىدىكى ئۇلۇغ ئەدىب خەنيۇ جاۋجۇغا ئەمەلدار بولۇشقا پالانغاندا، ئەدەپ ـ ئەخلاقنى تەشەببۇس قىلىپ، شۇ رايوندىكىلەرنى نادانلىقتىن مەدەنىيلىككە يېتەكلىگەن، ئۇ ۋەزىپىسىدىن ئايرىلغاندىن كېيىنمۇ ئەل ـ يۇرت ئۇنى ئەۋلادمۇئەۋلاد ياد ئېتىپ تۇرغان، مانا بۇنى ئەمەل تۇتۇپ ئادەم بولۇشنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى دېيىشكە بولىدۇ. ۋاڭ ياڭ مۇنداق دەپ تەكىتلىگەندى: رەھبىري كادىرلار چوقۇم ئادەم بولۇشنىڭ ئاساسىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقى، ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەندە چاكار بولۇش ئىرادىسىدىن يانماسلىقى، دۇرۇس، سەممىي، ئىشەنچلىك ئادەم بولۇشى، خەلق ئۈچۈن ئىشلەيدىغان ئەمەلىيەتچىل پاك ئەمەلدارلاردىن بولۇشى كېرەك.

«ئاساسىي قاتلام ئامان بولسا جاھان تۈزۈلەر»، مۇقىملىقنى قوغداشنىڭ ئاچقۇچى يۇقىرىلاردا بولماستىن كادىرلاردا، «ئادىمىي ئەمەلدار» بىلەن «ئەسكى ئەمەلدار» ئۈستىدە تەھلىل ئېلىپ بارغاندىن باشقا ۋەكىللەر يەنە «ساياق ئەمەلدار» ئۈستىدە بەس ـ مۇنازىرە ئېلىپ بارغان، ۋاڭ ياڭ يەنە تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ ئىقتىدارسىز ئەمەلدار ئۈستىدە توختىلىپ: «شامال تەگمەيدىغان ئەمەلدار» بولمايدۇ، «ئۆگىنىشىم يېتەرلىك بولماي قالدى» دېگەننى ئېغىزدىن چۈشۈرمەي يۈرۈۋېرىشكىمۇ بولمايدۇ، چۈنكى قانۇن ـ ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلغان «ئەسكى ئەمەلدار»لارمۇ شۇنداق دەۋالىدۇ، دېگەن.

گۇاڭدۇڭنىڭ ئۇ يىغىنى ناھايىتى يۇكسەك باھاغا ئېرىشكەن — ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن بولۇپ، يىغىندا ئەمەلدارلىق سۆزى، تەكەللۇپ سۆز، قۇرۇق سۆزلەر ناھايىتى ئاز ھەمدە دائىم قوللانمايدىغان ئىبارىلەر بىلەن ئەمەلدارلارنى ئاگاھلاندۇرۇپ ئىلمىي مۇنازىرە قوزغىغان؛ كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرغان سىياسىي نەتىجىلەرنى تىلغا ئالمىغان. جۇڭگونىڭ «ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش»نىڭ ئالدىنقى قاراۋۇلى بولغان گۇاڭدۇڭ ئالغا ئىلگىرىلىگەنچىكە نەتىجىسى ئىنتايىن كۆرۈنەرلىك بولدى، 2011 ـ يىلى يىللىق GDP سى تۇنجى بولۇپ، 5 تىرىلىيون يۇەنلىك ئۆتكەلنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، 5 تىرىلىيون 300 مىلياردقا يېتىپ، مەملىكەت بويىچە 1 ـ ئورۇندا تۇردى، دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، بۇ قېتىملىق گۇاڭدۇڭ ئۆلكىلىك پارتكوم ئومۇمىي يىغىنىدىكى ۋاڭ ياڭنىڭ دائىمىي كومىتېتقا ۋاكالىتەن بەرگەن ئېچىلىش نۇتقىدا كىشىنىڭ ئىپتىخارلىقىنى قوزغايدىغان سان ـ سېپىردىن بىرنىمۇ تىلغا ئالمىغان.

مەن ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ گۇاڭدۇڭغا يەتتە قېتىم باردىم، زىيارەت ۋە تەكشۈرۈش جەريانىدا بىر قانچە قېتىم ئايلاندىم، «ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش» ئېلىپ بېرىلغان 30 نەچچە يىلدىن بۇيان گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسى 1 تىرىلىيوندىن 5 تىرىلىيونغىچە ھەر 1 تىرىلىيوندا بىر چوڭ قەدەم تاشلىغان. بۇ قېتىمقى GDP دىمۇ ناھايىتى زور بۆسۈش بولغان بولسىمۇ ئۇلار يەنىلا تەمكىن بولغان، بۇلاردىن ئۇلارنىڭ ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنىڭ چوڭقۇرلىشىپ، تەرەققىيات قارىشىدا چوڭقۇر ئۆزگىرىش ياسىغانلىقى، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشقا، تەرەققىياتنىڭ سۈپەت ۋە ئۈنۈمىگە ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ۋاڭ ياڭ GDP نىڭ ئاشقانلىقىنى ئەمەلدارلىق تەرەپتىن شەرھلىمەي، يېڭى ۋەزىيەت ئاستىدىكى كادىرلار ھوقۇقىنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاپ، ھوقۇقنى چەكلەش بىلەن ھوقۇقنى نازارەت قىلىشنىڭ تەخىرسىزلىكىگە تاقاپ، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش قارىشىنىڭ سەگەكلىكىنى نامايان قىلغان؛ «رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ نەتىجىسىگە كەلسەك، تېگى ـ تەكتىدىن ئالغاندا تەرەققىي قىلىش ئارقىلىق كەلگەن نەتىجىنىڭ قانداقلىقىغا قاراشتا خەلق ئاممىسىنىڭ ئەڭ زور بەخت تۇيغۇسى بولغانلىقىغا قاراش كېرەك، زادى خەلق ئاممىسىنىڭ قەلبىنى ئىللىتىدىغان قانچىلىك

ئىش قىلغانلىقىغا، خەلق قەلبىنى قانچىلىك مۇقىملاشتۇرغاد-
لىقىغا، خەلقنىڭ كۆڭلىگە ياققۇدەك قانچىلىك ئىش قىلغانلى-
قىغا، ئاما ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان، ئەڭ جىددىي ئېھتىياج-
لىق، ھەل قىلمىسا بولمايدىغان ئىشتىن قانچىلىك ھەل قىلى-
غانلىقىغا قاراش كېرەك، مانا بۇ ئاممىغا ئەڭ زۆرۈر
بولغان، تارىخ ھەقىقىي ئېتىراپ قىلىدىغان نەتىجە».

نەق گەپنى قىلىدىغان بولساق: پارتىيە ئىچىدىكى نا-
زارەتكە ئەھمىيەت بېرىلسە، مەسىلەن: تۈزۈم نازارەتچىلى-
كى، قانۇن نازارەتچىلىكى، جامائەت پىكرى نازارەتچىلى-
كى، جەمئىيەت نازارەتچىلىكى يۈرۈشلىشىپ ماسلاشتۇرۇلسا
ئەمەلدارلىق ئىستىلى، ئەمەلدارلىق ئەخلاقىدىن غەم قىلىش
ھاجەتسىز، بۇنداق بولغاندا «ئەسكى ئەمەلدار» يەنە ئا-
شۇنداق غالجىرلىشالامدۇ؟

ئاپتور: كومپارتىيە ئەزاسى، ئالىي مۇھەررىر، قوشۇمچە ۋە-
زىپىسى پىروفېسسور، يازغۇچى، جېجياڭ ئۆلكىسى فېلىيەتونلار
ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، «تەنتەربىيە مۇخبىرى
گېزىتى»نىڭ سابىق باش مۇھەررىرى.

لىي ليېچۈن ئاپتورلۇقىدىكى بۇ يازما «فېلىيەتونلار گېزى-
تى»نىڭ 2012 - يىلى 17 - يانۋار سانىدىن **راخمانجان**
**رۇسۇل سۇلتانى** تەرجىمىسى.

---

تىلماچ: شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك رادىيو- تېلېۋىزىيە مەكتىپى
پەيزاۋات شۆبىسىدە.

# ئەمەلدار بولۇشتا ئاۋۋال ھالال ئادەم بولۇش كېرەك

## لياڭ خېڭنىڭ «ئەمەلدارلار ئەخلاقى»نى ئوقۇغاندىن كېيىن

ئادەم بىلەن ھايۋاننىڭ ماھىيەتلىك پەرقى شۇكى، ئا-
دەمدە ئەخلاق - پەزىلەت بولىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئادەم
مۇشۇ جەمئىيەتنىڭ سۇبيېكتى، دېمەك ياخشى بىر ئىجتىما-
ئىي مۇھىت ئاساسىي ئەخلاق - پەزىلەتكە ئىگە بولغان ئا-
دەملەر توپىدىن تەركىب تاپقان بولۇشنى مۇقەررەر تەلەپ
قىلىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ياخشى بىر ئىجتىمائىي كەيپىياتنى
بارلىققا كەلتۈرۈشتە، جەزمەن ياخشى يۆنىلىش كۆرسەتكۈ-
چىنىڭ يېتەكچىلىكى بولۇشى كېرەك. قەدىمدىن تارتىپ
«ئەمەلدارلارنى ئۇستاز تۇتۇش» دەيدىغان گەپ بار.
ئۇنداقتا ئۇستاز دېگىنىمىز نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟ ئۇستاز
ئەخلاقنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى ئەمەلدارلارنىڭ ئەخلاق
سەۋىيەسى كۆپ ھاللاردا پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئەخلاق
ئۆلچىمىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ، ئەمەلدارلار ئەخلاقىنىڭ
كۈچى بىر دەۋرنى مۇۋەپپەقىيەتلىك قىلىدۇ، بىر خاندانلىق-
نى ۋەيرانمۇ قىلىدۇ. شۇڭلاشقا ئەمەلدارلار ئەخلاقى
ياخشى بولمىسا، ئاۋام خەلق ئەخلاقى جەزمەن بۇزۇلىدۇ.
ئاۋام خەلق ئەخلاقىنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن ئالدى بىلەن
ئەمەلدارلار ئەخلاقىنى تۈزەش كېرەك.

يازغۇچى لياڭ خېڭنىڭ «ئەمەلدارلار ئەخلاقى»
ناملىق بىر يېڭى كىتابى چىقتى، بۇ دۆلىتىمىزدە ئەمەلدار-
لار ئەخلاقى سىستېمىلىق بايان قىلىنغان تۇنجى ئەسەر
بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. لياڭ خېڭ خەلق گېزىتى ئىدارىسىنىڭ
سابىق مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن،
ئۆزىنىڭ چوڭقۇر بىلىمى، كەڭ كەچۈرمىشى ۋە ئاخبارات
كەسپىدىن چىققان ئادەمنىڭ ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە
بولغان يۈكسەك سەزگۈرلۈكىدىن پايدىلىنىپ، ئەمەلدارلىق
ئەخلاق تەربىيەسىنى كۈچەيتىشنىڭ يولى ۋە ئۇسۇلىنى
ئۈچ جەھەتتىن شەرھلىگەن، بۇنى ئاددىيلاشتۇرۇپ ئېيتىم-
ئېيتىم ھالدا «ئۆمۈمىنى كۆزلەش، خەلقنى كۆزلەش، سەمى-
مىي بولۇش، كەسىپنى قەدىرلەش، پاك بولۇش» قاتارلىق-
لارغا يىغىنچاقلىغان. بۇ قەدىمدىن ھازىرغىچە، جۇڭگو ۋە
چەت ئەل تارىخىدا ئۆتكەن پەزىلەتلىك مەنسەپدارلار،
ياخشى ئەمەلدارلارنىڭ ئىش ئىزلىرى سىڭدۈرۈلۈپ، ئە-
مەلدارلار ئەخلاق تەربىيەسىنى كۈچەيتىش ھەققىدە ئوتتۇ-
رىغا قويۇلغان تەلەپ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئەمەلدارلار ئەخلاقى ئۈستىدە توختالغاندا، بىز
ئالدى بىلەن ئۇنىڭ مەنىسنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىمىز
لازىم. «ئەخلاق — ئادەمنىڭ ھەرىكەت مىزانى ئىكەنلى-
كى ھەممىگە ئايان. رېئال تۇرمۇشتا ھەر بىر ئادەمدە بىر
خىل يوشۇرۇن ئەخلاق چەكلىمىسى بولىدۇ، ئەمەلدارلاردا

بولسا تېخىمۇ كۆپرەك بولىدۇ، مانا بۇ، ھوقۇقنى قانداق ئىشلىتىش دېگەنلىكتۇر. چۈنكى ئەمەلدار ئادەتتىكى پۇقراغا قارىغاندا تېخىمۇ كۆپ ھوقۇققا ئىگە. ھوقۇق ئەمەلدارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ئىككى ياقلىمىلىققا ئىگە. بىرىنچىسى، پۇقرالار ئۈچۈن ئىش بېجىرىپ، جەمئىيەتكە مۇلازىمەت قىلىش؛ ئىككىنچىسى، ئۆزىنىڭ شەخسىي مەنپەئەتىنى كۆزلەش، ھەتتا پۇقرانى بوزەك قىلىش. ياخشى ئەمەلدار ياكى ئەسكى ئەمەلدار مۇشۇنىڭ بىلەن پەرقلىنىدۇ.» ئەمەلدارلار ئەخلاقى — ئەمەلدارلار قاتتىق ئەمەل قىلىدىغان كەسىپ ئەخلاقى، ئەمەلدارلارنىڭ تۇرمۇش، خىزمەت، ئىدىيە ۋە ھەرىكىتىنىڭ مىزانى ھەم ئۆلچىمى، ئەمەلدارلىق قىلىش يولىدۇر. ھوقۇق ئىشلىتىش ئەخلاقى بولسا، ھوقۇقتىن ئىبارەت مۇشۇ ئارقا كۆرۈنۈش ئاستىدىكى ھەرىكەت مىزانى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ماۋزېدۇڭ: دۆلەتنى ئىدارە قىلىشتا ئالدى بىلەن ئەمەلدارلارنى ئىدارە قىلىش كېرەك دېگەن. ئەدەپ - قائىدىلىك بولۇش، ئادىل بولۇش، پاك بولۇش، ھايالىق بولۇش ئەلنىڭ تۆت ئۆلچىمى، بۇ تۆت ئۆلچەم چىڭىتىلمىسا، دۆلەت دۆلەت بولماي قالىدۇ. جەمئىيەتنىڭ ئەندىزە ئۆزگەرتىش مەزگىلىگە كىرىشكە ئەگىشىپ، نۇرغۇن زىددىيەتلەر كەسكىنلەشتى، ئەخلاق سۇسلاشتى، قىممەت قاراشى بۇرمىلاندى، ئەمەلدارلاردا خىيانەتچىلىك، چىرىكلىك ئۈزلۈكسىز پەيدا بولۇپ تۇردى، ئەل ئىچىدە قېرىلار يىقىلىپ چۈشسە يۆلەيدىغان ئادەم چىقماسلىقتەك غەلىتە ھادىسىلەر پەيدا بولدى، ھالبۇكى ئەمەلدارلار ئەخلاقىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەن بولۇشى ئاۋام خەلق ئەخلاقىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەن بولۇشىغا، ئىجتىمائىي كەيپىياتنىڭ يۇقىرى - تۆۋەن بولۇشىغا بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئەمەلدارلار ئەخلاقىي قۇرۇلۇشىنى بىر مىنۇتمۇ كېچىكتۈرگىلى بولمايدۇ. ئۇنداقتا ئەمەلدارلار ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى قانداق قىلغاندا قۇرۇق گەپ دۆۋىسى ئىچىگە چۈشۈپ كەتمەيدىغان قىلغىلى بولىدۇ؟ لياڭ خېڭ «ئەمەلدارلار ئەخلاقى» ناملىق كىتابىدا دەل جايىدا قىلىپ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: پەقەتلا ئەخلاق بىلەن ئۆزىنى كونترول قىلىشقا تايىنىش يەنىلا يېتەرلىك ئەمەس، ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش بىلەن بىللە، قانۇن - نىزاملارنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش كېرەك.

«ئەمەلدارلار ئەخلاقى» گەرچە ھازىرقى دەۋر ئىلامەتلىرىنى كۆرسىتىپ بەرگەن، ئەدەبىي ئۇسلۇبقا ناھايىتى دىققەت قىلىنغان بىر نەزەرىيەۋى كىتاب بولسىمۇ، لېكىن مەن ئوقۇغاندىن كېيىن ئۇ كىتابتىن ئازراقمۇ ئۆلۈك ۋە جانسىزلىق ھېس قىلمىدىم، بۇنىڭدىكى ئاساسلىق سەۋەب ئاپتور قەدىمكى ۋە ھازىرقى ئىشلاردىن خەۋەردار، چوڭقۇر تارىخىي بىلىمگە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، يەنە ناھايىتى يۇقىرى ئەدەبىي ماھارەتكە ئىگە بولۇپ، تارىخىي مەدەنىيەت بىلىملىرى بىلەن رېئاللىقنى ئۆزئارا يۇغۇرۇپ كۆڭۈلدىكىدەك چۈشەندۈرۈپ، كۆپ تەرەپتىن پاكىت كۆرسىتىپ، ئوقۇرمەنلەرنى قايىل قىلغان، شۇنداقلا قىزىقتۇرغان. مەسىلەن: ئاپتور «ئومۇمنى كۆزلەش ۋە پاك بولۇش»تىكى بىر قانچە جەھەتنى چۆرىدەپ، جۇگېلياڭنىڭ «ئۇستازلار نەمۇنىسى» بىلەن زۇڭلى جۇئېنلەينىڭ ئىش - ئىزلىرىنى كۆپ قېتىم نەقىل كەلتۈرۈش ئارقىلىق ئەمەلدارلار ئەخلاقىدا بولۇشقا تېگىشلىك پەزىلەت ۋە ئۇنىڭ مۇھىملىقىنى چۈشەندۈرگەن.

ئەخلاق ئادەم بولۇشنىڭ ئاساسى، شۇنداقلا دۆلەتنىڭ قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇشىنىڭ ئاساسى. «ئەمەلدارلار ئەخلاقى»دا كۆپلىگەن تارىخىي پاكىت خاراكتېرلىك ماتېرىياللارنى ھازىرقى جەمئىيەتنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق، ئوقۇرمەنلەرگە ئەمەلدار بولۇشتا ئاۋۋال ھالال ئادەم بولۇشنىڭ يولى چۈشەندۈرۈلگەن. بۇ مېنىڭچە ھازىرقى ھەر بىر ئەمەلدارنىڭ ئوقۇشىغا ئەرزىيدىغان، ئەمەلدارلارنىڭ ئاساسىي ئەخلاق تەربىيەسىنى كۈچەيتىشتىكى ئاممىباب ئوقۇشلۇق بولۇپلا قالماستىن، ھەتتا، ئادەتتىكى ئوقۇرمەنلەرنى بىر ئەمەلدارنىڭ ئۇنىۋېرسال ساپاسىغا قانداق ئوبيېكتىپ باھا بېرىشنى بىلىۋېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ.

گويۇچېن ئىمزالىقىدىكى بۇ يازما «جامائەت خەۋپسىزلىكى گېزىتى»نىڭ 2012 - يىلى 5 - ئاينىڭ 26 - كۈنىدىكى سانىدىن **زۇنۇن باقى** تەرجىمىسى.

تىلماچ: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى ئىشخانىسىنىڭ پېنسىيونېرى.




1

ۋەتـەن دېسـەم ئـاغزىم قـانار... ۋەتـەن ، بـۇ سـۆز
ئەمەس.
يۇقىرىقى مىسرانى تىزغان شائىر ھىجرەتتە مۇساپىر-
چىلىقنىڭ ئازابى جانغا پاتقاندا، ۋەتـەن سېغىنىشى بـاغرىنى
ئۆرتىگەندە شۇنداق ئىدا قىلغان بولغىيمىتتى؟
بوغۇزۇمدا ئاچچىق بىر نېمە، قارىسام مېنى بۇ پاراڭ-
چى ئۇيغۇر بوۋاينىڭ يېنىغا باشلاپ كەلگەن تەتقىقاتچى مۇ-
ھەممەدجان ئاكىنىڭ كۆزىدىمۇ ياش لىغىرلاپ قاپتۇ. ئۇيغۇر
بوۋاي نەجمىدىن ئاكىغا سوئال قويۇپ ئولتۇرمىدىم. گەپ
ئارىلاش بىهاجەت. كۆزلەر، ئاۋازلار، ھەتتا ئارىدىكى ۋاقىت-
لىق سۈكۈتمۇ سۆزلەيدۇ؛ بوۋايدىن كېلىۋاتقان ئۇيغۇر تىنى-
قى كىشىگە تىل بىلەن تەسۋىرلەپ بەرگىلى بولمايدىغان تۇي-
غۇلارنى بەخش ئېتىدۇ. مېنىڭ پەقەت مۇناسىۋەتى يوق شەي-
ئىلەر ئارىسىدىكى بـاغلىنىش ھـەققىدە ساددىلارچە ئـويلاپ
باقىدىغان بۇ كاللامدا يـەنە تـۇرۇپلا تـىترەك ۋە ۋەتـەننىڭ
مۇناسىۋىتى ھەققىدە غەلىتە سوئال پەيدا بولدى:
ـــ نېمىشقا تىترەكنى ئـاڭلىغىلى بـولمايدۇ؟ مـەيلى ئـۇ
قـورقۇنچتىن يـاكـى ھـاياجاندىن پـەيدا بـولغان تـىترەك
بولسۇن.
نېمىشقا ۋەتەن پارىكى مۇساپىر ئۇيغۇرنىڭ ۋۇجۇدىنى
بۇ دەرىجىدە تىترىتىدۇ؟ يۇرتتا ئاڭلىغان كىشى ھـەيرانلىق
ھېس قىلماس بولۇپ قالىدىغان ۋەتەن پارىكى.
80 ياشلىق ئـۇيغۇر بـوۋاي ئـۇستا ھېكايىچى ئـىدى؛
ئۆزى ساقلاۋاتقان ئۈچ خالتا قەشقەر توپىسىنىڭ ھېكايىسىنى
بەخىرامان، تەسىرلىك قىلىپ سۆزلەيتتى. بۇ پاراڭلار بىر قا-
رىسا ئادەمگە مىڭبىر كېچە قىسسەلىرىدىكى تۈگىمەس ھېكا-
يىلەرنىڭ بىر قىسمىدەكلا، رىۋايەتتەكلا ئاڭلىناتتى. يەنە بىر
قـارىسا سـەمەت دۇگـايلىنىڭ 1930 ــ 1940 - يـىللاردىكى
قـەشقەر تـۇرمۇشى ئـەكس ئـەتتۈرۈلگەن تـارىخي رومـانى
«ھايات شامالىرى»نىڭ 1 - قـىسمىدىكى مۇساپىر يـىگىتنى
ــ «قەشقەر ئىشقىمدا قالدىڭ» دەپ ئاھ ئۇرۇپ ئـىچ - ئـە-
چىدىن بـۇلدۇقلاپ سـۆزلەيدىغان تـەسىرلىك بـايانچى
«مەن»نى ئەسلىتەتتى.
قـەشقەر ھـەققىدە پـاراڭ بـولۇۋاتقان شـۇ دەقـىقىدە
باشتىن - ئاخىر بوۋايدىن كۆزۈمنى ئۈزمىدىم. چـەت ئـەلدە
ياشاۋاتقان ئالتە يىلدىن بۇيان ۋەتەن ھەققىدە ئـەڭ تـەسىر-
لىك ھېكايىگە ۋە بۇ ھـېكايىنىڭ ئـۇستا بـايانچىسى بـولمىش
ئۇيغۇر بوۋاينىڭ ئامېرىكىدىكى 50 يىللىق ھەيران قالارلىق

ۋەتەن! دەپ سوقىدۇ يۈرەك

كەچۈرمىشلىرىگە شاھىت بولۇۋاتقىنىم ئۈچۈنمۇ ئەيتاۋۇر
ۋۇجۇدۇم بىر نەچچە قېتىم تىترەپ ئۆتتى. نيۇيوركتا —
قەشقەردىن 20 مىڭ كىلومېتىر نېرىدىكى ئالدىراش، جىددىي
بىر شەھەردە ئەزىزانە قەشقەرنىڭ، توغرىراقى مېھرى
ئىسسىق قەشقەر تۇپىسىنىڭ پارىڭىنى ئاڭلاش، يەنە كېلىپ
بۇ دەرىجىدە تەسىرلىك ھېكايە بايان قىلىدىغان ئۇيغۇر بو-
ۋايدىن ئاڭلاش ھەم بىر نېمەت ھەم بىر پۇرسەت بولسا
كېرەك. سۆيۈملۈك ئۇيغۇر بوۋاي.

قەشقەر تۇپىسى
مۆلجەرتاغ تۇپىسى
قاغىلىق بىلەن گۇما ئارىلىقىدىكى ھىمىت سىپىنىڭ تو-
پىسى
قومۇلدىكى ئارا يەر تۇپىسى
تۇرپاندا يار يېزىسىنىڭ تۇپىسى
غۇلجىدا ئازاتيۇزى تۇپىسى
كورلىدا بوستان مەھەللىسى
كۇچادا كونا شەھەرنىڭ توزۇپ تۇرىدىغان تۇپىسى
ئاتۇشتا سۇتۇق بۇغراخان قەبرىسى ئالدىدىكى چىلان
رەڭ تۇپراق...

ھەممىسى 30 نەچچە يىلدىن بېرى ئايغىم تەگكەن
تۇپراقلار. ئەمما مەن ھېچقاچان تۇپراقنىڭ قىممىتى، مەنى-
سى ھەققىدە ھازىرقىدەك ئويلانغان ئەمەس. بۇنىڭدىن 25
يىل بۇرۇن ئۇچتۇرپاندىكى ھويلىمىزنىڭ تۇپرىقىغا جىجاپ
تۇرۇپ تەئلىق نۇسخىسىنى خۇشخەتچىلەپ يېزىشنى مەشىق
قىلغان چاغلىرىمدا ئېھتىمال نۇرغۇن يىللار ئۆتتۈپ يات تۇپ-
راقتا ئۈچ خالتا تۇپراقنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلاپ ۋۇجۇدۇم ئې-
زىلىپ قېلىشنى ئويلىمىغان بولغىيتتىم؟ 2009 - يىلى ياز ئاي-
لىرىدا دادامنىڭ قەبرىسىدىن توپا ئېلىپ ماڭغان چېغىمدىمۇ
تۇپراق ھەققىدە ئېھتىمال بۇنچە قاتتىق ئويلانمىغان بولغىيت-
تىم. بوۋاينىڭ ھېكايىسى ماڭا ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەپەندى-
نىڭ تولا ئاڭلاپ قۇلىقىمغا ئورناپ كەتكەن، ئابدۇقەييۇم
ئىمىن ئاكا تەرىپىدىن «قارا ھىجران» ناملىق پىلاستىنكىغا
ئوقۇلغان ۋەتەن ھەققىدىكى مىسرالىرىنى ئەسلەتتى:

غېرىب دەردىنى غۇربەتتە ئادادىن سورا،
ۋىسال قەدرىنى ئاشىق گادايدىن سورا.
ۋەتەنسىز ھاياتتا نە مەنە، نە تەم،
بۇنى ئۆز ئېلىدىن جۇدادىن سورا.

نيۇيوركنىڭ ئۇزۇن ئارال دەپ ئاتىلىدىغان رايونىدى-
كى قەھۋەخانىدا كۆرۈشتۇق. پاراڭغا ئولتۇرۇشتىن بۇرۇن
ئۈچ ئۇستاكان قەھۋە پۇلىنى تۆلەشتە ئۈچ ئۇيغۇر تالىشىپ
قالدى. بوۋاي بىلەن تەتقىقاتچى ئاكىمىز پۇل تۆلەشكە ئال-
دىراپ «بىز تۆلەيمىز» دەيتتى. مەن: «مەن تۆلەيمەن»
دەيتتىم. پۇل ئالغۇچى ئاق پىشماق قىزنىڭ ھەيرانلىقى كۆ-
لۈمسىرەش بىلەن يېقىملىق تۇس ئالغان چىرايىغا تېپىپ
چىقتى.

— زادى قايسىڭلارنىڭ پۇلىنى ئالىمەن؟ ماڭا بىرىڭ-
لارنىڭ پۇلى كېرەك، — دېدى ئاخىر قىز كۈلۈپ تۇرۇپ.

شۇنداق قىلىپ مەن تۆلىگەن بولدۇم. ھەممە ئادەم
ئۆزىنىڭ چىقىمىنى ئۆزى كۆتۈرىدىغان ئامېرىكىدا مېھمان-
لارنىڭ پۇل تۆلەشنى تالىشىشى ئۇلارغا نىسبەتەن ھەيران
قالغۇدەك ئىش ئىدى؛ ئەمما ئۇيغۇر ئەنئەنىسىدە بىز مانا
مۇشۇنداق تەربىيەگە كۆنگەنىدۇق. ئەسلىي ئاشۇ تالىشىش-
لار توغرا ئىكەن. ئاشۇ تۇزۇتلۇك ئالاقىدە مېھمانغا —
قارشى تەرەپكە بولغان ھۆرمەت يوشۇرۇنغانىكەن.

پاراڭنىڭ ئەسلىي تېمىسى قەشقەر ھەم قەشقەر تۇپىسى
ھەققىدە ئەمەس ئىدى. مەن بوۋاينى نيۇيوركقا كەلگەن
پۇرسىتىمدىن پايدىلىنىپ جەددىدىزىم تېمىسىدا زىيارەت قىل-
ماقچى ئىدىم. تەتقىقاتچى ئۇيغۇر ئاكىنىڭ ماشىنىسىدا نيۇ-
يوركنىڭ ئۇزۇن ئارال دەپ ئاتىلىدىغان يېرىگە بىر سائەت-
تەك ماشىنىدا يول مېڭىپ كەلدۇق. بۇ 2012 - يىللىق ئامې-
رىكا سايلام كۈنىنىڭ ئالدىنقى كۈنى — 11 - ئاينىڭ 5 -
كۈنى ئىدى. ئەنە بۇنداق ۋاقىتتا ئوباما بىلەن رۇمنىينىڭ
قايسىسىنىڭ يېڭى نۆۋەتلىك پىرېزىدېنتلىققا سايلىنىدىغانلىقى
ئېنىق بولاتتى. ئەسلىي نيۇيوركتىكى «قەشقەر قەھۋەخانى-
سى»دا كۆرۈشمەكچىمۇ بولغانىدۇق. ئەمما «قەشقەر قەھ-
ۋەخانىسى» جايلاشقان بىروكلىن رايونى بۇ قېتىم ئېغىر شى-
ۋىرغان ئاپىتىگە ئۇچراپ قاتنىشى توسۇلۇپ قالغاچقا، بۇ
ئارزۇيىمىزغا يېتەلمەي قالدۇق.

پاراڭ ئارىلىقىدا گەپتىن گەپ چىقىپ يېنىمدىكى ئاكا-
مىز بوۋايغا تەرەپىيالا سوئال قويۇپ قالدى:

— سىز ساقلاۋاتقان ئۈچ خالتا قەشقەر تۇپىسى ھازىر-
مۇ بارمۇ؟

— نېمىشقا بولمىغۇدەك، ساندۇقنىڭ چوڭقۇر يېرىدە
ساقلاۋاتىمەن، — دەپ خۇش ئاۋاز بىلەن سۆزىنى داۋام

قىلدى بوۋاي بېشىدىكى بادام دوپپىسىنى ئۈستىگىرەك سۈرۈپ قويۇپ، — ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىم بىلەن ئۇچراشقان ۋاقتىمدا ئۇدۇللۇق: «مەن تۈگەپ كەتكەندە قەبرەمگە قەشقەرنىڭ توپىسىنى چېچىڭلار» دەپ تاپىلاۋاتىمەن. ئۆزۈمگۇ هازىرچە سالامەت، ئەمما جان دېگەن ئىنساننىڭ ئىلكىدە ئەمەس. ساندۇقۇمدىكى قەشقەر توپىسى ماڭا كۈچ، مەدەت بېرىدۇ. ئۆلۈپ كەتسەم، قەبرەمگە ئانا يۇرتۇمنىڭ توپىسى چېچىلسا خاتىرجەم كۆز يۇماتتىم. بۇ تىلەكلىرىمنى ۋەسىيەت قىلىپ قەغەزگە پۈتۈپ قوشناچىڭلارغا، ئىككى بالامغا قايتا ـ قايتا تاپىلاپ كېلىۋاتىمەن.

بوۋايغا تېلېفون كېلىپ گېپى ئۈزۈلۈپ قالدى.

— ئاكىمىز ئۆزى ياشىنىپ قالغىنى بىلەن تېتىك، ياشلارغا خاس جۇشقۇنلۇقى بار، — يېنىمدىكى مۇھەممەدجان ئاكا تېلېفوندا سۆزلىشىۋاتقان بوۋاينىڭ قولىدىكى ئالما ماركىلىق تېلېفوننى ئىما قىلىپ قوشۇپ قويدى، — تېخى بۇ ئاكىمىز ئالما شىركىتى مەهسۇلاتلىرىنىڭ ھەۋەسكارى دەڭا.

بوۋاي تولىمۇ خىرامان كىشى ئىدى؛ مەيلى ئادەتتىكى پاراڭ ئارىلىقىدا بولسۇن ياكى تېلېفوندا سۆزلەشكەندە بولسۇن ئالدىرىماي، دانە ـ دانە، ھېسسىياتلىق سۆزلەيتتى. 50 يىلدىن بېرى ئامېرىكىدا تۇرۇۋاتقان، ۋەتەندىن 17 يېشىدا چىقىپ كەتكەن بوۋاينىڭ ئۇيغۇر تىلىنى بۇنداق ئۆز ئاھاڭىدا، ھېسسىياتلىق سۆزلىشى مەندە چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى. بوۋاي بىزگە مەزكۇر سودا شەھەرچىسىنىڭ ئالما مەهسۇلاتلىرىنى سېتىش ئورنىدا كۈتۈپ تۇرۇشىمىزنى ئېيتقانىدى. بايا ئۇقسام ئۇيغۇر بوۋاي — نەجمىدىن ئاكا ئالما شىركىتىنىڭ قۇرغۇچىسى سېتىۋ جوبسىنىڭ ھەۋەسكارى ئىكەن.

— تاغىمىزدا يېڭى گەپ جىق كەن، — دېدىم بوۋاي تېلېفوندا سۆزلىشىۋاتقان دەقىقىدە يېنىمدىكى تەتقىقاتچى ئاكىمىزغا.

— گەپ بولسا تارتىنماي سوراڭ. ئۆزى پاراڭخۇمار ئادەم بۇ، ۋەتەندىن ئۇيغۇر كەپتۇ دېسە يىراقنى يىراق دېمەي يېرىپ كۆرۈشىدۇ. نيۇيوركقا ئاران بىر كەلگىنىڭىزدە جىقراق ماتېرىيال ئىگىلىۋېلىڭ، — دېدى ئۇ.

بوۋاي تېلېفوندىكى گېپىنى تۈگىتىپ ئۆزرە سورىدى ۋە تېلېفوننى ماڭا تەڭلەپ دېدى:

— ئۇكام، ۋەتەندىكى ياخشى تورلار بولسا تەۋسىيە قىلسىڭىز. ئاڭلىسام هازىر ۋەتەندىكى تورلارنىڭ ئەھۋالى ياخشى بولۇپ كېتىپتۇ، تېلېفونۇمدا ئۇيغۇرچە تورلاردىن ئۇچۇر كۆرسەمكەن دېگەن ئۈمىدىم بار.

مەن بوۋاينىڭ قولىدىن تېلېفوننى ئېلىپ، ئۇيغۇرچە ئىزدەش تورلىرىنى گۈگۈلدىن ئىزدىدىم ۋە بوۋاينىڭ تېلېفونىغا بىر قانچە ئۇيغۇرچە مۇنبەرنىڭ ئۇلىنىش ئادرېسىنى ساقلاپ بەردىم. ئاندىن ئۇيغۇر مۇنبەرلىرىگە قانداق كىرىشنى كۆرسىتىپ قويدۇم. تېلېفوندا ئۇيغۇر يېزىقى چىققاندا بوۋاينىڭ چىرايىدا ئىختىيارسىز مەمنۇنلۇق كۈلكىسى پارلاپ چىقتى.

— رەھمەت ئۇكام، رەھمەت، — دېدى بوۋاي، — سىزنى كۆرۈپ كۆڭلۈم كۆتۈرۈلۈپ قالدى، ۋەتەننىڭ ھىدىنى ئېلىپ كەلدىڭىز. بولسا بىر نەچچە كۈن تۇرۇڭ، بىزنىڭكىدە تۇرۇڭ، ئۆيۈم كەڭرى، بىر نەچچە كۈن قانغۇدەك پاراڭلىشايلى.

بوۋايغا ئەدەپ بىلەن ئۆزرە ئېيتتىم. ئۆگۈنلۈككە نيۇيوركتىن ئايرىلىپ بوستونغا بارمىسام بولمايتتى. ۋاقىت جەدۋىلىمنىڭ زىچلىقىنى بىلگەن بوۋاي «ھەتتەڭەي» دەپ خورسىنىپ قالدى. بوۋاينىڭ گېپى شاخلاپ، ئۆزىنىڭ قانداق بولۇپ ئالما مەهسۇلاتلىرىغا ئامراق بولۇپ قالغانلىقى ھەققىدىكى تېمىغا كۆچكىلى تۇرغاندا يېنىمىزدىكى ئاكىمىز گەپ ئارىلىدى:

— ئاكا، بۇنداق پاراڭلاشقىلى تۇرساق كېچىچە گېپىمىز تۈگىمەيدۇ، — دېدى يېنىمىزدىكى تەتقىقاتچى ئاكىمىز بوۋايغا قاراپ، — گەپنى قىسقارتساق، بىز يەنە يېرىم سائەت ماشىنا ھەيدەپ ئۆيگە قايتمىساق بولمايدۇ. بولسا ئاۋۇ ئۈچ خالتا قەشقەر توپىسىنىڭ گېپىنى تۈگىتىۋەتسىڭىز، ئاندىن يەنە ئاۋۇ بېشىڭىزدىكى بادام دوپپىنىڭ ھېكايىسىنىمۇ ئاڭلىساق.

— بولىدۇ، — دېدى بوۋاي، — گەپ ئارىلاپ كېتىپ قالدى، ئەپۇ قىلىڭلار، ساندۇقۇمدىكى قەشقەر توپىسىنىڭ ھېكايىسىنى سۆزلەشتىن ئاۋۋال مەرھۇم دادام توغرۇلۇق ئازراق توختىلىشىمغا توغرا كېلىدۇ. دادام ئەينى ۋاقىتتا، 1930 ـ يىللاردا قەشقەردە كۆتۈرۈلگەن مەرىپەتچىلىك ھەرىكىتىدە كۆزگە كۆرۈنگەن مائارىپچى ئىدى، مەرھۇم مەھمۇد سىجاڭ بىلەن يېقىن ئۆتەتتى. ئېسىمنى بىلسەم، دادام مەھمۇد سىجاڭنىڭ گېپىنى تولا قىلىدىغان، دادامنىڭ

دەپ بېرىشچە، بەش ياش ۋاقتىمدا دادام مېنى يېتىلەپ مەھمۇد سىجاڭنىڭ يېنىغا كىرگەندە، مەھمۇد سىجاڭ مېنى ئەركىلىتىپ يۈزۈمنى بوشقىنا چىمدىپ دادامغا: «بۇ بالىڭىزنى چوڭ بولغاندا ماڭا ئەسكەرلىككە بېرىڭ، ۋەتىنىنى قوغدايدىغان پىداكار بولسۇن» دېگەنىكەن. كېيىن مەھمۇد سىجاڭ ئاۋۋال ھىندىستانغا، ئاندىن ياپونىيەگە چىقىپ كېتىپتۇ. دادامنىڭ مەھمۇد سىجاڭ ھەققىدىكى گەپلىرى تۈگىمەيتتى. ئۇ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ئىلىم-مەرىپەتكە، مائارىپقا ئاتىغان ئادەم ئىدى. دادام دەرس ئۆتكەندە مەن سىنىپ كەينىدە ئولتۇرۇپ پەخىرلىنىش ئىچىدە سۆزلىرىگە قۇلاق سالاتتىم. كېيىن دادام شىڭ شىسەينىڭ ئادەملىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدى. ئۇ ۋاقىتتا قانخور شىڭ شىسەينىڭ نەزەرىدە خەلقىم دەپ مەيدانغا چىققان ھەرقانداق ئادەم خەتەرلىك ئوبيېكت ھېسابلىناتتى، دادام تۈرمىگە كىرىپ كەتكەن يىللاردا مەن ئانامنىڭ ۋە مومامنىڭ تەربىيىسىدە چوڭ بولدۇم، بېشىمدىكى بادام دوپپىنىڭ ھېكايىسى مومام بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

— ئاشۇ دوپپىنىڭ ھېكايىسىنى ئاۋۋال سۆزلىۋېتىڭ بولمىسا، — دېدى يېنىمدىكى تەتقىقاتچى ئاكىمىز.

— بۇ بادام دوپپىنى مەن ۋەتەندىن ئەكەلدۈرگەن. مومام تىكىپ بەرگەن بادام دوپپا بۇ ئەمەس. ئەمما بادام دوپپا بولغىنى ئۈچۈن ماڭا مومامنى ئەسلىتىدۇ. ئىشنىڭ ئەسلى جەريانى مۇنداق: كىچىك چېغىمدا مومام ماڭا دوپپا تىكمەكچى بولۇپ دوپپىنىڭ ئارىسىغا ئالىدىغان قاتتىق قەغەز ئىزدەپتۇ ۋە ساۋاتسىز بولغاچقا، مېنىڭ 5-سىنىپنى تۈگەتكەندە ئالغان شاھادەتنامەمنى دوپپىنىڭ قېتىغا تىكىۋېتىپتۇ. بىر كۈنى سىرتتىن كىرسەم مومام: «سىلىگە دوپپا تىكتىم، كىيىۋالسىلا» دەپ بېشىمغا دوپپىنى كىيدۈرۈپ قويدى. مەن مومام تىككەن دوپپىنى ياقتۇرۇپ كىيدىم، ئەمما ئۇنىڭ قېتىغا تىكىلگىنى مېنىڭ شاھادەتنامەم ئىكەنلىكىنى خېلى ئۇزاققىچە بىلمىدىم. كېيىن شۇ شاھادەتنامە لازىم بولۇپ سۈرۈشتۈرسەم، ئەسلى ئۇ مەن كىيىپ يۈرگەن دوپپىنىڭ قېتىدا ئىكەن. شاھادەتنامەنىڭ دوپپامنىڭ قېتىدا ئىكەنلىكىنى بىلگەن چېغىمدا مومامنىڭ تۈگەپ كەتكىنىگە خېلى ئۇزاق بولغانىدى.

«بوپتۇ، ھېچقىسى يوق بالام، بۇ دوپپىنى موملىرىنى كۆرگەن كۆزدە قەدىرلەپ ساقلىسىلا، يوقىتىپ قويمىسىلا» دەپ تاپىلىدى ئانام. شۇنداق قىلىپ مەن ئۇ بادام دوپپىنى بېشىمدىن چۈشۈرمەي كىيدىم. كېيىن دادام تۈرمىدىن چىققاندا شۇ بادام دوپپىنى كىيىپ ئانام بىلەن تۈرمىنىڭ ئالدىغا باردۇق. دادام ئانىسىنىڭ يۈزىنى كۆرەلمىگەنىدى، مومام ئۆز قولى بىلەن تىككەن دوپپامنى پۇراپ ئۇزاققىچە يىغلىدى. كېيىن بىر مەزگىل خاتىرجەم ياشىغان بولدۇق. 1949-يىلىنىڭ ئاخىرىدا لاداخ يولى ئارقىلىق كارۋان توپىغا ئەگىشىپ تۈركىيەگە ھىجرەت قىلىپ چىقتۇق، ۋەتەندىن چىققان چېغىمدا 18 ياشتا ئىدىم.

دادام ئەسلى يۇرتتىن ئايرىلىدىغان چاغدا قەشقەرنىڭ توپىسىدىن ئېلىۋالغانىكەن. دادام 1956-يىلى تۈركىيەدە ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇ ئۆلۈپ كېتىشتىن بۇرۇن بىزگە ھەمىشە: «مەن ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن قەبرەمگە يۇرتتىن ئېلىپ چىققان توپىنى چېچىڭلار» دەپ تاپىلايتتى. تۈركىيەدە دادامنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە قەشقەر توپىسىنى دادامنىڭ قەبرىسىگە چاچتۇق. ئۇ چاغلاردا مەن دادامنىڭ نېمىشقا قەشقەر توپىسىنى ئېلىپ ماڭغانلىقىنىڭ، بىزگە نېمىشقا ئۇنداق نەسىھەت قىلىدىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەنمەيتتىم. بۇنىڭ سەۋەبىنى ئانام تۈگەپ كېتىپ يالغۇز قالغان چېغىمدا، مۇساپىر بولغان چاغلىرىمدا ئاندىن چۈشەندىم.

— ئامېرىكىغا تۈركىيەدىن كەلگەنمىدىڭىز؟ — دەپ سورىدىم مەن، — قاچان كەلگەنىدىڭىز؟

— ئامېرىكىغا 1964-يىلى كەلدىم. بۇ يىل بۇ دۆلەتتە تۇرۇۋاتقىنىمغا ئاز كەم 50 يىل بولدى. تۈركىيەدە ئۆي-ئوچاقلىق بولغانىدىم. كېيىن ئامېرىكىدا يەنە بىر بالام تۇغۇلدى. نۇرغۇن يىللار ئۆتتى، ئەمما قەشقەرنىڭ بالىلىق چاغلىرىمدا يۈرىكىمگە ئورناپ كەتكەن سىماسى كۆز ئالدىمدىن كەتمىدى. 1980-يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قەشقەردىكى تۇغقانلار بىلەن خەت-ئالاقىمىز ئەسلىگە كەلدى. ياش چاغلىرىمدا تازا بىلمەپتىكەنمەن، يېشىم چوڭايغانچە ۋەتەن سېغىنىشى كۈچىيىپ كەتتى. ئىچىمدە بىر ئوت، خەت-ئالاقە ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن ۋەتەندىن خەت تاپشۇرۇۋالدىم. قەشقەردىكى تۇغقانلار پوچتا ئارقىلىق قەشقەردىن گۈلەقاق، چىلان ئەۋەتىپتۇ. مەن ئۇلارغا خەت يېزىپ بۇ نەرسىلەرنى بۇ يەردىنمۇ تاپالايدىغانلىقىمنى، ماڭا يەل-يېمىش ئەۋەتمەي قەشقەر توپىسىدىن ئەۋەتىپ بېرىشىنى تاپىلىدىم. يۇرتتىكىلەر: «توپىنى نېمە قىلىدىغاندۇ؟» دەپ ھەيران

بولۇشۇپتۇ. كېيىن ھامىمام پەرەز قىلىپ: «بۇ ئەمدى ۋەتەنگە كەلمەيدىكەن، بىزنى ئۇنتۇپ كېتىپتۇ» دەپ يىغلاپتۇ. ئۈچ خالتا قەشقەر توپىسى نيۇيوركقا ئالتە ئايدا كەلدى. دەسلەپتە تاموژنىدىن ئۆتمەي قايتىپ كېتىپتۇ. كېيىن تۇغقانلار توپىنى قايتا-قايتا ئەۋەتىشتى. شۇنداق قىلىپ ئۈچ خالتا توپا ئاخىر قولۇمغا تەگدى، شۇنىڭدىن بېرى ئۈچ خالتا توپىنى قەدىرلەپ ساقلاپ كەلدىم.

بوۋاي گېپىنى تۈگىتىپ ماڭا: «ئۆيگە بارغان بولسىڭىز توپىنى كۆرسىتىپ قوياتتىم» دېدى ۋە قوشۇپ قويدى:

— ھە راست، بايا قورساقنى سورىماپتىمەن. قورساق ئاچ بولسا تاماققا باشلاي، ئاش ئىچىلى.

— رەھمەت، — دېدى يېنىمدىكى تەتقىقاتچى ئاكىمىز جاۋابەن، — تاماق يەپ كەلدۇق.

بوۋاينىڭ «ئاش ئىچىلى» دېگەن سۆزى ماڭا يېقىملىق ھەم يېقىملىق بىلىندى. ۋەتەننىڭ نۇرغۇن يەرلىرىدە بىزنىڭ خېلى ساندىكى قېرىنداشلىرىمىز تاماقنى «ئاش» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلەيتتى. بوۋاينىڭ شۇنچە يىللاردىن بېرى، يەرلىك گەپلەرنى ئۇنتۇپ قالمىغانلىقى كىشىنى خۇرسەن قىلاتتى.

— ھازىرمۇ تۈركىيەدىكى، قەشقەردىكى تۇغقانلار بىلەن ئالاقە قىلىشىپ تۇرامسىلەر؟ — سورىدىم بوۋايدىن.

— ئەلۋەتتە، ئالاقە قىلماي بولامدۇ، يۈرىكىمنىڭ بىر ئۇچى ۋەتەنگە باغلانغان. بۇ بىر ئوت ۋەتەننىڭ پارچىنى قىلىش، ئامېرىكىغا كەلگەن ئۇيغۇرلار بىلەن ئىزدەپ-سوراپ بېرىپ پاراڭلىشىش مېنى خۇشال قىلىدۇ، ۋەتەن سېغىنىشىغا ھېچنېمە توغرا كەلمەيدىكەن.

ۋاقىت قىستاپ قېلىپ بوۋايغا خوش دېيىشكە مەجبۇر بولدۇق. بوۋاي 80 ياشقا كىرگەن بولسىمۇ گۈس-گۈس دەسسەپ ماڭاتتى، چىرايىدىن نۇر يېغىپ تۇراتتى. ئەسلى بىلسەم، بوۋاي ھازىرمۇ چېنىقىشنى تاشلىماپتۇ. ئاش-تاماققا دىققەت قىلىدىكەن. مەن بوۋاينىڭ ئادەمخۇمارلىقى، گەپخۇمارلىقى بۇگۈنكىدەك ساغلام تۇرۇشىغا تەسىر كۆرسەتكەن يەنە بىر ئامىل بولۇشى مۇمكىن دەپ ئويلىدىم.

قۇچاقلىشىپ خوشلاشتۇق.

— ئامان بولۇڭ تاغا، پۇرسەت بولسا يەنە كۆرۈشەرمىز، — دېدىم بىر كۆرۈشۈپ تۇغقاندەك بولۇپ قالغان بوۋايغا.

— نيۇيوركقا بۇدا ئۇزاقراق تۇرغۇدەك بولۇپ كېلىڭ. كەلسىڭىز چوقۇم مېنىڭكىگە چۈشۈڭ، — دېدى بوۋاي.

بۇ — نيۇيورك 2012-يىلىدىكى شۇرغان ئاپىتىگە ئۇچرىغان چاغ بولۇپ، تالا بەكلا سوغۇق ئىدى. بوۋاي بىلەن قىيالماسلىق ئىلكىدە خوشلىشىپ سوغۇق ھۇۋلاپ تۇرغان ماشىنىغا چىقتۇق. قىش بولمايدىغان ھاۋايدا ئىسسىق ھاۋاغا كۆنۈپ قالغىنىم ئۈچۈن نيۇيورك ماڭا شۇنداق سوغۇق بىلىندى. تالادا مىچىلداپ قار يېغىشقا باشلىدى. ماشىنا قوزغىلىپ تەتقىقاتچى ئاكىمىز بىلەن ھەر ئىككىمىز خېلىغىچە پاراڭلاشماي خىيال بىلەن ماڭدۇق.

— تەسكەن، — دېدى ئارىدا ماشىنا ھەيدەپ كېتىۋاتقان تەتقىقاتچى ئاكىمىز، — كىچىك چېغىدا چىققانلار ئاسان سىڭىشىپ كېتىدىكەن، ئەمما چەت ئەلگە يېشى چوڭىيىپ قالغاندا چىققانلار ۋەتەننى ئۇنتۇيالمايدىكەن.

جاۋاب قايتۇرمىدىم. خىيالىمدا بايىقى بوۋاينىڭ سىيماسى، ۋەتەن ھەققىدە نەچچە يىللاردىن بۇيان ئۆزۈم ئوقۇغان ئۇنتۇلماس قۇرلارنى خىيال ئېكرانىمدىن ئۆتكۈزۈۋاتاتتىم. تۇرسۇن قۇربان تۈركەشنىڭ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 2011-يىللىق 5-سانىدا ئېلان قىلىنغان «تاغ بار يەردە چوقۇقا بار» ناملىق ئەدەبىي ئاخباراتىدا ئۇزاق يىل ئۆزبېكىستاندا ياشاپ ۋەتىنىنى ئۇنتۇيالمىغان بىر مۇساپىر تەسۋىرلىنەتتى، خىياللىرىم قاناتلاندى. ئۇ ئەسەردىكى ئاپتوبۇس غۇلجىدا توختىشى بىلەن تەڭلا يەرگە چۈشۈپ تۇپراقنى سۆيۈپ يىغلاپ كەتكەن ئۇيغۇر بوۋاي، يازغۇچى ھاجى مىرزاھىد كېرىمىنىڭ «جۇدالىق» ناملىق رومانىدىكى بىر ئۆمۈر ۋەتىنىنى ئۇنتۇيالماي يۈرىكى داغلىنىپ ئۆتكەن چوكان مېھرىنىسا، مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ «باھاردا ياغقان قار» ناملىق پوۋېستىدىكى ۋەتىنىنى تولا خىيال قىلىپ خەيالپەرەسلىك بىلەن كۈن ئۆتكۈزىدىغان، ۋەتەن بارلىق ئەسلىمىسىگە ئايلىنىپ كەتكەن تىلىۋالدى... يەنە تالاي ئوبرازلار خىيال ئېكرانىمدىن ئۆتتى... چاتما تەسەۋۋۇر قىلىشقا ھېرىسمەن بولغىنىم ئۈچۈنمۇ، بىرەر ئۇنتۇلماس ياكى جانلىق دېتال ماڭا شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بىر مۇنچە يانداش ئۇچۇرلارنى ئەسلىتەتتى. ھازىرمۇ شۇنداق بولدى. 1930-يىلى نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن رۇس شائىرى يېسىنىن «يايلاقتا» ناملىق شېئىرىدا ۋەتەن ھەققە

دە شۇنداق گۈزەل مىسرالارنى تىزغان ئىكەن:

ۋەتەننىڭ ھەسرەتلىك گۈزەللىكىنى،
سەرسانلىق ئىلكىدە يەتتىم مەن تونۇپ.
چۈشەندىم ھەسرەتلىك گۈزەللىك ئۆزى،
بىرەركەن تەڭداشسىز بەختنى تۇغۇپ.

تەتقىقاتچى ئاكىمىز مېنى خىيال سۈرۈۋالسۇن دەپ
ئويلىدىمۇ، ئەيتاۋۇر ماشىنىنى ئۈنسىز ھەيدەپ كېتىۋاتاتتى.
ئاردا بىر قانچە يەردە گاز قاچىلاش ئۈچۈن ئۇزۇن ئۆچ-
رەتتە تۇرۇۋاتقان ماشىنىلار كۆزۈمگە چېلىقتى.

— ئاپەتتىن كېيىن تېخىچە گاز بىلەن تەمىنلەش
جىددىي بولۇۋاتقان ئوخشىمامدۇ؟ — سورىدىم مەن ئۈچىن-
چى گاز قاچىلاش پونكىتىدىمۇ قاتىرىسىغا تۇرۇپ كەتكەن
ماشىنىلارنى كۆرۈپ.

— شۇنداق، بۇ قېتىم نيۇيورك ئېغىر زەربىگە ئۇچ-
رىدى. شۇۋرغان ئاپىتىدىن كېيىن تېخىچە بىر قىسىم را-
يونلارغا توك كەلمىدى. 50 نەچچە يىلدىن بۇيانقى ئەڭ
ئېغىر ئاپەت ۋە ئېغىر زىيان دەپ خەۋەر قىلىنىشىۋاتىدۇ.
ھېلىمۇ نيۇيورك «پىشقان»، زامانىۋى شەھەر بولغاچقا
شەھەردىكى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان ئاساسىي ئەسلىھەلەر-
نىڭ ئەسلىگە كېلىشى تېز بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ
ئاپەت ئەتە كەچتە نەتىجىسى چىقىدىغان پرېزىدېنت سايلى-
مىغا قاتتىق تەسىر كۆرسىتىدىغان بولغاچقا نيۇيورك شە-
ھەرلىك ھۆكۈمەت ناھايىتى قاتتىق تەدبىرلەرنى قوللاندى.
ھازىر «قەشقەر قەھۋەخانىسى» جايلاشقان بىروكلىن رايو-
نىغا بارىدىغان مېترو ئەسلىگە كەلمىگەن بولسىمۇ قالغان
يەرلەردە قاتناش راۋانلاشتى. يامان بولغىنى، شەھەرنىڭ
ھەممە يېرىدە ماشىنىغا قاچىلايدىغان گاز جىددىي بولۇۋا-
تىدۇ. مۇشۇ گاز بىلەن خاتىرجەم ئۆيگە بېرىۋالساق،
مەنمۇ ئەتىدىن باشلاپ مۇشۇنداق ئۆچىرەتتە تۇرۇش
قىسمىتىگە دۇچ كېلىمەن.

— ئالدىڭىزدا خىجىلمەن، — دېدىم، — گاز تازا
جىددىي بولۇۋاتقان چاغدا سىزگە ئېغىرىمنى سالدىم،
شۇنچە ئۇزاق يول مېڭىپ مېنى ئۇ تاغىمىز بىلەن كۆرۈش-
تۈرگىنىڭىزگە رەھمەت.

— ئۆزىمىزنىڭ ئىشى بۇ ئۇكام، — دېدى تەتقىقات-
چى ئاكىمىز، — گازنىڭ ئىشى كارايىتى چاغلىق ئىش.
ئەتە قاچىلىمىسام كېيىن قاچىلارمەن. سىزنىڭ نەجمىدىن
ئاكا بىلەن كۆرۈشۈۋالغىنىڭىز ئوبدان بولدى. ئۇزاق يىل
چەت ئەلدە ياشىدىم، ئەمما ۋەتەنگە بولغان سۆيگۈسى ۋە
سېغىنىشى بۇ دەرىجىدە كۈچلۈك ۋەتەنداشلارنى ئاز ئۇچ-
راتتىم.

— گەپ - سۆزىڭىزدە جەنۇب شىۋىسىنىڭ پۇرىقى
تېخى كەتمەپتۇ، — دەپ گېپىمنى داۋاملاشتۇردۇم مەن، —
بۇنىڭدىن سۆيۈندۈم. مەن ئازراق پۇرسەتنى دەپ يىلتىزى-
نى، ئەنئەنىسىنى ئۇنتۇشنى، ئۆزگىرىشنى توغرا دەپ قارى-
مايمەن. ھەر مىللەت ئۆز خاسلىقى بىلەن قەدىرلىك، چەت
ئەلدە ياشاش، ئىشلەش ھەرگىز پۇرسەت ئۈچۈن باشقى-
لارغا ئۆزگىرىپ كېتىش دېگەنلىك ئەمەس. بۇ نۇقتىدىن
قارىغاندا، مەيلى سىز بولۇڭ، مەيلى بايىقى تاغىمىز
بولسۇن، توغرا قىلىپسىلەر. ئۇيغۇرلار ئەنئەنە بىلەن زاما-
نىۋىلىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى خېلى توغرا بىر تەرەپ قىلغان
ھەم ئۆز ئەنئەنىسىدىن ئالدىراپ ۋاز كەچمەيدىغان
مىللەت، بۇ تەرىپى مېنى سۆيۈندۈرىدۇ.

ئۇزاق مۇددەت مۇڭدىشىدىغان ئادەم يوق يالغۇز
ياشىغاچقىمۇ، كۆپرەك سۆزلەپ سالدىم.

— توغرا دېدىڭىز ئۇكام، باشقىلارنىڭ ئەنئەنىسىنىمۇ
كۆردۇق. بىز بۇرۇن زامانىۋىلىق دەپ قارىغان نۇرغۇن
نەرسىلەر ئۇنداق ئەمەسكەن. ئۇيغۇر تارتىنىسا تارتىنىشقۇ-
چىلىقى بار مىللەت. تەبىئىي يەن ئوقۇغاچقا مىللىتىمنىڭ تا-
رىخى، مەدەنىيىتى ھەققىدىكى بىلىمىم مول ئەمەس. ئەمما،
ئۇزاق كۆزىتىشلەردىن كېيىن بىزدىمۇ زامانىۋى مىللەتلەر-
گە خاس نۇرغۇن ياخشى خىسلەتلەرنىڭ بارلىقىنى ھېس
قىلدىم. ئەلۋەتتە ئۆزگەرتىشكە تېگىشلىك يېرىمىزمۇ ئاز
ئەمەس.

تەتقىقاتچى ئاكىمىز ئاردا ئۆزىنىڭ جەنۇبتىن چىققاندى-
ىدىن كېيىنكى 18 يىللىق ئوقۇش، خىزمەت ھاياتىدا ھېس
قىلغان مىللىي كىملىككە مۇناسىۋەتلىك ھېسلىرىنى يىغىنچاق
قىلىپ بايان قىلدى. پۈتۈن بايانلىرىدىن ئانا يۇرتىغا،
ئۇيغۇر ئەنئەنىسىگە بولغان چوڭقۇر سېغىنىشى بىلىنىپ تۇ-
راتتى. راست گەپنى دېسەم، بۇ ئاكىمىزنى بۇرۇن تونۇ-
مايتتىم. بوستوندىكى بىر ئاكىمىزنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى
بىلەن بۇ ئاكىمىزنىڭ ئۆيىگە ئايالىم، بالام بىلەن چۈشكە-
نىدۇق. تۈنۈگۈن ئاكىمىز پۈتۈن بىر كۈن ئىشىنى
تاشلاپ، بىزنى نيۇيوركتىكى داڭلىق ساياھەت نۇقتىلىرى

دىن 11 - سېنتەبىر خاتىرە سارىيى، ئىمپېرىيە بىناسى، ۋال ستىرىت كوچىسى، دەۋر مەيدانى، ئەركىنلىك ئارىلى، نيۇيورك دېڭىز ساھىلى ۋە كولۇمبىيە ئۇنىۋېرستېتىنى ساياھەت قىلدۇردى، ئادەتتە نيۇيوركتا ئەڭ تۆۋەن باھالىق ياتاقلارمۇ 150 دوللاردىن كەم بولمايتتى.

— سىز تېخى ئوقۇۋېتىپسىز، ياتاقتا ئاتىغان پۇلىڭىز يانچۇقىڭىزدا قالسۇن، بىزنىڭكىدە تۇرۇڭ، — دېگەنىدى ئۇ نيۇيوركقا كېلىشتىن بۇرۇن تېلېفوندا ئالاقە قىلغان چېغىمدا.

مەيلى بايىقى تاغىمىز بولسۇن، مەيلى يېنىمدا ماشىنا ھەيدەپ كېتىۋاتقان بۇ كىشى بولسۇن مەندە چوڭقۇر تەسىرات پەيدا قىلدى. ئېھتىمال بۇرۇن كۆرۈپمۇ باقمىغان يات بىرىنى ئۆيىدە قوندۇرۇپ، ۋاقىت ئاجرىتىپ مېھمان قىلىدىغان ئىش ھازىرقى رىتىمى تېز، ئەخلاقىي قورغانلار تېز يېمىرىلىۋاتقان بىر جەمئىيەتتە مېھماندوست بىزدىلا ساقلىنىپ قېلىۋاتقان ئەنئەنە بولسا كېرەك.

ھەر قېتىم ياخشىلىقىغا رەھمەت ئېيتقىنىمدا ئاكىمىزنىڭ «ھېچقىسى يوق، ئۆزىمىزنىڭ ئىشى» دېيىشى مېنى خۇرسەن قىلاتتى، تەسىرلەندۈرەتتى.

بايىلا سىم - سىم يامغۇر يېغىۋاتاتتى. ئەمدى قار ئارىلاش شىۋىرغانغا ئۆزگەردى. ھەرھالدا شۈكۈر، شىۋىرغان ئەدەپ كېتىشتىن بۇرۇن ئۆيگە كېلىۋالدۇق، ئۆيگە كەلسەك ئاكىمىزنىڭ ئايالى سۇيۇقئاش ئېتىپ ساقلاپ تۇرغانىكەن.

2

«قەشقەر، ئىشقىمدا قالدىڭ...» سەمەت دۇگايىلىنىڭ قەشقەر ھەققىدىكى تەسىرلىك رومانىنىڭ 1 - قىسمى مانا مۇشۇ ماۋزۇدا باشلىنىدۇ. رومانىنى 13 يىل بۇرۇن ئوقۇغان چېغىمدا «قەشقەر ئەسەردىكى پېرسوناژ قىزنىڭ ئىسمى ئەمەس، يۇرتنىڭ ئىسمى تۇرسا، يازغۇچى نېمىشقا ‹ئىشقىمدا قالدىڭ› دەپ ماۋزۇ قويغاندۇ؟» دەپ ئويلىغانىدىم. ئەمدى چۈشەنگەندەك قىلىمەن؛ قەشقەرنىڭ نېمىشقا مۇساپىر ئۇيغۇرنىڭ ئەسلىمىسىگە ئايلىنىپ كېتىدىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى بوۋاينىڭ قەشقەر توپىسى ھەققىدىكى پاراڭلىرى ھېس قىلدۇردى. تەتقىقاتچى ئاكىمىزنىڭ ئانا يۇرتىغا، ئۆز قوۋمىگە بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتى بولسا ماڭا گېرمان جەمئىيەت نەزەرىيەچىسى ئېرىخ فروم (1901 - 1980)نىڭ «ئادەمنىڭ كىملىك ئېھتىياجى ئۆز توپىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن باشلىنىدۇ» دېگەن سۆزىنى يەنە بىر قېتىم ئەسلەتتى. چوڭلارنىڭ «مۇساپىر بولمىغۇچە مۇسۇلمان بولماس» دېگىنىمۇ بىكار ئەمەسكەن.

ۋەتەن دېگەن نېمە؟

بۇ سوئالغا ھازىرغىچە مۇتەپەككۇرلار ھەر خىل تەبىرلەرنى بېرىشتى. بۇ جاۋاب - تەبىرلەر ئىچىدە ماڭا «ۋەتەن دېگەن سېنىڭ خەلقىڭدۇر» دېگەن جاۋاب ئەڭ قايىل قىلارلىق بىلىنىدۇ. ۋەتەن، كوللېكتىپ رىشتە ھەققىدە ھازىرغىچە شائىرلار تەسىرلىك مىسرالارنى، يازغۇچىلار ئانا يۇرت سۆيگۈسى گۈپۈلدەپ تۇرىدىغان ھېكايىلەرنى پۈتتى. شائىر ئوسمانجان ساۋۇتنىڭ «توزان قەسىدىسى» ناملىق شېئىرىدىكى يۇرتتىن كەلگەن قېرىندىشىنىڭ كىيىمىدىن ۋەتەن ھىدىنى ئىستەۋاتقان مۇساپىر، مۇپاسساننىڭ «دوندۇق» ناملىق ھېكايىسىدە گېرمان تاجاۋۇزچىلىرى ئالدىدا ۋەتەنپەرۋەرلىكنى نامايان قىلغان پاھىشە ئايال، فىرانسىيە يازغۇچىسى دائۇدېتنىڭ «ئەڭ ئاخىرقى دەرس» ناملىق ھېكايىسىدە گېرمان ئىشغالىيىتىدىكى فىرانسىيە مەكتىپىدە ئەڭ ئاخىرقى بىر سائەتلىك ئانا تىل دەرسىنى ۋەتىنىڭ تەقدىرىگە باغلاپ پۈتۈن ئىشقى بىلەن ئۆتكەن مۇئەللىم، ياشار كامالنىڭ «مەمەت ئاۋاق» ناملىق رومانىدا يۇرتداشلىرىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن كۆكرەك كېرىپ چىققان قەھرىمان قاراقچى، 1910 - يىلى نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن پولشا يازغۇچىسى سىنكۋېچنىڭ «ماياك قاراۋۇلى» ناملىق ھېكايىسىدە يات زېمىندا پولەك يېزىقىدا چىققان گېزىتنى كۆرۈپ مېھىر بىلەن سىيلاپ كەتكەن، كۈچكە تولغان بوۋاي... ئاشۇ ئۆلمەس پېرسوناژلارنىڭ ھەممىسى بىزگە ئادەتتىكىچە ئاڭلىنىدىغان ۋەتەن سۆزىنىڭ قاتلاملىرىغا يوشۇرۇنغان مەنىلەرنى چوڭقۇرلاپ ھېس قىلدۇرىدۇ. ئېھتىمال بوۋاينىڭ ئۈچ خالتا قەشقەر توپىسىنى ساقلاپ يۈرگەنلىكى تۇپراقنى ئۇلۇغلايدىغان قەدىردان ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىنىڭ ۋەتەن سۆيگۈسىنىڭ ئۆزگىچە ئىپادىلىنىشى بولسا كېرەك. باشقا مىللەتلەر بىلەن ئارىلىشىپ ياشاش داۋامىدا تۇپراقنى ۋەتەن دەپ چوڭ بىلىپ ساقلايدىغان مىللەت ئەزالىرىنى ئۇچراتمىغانىدىم.

«نېمىشقا ۋەتەندىن ئايرىلغان ئادەمنىڭ ئۆز توپىغا

بولغان سېغىنىشى بۇنچە كۈچىيىپ كېتىدۇ؟» دېگەن سوئال ئامېرىكىغا كەلگەن ئالتە يىلدىن بۇيان خىيال ئېكرانىمدىن تالاي قېتىملاپ ئۆتتى، تالاي قېتىملاپ كەچۈرمىشلىرىمدە ئۆز كۈچىنى كۆرسەتتى. كېيىن ئۇرۇمچىدىكى چېغىمدا ھېس قىلغان ۋەتەن چۈشەنچەمدە مەسىلە بارلىقىنى، بۇرۇن ۋەتەن ئۇقۇمىنى ئابستراكت يوسۇندا چۈشىنىپ كەلگەنلىكىمنى ھېس قىلدىم. ئەسلى مەھەللىمىزدىكى دەرەخلەرنىڭ ياپراقلىرىدا، ئاپپاق رومال ئارتقان مومايلارنىڭ قورۇقلىرىدا، تاڭ سەھەر بىلەن تەڭ چىللاشقا چۈشكەن خورازلارنىڭ سوزۇق ئاۋازىدا، ئەزان ئاۋازىدا، ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز كۆمۈلگەن قەبرىلەردە، ئۇيغۇر چوكاننىڭ چېھرىدە پارلىغان يېقىملىق كۈلۈمسىرەشلەردە، ئېتىزدا ئالدىراش ئىشلەۋاتقان دېھقاننىڭ مېھنىتىدە، شامالدا مەيىن يەلپۈنۈپ تۇرغان بۇغدايلاردا ۋەتەن ئېلېمېنتلىرى مەۋجۇت ئىكەن. لېكىن بىز ۋەتەندە بۇ نەرسىلەرنى كۆرۈۋېرىپ ھەيرانلىق ھېس قىلماس بولۇپ قالىدىكەنمىز. ئەمەلىيەتتە بىز كۆنگەن، ئادەتلەنگەن سىمۋوللارنىڭ، نەرسىلەرنىڭ كەينىدە بىز قېزىشقا، دىققىتىمىزنى بېرىشكە تېگىشلىك مەنە قاتلاملىرى كۆپ بولىدىكەن.

ۋەتەن مۇساپىرچىلىقتا قالغان، ئەمما يىلتىزىنى ئۇنتۇماي ياشاۋاتقان ئادەمنىڭ ئەسلىمىسىگە ئايلىنىپ كېتىدىكەن. ئادەم ئادەتتە تەسەۋۋۇردىكى گۈزەل ئوبيېكت ئۈچۈن چۈش كۆرۈپ ياشايدىغان مەخلۇق، ئۇنىڭ بەختلىك ياشىشى ئۈچۈن چوقۇم تەسەۋۋۇرنى تولدۇرۇپ تۇرىدىغان غايىۋانە ئىنتىلىشلىرىنى قوزغايدىغان بىر ئوبيېكت بولۇشى كېرەك. مۇساپىرچىلىقتا ياشايدىغان ئادەم ئۈچۈن ۋەتەن ۋە كوللېكتىپ رىشتە ئەنە شۇنداق سېھرىي كۈچكە ئىگە غايىۋانە مەنزىلدۇر. يات تىل ئۆگىنەلەيدۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە يات مەدەنىيەت يەكلەپمۇ قويىدۇ، باشقا زېمىندا باشقا بىر مىللەت بىلەن ياشاش دېگەنلىك بۇرۇن كۆنگەن سىمۋول، مەنە قاتلاملىرىنى يەنە بىر قېتىم كۆڭۈل ئەلگىكىدىن ئۆتكۈزۈش دېمەكتۇر. بۇ جەرياندا بىزنىڭ ئۈزلۈكسىز قايتا ـ قايتا مۇرەسسە جەريانىنى باشتىن كەچۈرىدۇ، قايتىدىن تەرتىپلىنىدۇ. ئەمما ئەسلى يىلتىزىنى ئۇنتۇپ يېڭى مەدەنىيەتكە كۆنگەن ئادەم بىلىپ ـ بىلمەي نۇرغۇن نەرسىلەردىن مەھرۇم قالىدۇ. گېرمان جەمئىيەت نەزەرىيەچىسى جورج زىممېلنىڭ گېپى بويىچە ئېيتقاندا، ئۇ بەرىبىر گىرۋەكتىكى ئادەم بولۇپ قالىدۇ. ئەسلى مەدەنىيىتىدىن ياتلىشىپ ھەم يەنە بىر مەدەنىيەتكە تولۇق ئۆزلىشەلمىگەن ئادەمنىڭ قەلبىدە ھېچكىمگە دېيەلمەيدىغان پىراق قاينايدۇ، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ خىل پىراق يىغىندا ھەسرەتكە ئايلىنىدۇ. بۇ ھەقتە دۇنياغا داڭلىق ئالىملاردىن گېرمان مۇتەپەككۇرى ئادورنونىڭ، ئامېرىكا تەۋەلىكىدىكى ئەرەب مۇتەپەككۇرى ئېدۋارد سايىدنىڭ سەرگۈزەشتىسى ۋە مۇساپىرچىلىق ھەققىدە يازغانلىرى ئادەمگە مۇساپىرچىلىق، ھىجرەت، گىرۋەكتىكى ئادەم ئۇقۇملىرى ھەققىدە يېڭىچە ھېسلارنى بەخش ئېتەتتى.

تېئودور ئادورنو (1903 ـــ 1969) ئەسلى گېرمانىيەدە 1920 ـ يىللاردا قۇرۇلۇپ داڭق چىقارغان فرانكفورت ئىنستىتۇتىدا تەنقىدچىلىك پىكىر ئېقىمىغا ئۇل سېلىپ زور شۆھرەت قازانغان، ياۋروپا تەۋەسىدە زور شۆھرەتكە ئېرىشكەن بۈيۈك مۇتەپەككۇر ۋە جەمئىيەت نەزەرىيەچىسى ئىدى. ئەمما ئۇ يەھۇدىي بولۇپ قالغىنى ئۈچۈن ناتسىستلار گېرمانىيەدە تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن تەھدىتكە دۇچ كەلدى ۋە 1934 ـ يىلى خوركخېيمېر، خېربېرت ماركۇس قاتارلىق مەشھۇر تەنقىدچى سەپداشلىرى بىلەن ئامېرىكىغا كەلدى. ئادورنو تەسىرى كۈچلۈك مۇتەپەككۇر بولغىنى ئۈچۈن ئامېرىكا ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدا ئەتىۋارلاندى، ئەمما تاكى ناتسىستلار مەغلۇپ بولۇپ ئانا يۇرتى فرانكفورتقا قايتقانغا قەدەر ۋەتىنىنى ئۇنتۇيالمىدى. گېرمانىيەگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن ئامېرىكا تۇپرىقىغا ئىككىنچى دەسسىمىدى. ئادورنو 20 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا تەۋە ۋىجدانلىق، تەسىرى چوڭقۇر ئىلىم ئىگىسى ئىدى. ئۇنىڭ ھاياتى فاشىزم ۋە غەرب تاراتقۇلىرىنىڭ تەسىرىدە ئەۋج ئالغان ئىستېمالپەرەسلىككە قارشى كۈرەش بىلەن ئۆتكەنىدى. ئەمما پەلسەپە، جەمئىيەتشۇناسلىق، ئەدەبىيات، مۇزىكا، تارىخ، مەدەنىيەتشۇناسلىق قاتارلىق ساھەلەردە ئۇنىۋېرسال يېتىلگەن مۇشۇنداق بىر ئالىم ئامېرىكىدا ئۆتكەن ھاياتىنى نابۇت بولغان ھايات دەپ ئاتىدى ۋە ئۆزىنىڭ «نابۇت بولغان ھايات» ناملىق ئەسلىمىسىدە مۇساپىرچىلىق ھەققىدە مۇنداق يازدى: «يات زېمىن بىز بۇرۇن كۆنگەن ئەنئەنە تەركىبلىرىنى قارشى ئالمايدۇ. يات زېمىندا ھەر قېتىم سۆرگەن ئازغىنە

راھەت كونا ئائىغا ئاسىيلىق قىلىش، ئازابلىق مۇرەسسەگە كېلىش ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىقىدۇ... يات زېمىندا ئۆي ئۇقۇمى مۇساپىرنىڭ قۇلىقىغا يات ئاڭلىنىدۇ. ئۆيى تۇرۇپ ئۆيى يوقتەك تۇيۇلىدىغان بىر ھېسسىيات مۇساپىرنىڭ كۆڭلىنى ئارام تاپقۇزمايدۇ... ئەسلىدىنلا خاتا قەدەم بىلەن باشلانغان ھايات ھاياتتەك بولمايدۇ». [1]

ئېدۋارد سايىدنىڭ ۋەتەن ھەققىدىكى ئەسلىمىسى ناھايىتى تەسىرلىك. لىۋاندىكى بىر تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتىن ئامېرىكىغا ئوقۇشقا كەلگەن ئېدۋارد سايىد خارۋارد، پىرىنستون قاتارلىق داڭلىق ئۇنىۋېرسىتېتلاردا پروفېسسور بولىدۇ؛ ئەمما ئۇ ئېزىلىۋاتقان پەلەستىن خەلقىنىڭ تەقدىرىگە داۋاملىق دىققەت قىلىدۇ. ئانا يۇرتى ھەققىدىكى ئازابلىق ئويلىنىشلارنى توختىماي قويمايدۇ. «شەرقچىلىق» ناملىق كىتابى غەربتە زىلزىلە قوزغاپ، رېئونىزم ھەرىكىتىنى قوللايدىغان يەھۇدىيلارنىڭ، يەھۇدىي قىساسچىلىرىنىڭ تەھدىتىگە دۇچ كەلگەن چاغدىمۇ، كولۇمبىيە ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ئىشخانىسى ئامېرىكا فېدېراتسىيە ئىدارىسىنىڭ قايتا - قايتا تىنتىشىغا دۇچ كەلگەندىمۇ تىز پۈكمەيدۇ. بۇ جەرياندىلارنى ئۇ ئۆزىنىڭ 2003 - يىلى نەشردىن چىققان «لاماكانلىق» ناملىق ئەسلىمىسىدە يازدى. ئەسلى ئاشۇ ئابرۇيى، ئاشۇ شارائىتى بىلەن مەيلى ئادورنو بولسۇن ياكى ئېدۋارد سايىد بولسۇن، ھېچنېمىدىن غەم قىلماي بەختلىك ياشىيالايتتى. ئەمما ئۇلار ئۇنداق قىلمىدى، بۇ يەردە ئېدۋارد سايىدنىڭ زىيالىينىڭ سۈرگۈنلىكى ھەققىدە: «مۇساپىرچىلىق ۋە گىرۋەك» ناملىق ھېس بايانىدىكى مۇناسىۋەتلىك بىر نەچچە قۇرنى ئەسلەپ ئۆتۈش ئارتۇقچە ئىش بولمىسا كېرەك. ئېدۋارد سايىد مۇنداق يازىدۇ: «مۇتلەق كۆپ ساندىكى سۈرگۈندە ياشاۋاتقان زىيالىيلار ئۈچۈن قىينىچىلىق ھېسابلىنىدىغىنى ئۆز ئانا يۇرتىدا ياشاش پۇرسىتىدىن ئايرىلىپ قېلىش ئەمەس، بەلكى ھەر ھامانىدا ئۆزىنىڭ مۇساپىر ھالىتىدە ياشاۋاتقانلىقىنى ئېسىگە سالىدىغان ئازابلىق ئۇچۇرلارغا ئۇچراپ تۇرۇش. مۇساپىرنىڭ ۋەتىنى خىيالىغا ئايلىنىپ كەتكەچكە ئۇنىڭغا يىراق بىلىنمەيدۇ. مۇساپىر ئۆزى يات زېمىندا ياشىسىمۇ ۋەتىنى بىلەن دىلىدا شەكىلسىز رىشتە ئورناتقان بولىدۇ. ئەمما ئۇ يا كونا ماكانىغا تەۋە ئەمەس، يا يېڭى ماكانىغا تەۋە ئەمەس. ئىككى ئايرىلىق، ئارىسالدىلىق ۋە يېرىملىق يات زېمىندىكى مۇساپىرنىڭ تەقدىرىگە پۈتۈلۈپ كەتكەن بولىدۇ.» [2]

نەزەرىيەۋى نۇقتىدىن تەھلىل قىلغاندا قەشقەر تورپىسى ھەققىدىكى تەسىرلىك ھېكايىنى پۈتكەن ئۇيغۇر بوۋايىنىڭ ئېيتقانلىرى بىزگە مۇنداق بىر قانچە نۇقتىنى ھېس قىلدۇرىدۇ:

بىرىنچى، كوللېكتىپ رىشتە، بايان، رىۋايەت ئوتتۇرىسىدا زىچ مۇناسىۋەت بار. بىزنىڭ كوللېكتىپ رىشتىمىزنى چىڭىتىدىغان، يىلتىزىمىزنى ھېس قىلدۇرىدىغان، بىزنى ئورتاق ئەسلىمىگە يېتەكلەيدىغان، مەدەنىي كىملىكىمىزنى ساقلاپ قېلىشتا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدىغان مەدەنىيەت ئېلېمېنتلىرى بار. ئۇلاردىن نەزىر - مەرىكىگە ئوخشاش مۇراسىملار، نورۇزغا ئوخشاش بايراملار، بۆكۈخانىغا ئوخشاش رىۋايەتلەر ئورتاق رىشتىمىزنى ئېسىمىزگە سالىدۇ، بىزنى كوللېكتىپ ئەسلىمىگە يېتەكلەيدۇ. بۇ جەريان ئۆزلۈكىمىزنىڭ لايىھەلىنىشىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. فرانسىيەلىك مەشھۇر جەمئىيەتشۇناس ئېمىل دۇركايىم (1858ـ 1917)نىڭ شاگىرتى ماۋرىس خالبۋاچ (1877ـ 1945) ئۆزىنىڭ «كوللېكتىپ ئەسلىمە» ناملىق كىتابىدا تارىخىي ۋەقەلەرنىڭ، قەھرىمانلارنىڭ، ئەنئەنە ھەققىدىكى بايانلارنىڭ ئەسلىدىن يىلتىزى بىر كىشىلەرنى ئۇيۇشۇشقا يېتەكلەيدىغانلىقىنى ۋە ئۇلارنىڭ كوللېكتىپ ئەسلىمىسىنى قانداق قوزغايدىغانلىقىنى قەيت قىلىدۇ: دىنىي ئەقىدىنىڭ كوللېكتىپ ئەسلىمىنى قوزغىتىشتا ئوينايدىغان رولىغا يۇقىرى باھا بېرىپ مۇنداق يازىدۇ: «ھەرقانداق بىر دىنىي ئەقىدە ئەينى بىر ئىجتىمائىي كونتېكست ئىچىدە ياشاۋاتقان ئىجتىمائىي توپنىڭ ئۇيۇشۇشىنى تېزلىتىدۇ؛ يۇغۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ؛ شۇ ئىجتىمائىي توپقا دائىر چوڭ ۋەقەلەرنىڭ، ئۇرۇشلارنىڭ، ئىختىرالارنىڭ، ئۆزگىرىشلەرنىڭ جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ئوپچە ئېسىدە ساقلىنىشىغا تۈرتكە بولىدۇ. بۇ جەريان سىمۋوللارنىڭ ياردىمىدە ئىشقا ئاشىدۇ». [3]

ئىككىنچى، رىۋايەت ۋە بايانلار بىر ئىجتىمائىي توپنىڭ ھاياتىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان بولۇپ، بىر توپنىڭ قىممەت قارىشىغا، ئەخلاق ئۆلچەملىرىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: دۇنيا ئەدەبىياتشۇناسلىق، فولكلور تەتقىقاتىدا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان

رۇس فولكلورچىسى، «قۇرۇلمىلىق پوئېتىكا» ئىلمىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بىرى ۋىلادىمىر پىروپ ئۆزىنىڭ «چۆچەك - رىۋايەتلەر مورفولوگىيەسى» ناملىق كىتابىدا مۇنداق يازىدۇ: «ئەمەلىيەتتە كىشىلەرگە ئادەتتىكىچە تۇيۇلىدىغان بايانلاردا، ھېكايىلەردە بىر كوللېكتىپنىڭ ئېڭىغا مۇناسىۋەتلىك چوڭقۇر قۇرۇلما يوشۇرۇنغان بولىدۇ. بۇ چوڭقۇر قۇرۇلما بىر ئىجتىمائىي توپنىڭ تەسەۋۋۇردىكى مەۋھۇم كودلارغا تەسىر كۆرسىتىدۇ». [4] ئۇيغۇر بوۋاينىڭ 50 نەچچە يىلدىن بېرى ئۆزى ئۆسمۈرلۈك چېغىدا ئايرىلغان قەشقەرنى ئۇنتۇيالماسلىقى ۋە قەشقەر توپىسنى ساقلاپ كەلگەنلىكى ئەمەلىيەتتە بىر توپقا ئورتاق بولغان تەسەۋۋۇرنىڭ مەۋھۇم كودىنى ئەكس ئەتتۈرسە، بوۋاينىڭ ئۇ ھەقتىكى ھېكايىسى ئاڭلىغۇچىنىڭ قەلبىدىكى يوشۇرۇنۇپ تۇرغان مەۋھۇم تۇيغۇلارنى قوزغايدۇ. كانادالىق مەشھۇر ئەدەبىي تەنقىدچى، تورونتو ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سابىق ئەدەبىيات پەنلىرى پروفېسسورى نورسروپ فىرايېر بولسا ئۆزىنىڭ 1957 - يىلى نەشردىن چىققان «تەنقىد ئاناتومىيەسى» ناملىق مەشھۇر كىتابىدا: «باياندىن كېلىۋاتقان ئۇچۇر بىر جەمئىيەتنىڭ مەنىۋى تەرتىپى ئۈچۈن بەكمۇ مۇھىم، ئۇ بىر ئىجتىمائىي توپ ئەزالىرىنى تەۋەلىك ھەققىدە چوڭقۇر ئويلاندۇرىدۇ، ئورتاق تەقدىرنى ئېسىگە سالىدۇ، ئۇلارغا ئۈمىد بېغىشلايدۇ» دەپ يازىدۇ. [5]

ئۇيغۇر بوۋاينىڭ قەشقەر توپىسى ھەققىدىكى ھېكايىسى ئاددىي بولغىنى بىلەن ئادەمنىڭ دىققىتىنى قوزغايتتى. ئاشۇ باياننىڭ تەسىرى بىلەن نيۇيوركتا، يات بىر زېمىندا نەپەس ئېلىۋاتقان ئۈچ ئۇيغۇر ئەللەيلەندى. ئۇلارنىڭ ئورتاق رىشتىسى بىر يەرگە كەلدى. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا شۇنى چۈشىنىش تەس ئەمەسكى، قەشقەر توپىسى ھەققىدىكى ھېكايە بولسۇن ياكى «تۇمارىس» رىۋايىتى بولسۇن، «شىراق» رىۋايىتى بولسۇن ۋە ياكى «بۆكۈخان» رىۋايىتى بولسۇن، مەنىۋى ھاياتىمىزدا بۇنداق رىۋايەت، ھېكايىلەرنىڭ رولىغا سەل قاراشقا بولمايدۇ، ئۇلارنى قېزىشقا توغرا كېلىدۇ. شائىر بوغدا ئابدۇللا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەنىۋى ھاياتىدا رىۋايەت - بايانلارنىڭ تۇتىدىغان رولى ھەققىدە «سالغا تېشى» ناملىق داستانىدا مۇنداق يازىدۇ:

مۆڭگۈزلەرنى مەشئەل قىلغان يۇرت،
رىۋايەتلىرى بىر ئالتۇن ئاچقۇچ.
ساقلانغان چىشلارنىڭ ئاراچلىرىدا،
يېڭىلانغاندەك خېمىر تۇرۇچ. [6]

بوۋاينىڭ قەشقەر توپىسى ھەققىدىكى ھېكايىسىنى ئاڭلىدىم؛ ئەمما ۋاقتىم زىچ بولغىنى ئۈچۈن ئاشۇ توپىلارنىڭ ئۆزىنى كۆرەلمىدىم. ئۆيگە كەلگۈچە ئارىلىقتا ۋەتەن ھەققىدە پاراڭ قىلىشىۋېتىپ تەتقىقاتچى ئاكىمىزدىن سورىدىم:

— ئەخەت تۇردىنىڭ «سەرسان روھ» ناملىق رومانىنى ئوقۇغانمىدىڭىز؟

— ياق، — دېدى تەتقىقاتچى ئاكىمىز، — ئوقۇماپتىكەنمەن. نەدىن تاپقىلى بولىدۇ؟

— توردا ئاۋازلىق نۇسخىسى بار. مەن پات - پات ئاڭلايمەن. ئۇ روماندا تەسۋىرلىنىدىغان پادىچى بالىنىڭ پاراڭلىرىمۇ بايىقى تاغىمىزنىڭ ۋەتەن ھەققىدىكى بايانلىرىدەك تەسىرلىك.

— قانداق دەيسىز؟ ئېسىڭىزدە بولسا ئېيتسىڭىز، بىرگە ئاڭلىغان بولساق بوپتىكەن.

مەن بىردەم ئويلىنىپ تۇرۇۋېلىپ، تېخى يېقىندىلا توردىكى ئاۋازلىق نۇسخىسنى ئاڭلىغان «سەرسان روھ» رومانىدىكى پادىچى بالىنىڭ ئانا يۇرتنىڭ، تۇپراقنىڭ قىممىتى ھەققىدە ئېيتقانلىرىنى ئېسىمدە قالغىنى بويىچە دەپ بەردىم:

— ئىسمىڭ نېمە؟

— قۇسەي.

— قەيەردە تۇرىسەن؟

— ئاۋۇ جىلغىنىڭ ئىچىدە.

— ئۇ يەردە قانچە ئائىلە بار؟

— بەش ئائىلە بار.

— ئۇ يەردە نېمە ئىش قىلىسىلەر؟

— چارۋا باقىمىز، ئانچە - مۇنچە تېرىقچىلىق قىلىمىز.

— ئۇ يەردە سۇ يوقمۇ؟

— يوق.

— سىلەر نېمە ئىچىسىلەر؟

— يامغۇر ياغقاندا يامغۇر سۈيىنى يىغىۋالىمىز. سۇ تۈگىسە سىلەرگە ئوخشاش يولۇچىلاردىن سۇ سورايمىز.

— ئۇ يەردىن كۆچۈپ كەتسەڭلار بولمامدۇ؟

— ياق، كۆچمەيمىز. بۇ يەرنىڭ تاشلىرىنى باشقا يەرنىڭ ئۈنچە - مارجانلىرىغا تەڭ قىلمايمىز. چۈنكى بۇ يەر بىزنىڭ يۇرتىمىز، ئىككى دۇنيالىق ۋەتىنىمىز. بۇ يەردە بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز ئۆتكەن؛ بوۋامنىڭ، دادامنىڭ قەبرىسى مۇشۇ يەردە. ھەرقانچە قىيىنچىلىق بولسىمۇ ئۇلارنى تاشلاپ كەتمەيمىز. [7]

نەقىل مەنبەلىرى

[1] تېئودور ئادورنو: «نابۇت بولغان ھايات ھەققىدە ئويلىنىش»، ئىنگلىزچە 38 - بەت

ئادورنونىڭ ئىستېمالپەرەسلىكنى ۋە مودا مەدەنىيەتنى تەنقىد قىلغان قاراشلىرى ئۈچۈن ئاپتورنىڭ «جەمئىيەتشۇناسلار نېمە دەيدۇ؟» ناملىق كىتابىنىڭ 162_ 166 - بەتلىرىگە قارالسۇن.

[2] ئېدۋارد سايىد: «ئېدۋارد سايىد ئەسەرلىرىدىن تاللانما» — «سۈرگۈندىكى زېھنىي: مۇساپىرچىلىق ۋە گۇرۇھلار»، 371 _ 372 - بەتلەر.

«ئېدۋارد سايىدنىڭ «شەرقچىلىق» ناملىق ئەسىرىدىكى ئاساسلىق نۇقتىئىنەزەرلەر ئۈچۈن ئاپتورنىڭ «جەمئىيەتشۇناسلار نېمە دەيدۇ» ناملىق كىتابىنىڭ 285 _، 286 - بېتىگە قارالسۇن.

[3] مائۇرىس خالبۋاچ: «كوللېكتىپ ئەسلىمە ھەققىدە»، ئېنگلىزچە نەشرى، 84 - بەت.

[4] ۋىلادىمىر پىروپ: «چۆچەك - رىۋايەتلەر مورفولوگىيەسى»، ئېنگلىزچە نەشرى.

[5] نورسىروپ فىراي: «تەنقىد ئاناتومىيەسى»، ئىنگلىزچە نەشرى، 43 - بەت.

[6] بوغدا ئابدۇللا: «كومزەك كۆتۈرۈۋالغان بالا» ناملىق شېئىرلار توپلىمىدىكى «سالغا تېشى» ناملىق داستان.

[7] ئەخەت تۇردى: «سەرسان روھ»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى.

ئاپتور: ئامېرىكا ھاۋاي ئۇنىۋېرسىتېتى جەمئىيەتشۇناسلىق ئىنستىتۇتىنىڭ دوكتور ئاسپىرانتى

## جىددىي ئاگاھلاندۇرۇش

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان ھەرقانداق ئەسەرنىڭ نەشر ھوقۇقى پەقەت ژۇرنال تەھرىراتىغىلا خاس. ھەرقانداق ئورۇن ۋە شەخسنىڭ ھەرقانداق شەكىلدە (ئاۋازلىق ئەسەر ئىشلەش، تورغا چىقىرىش، توپلام تۈزۈش ۋە باشقىلار) تەھرىراتىمىزنىڭ رۇخسىتىسىز قايتا نەشر قىلىشىغا بولمايدۇ. ئەگەر شۇنداق ئەھۋال بايقالسا قانۇنىي جاۋابكارلىقى سۈرۈشتۈرۈلىدۇ. ژۇرنال تەھرىراتىمىز «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»دە ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورلۇق ھوقۇقى ۋە قايتا نەشر قىلىنىش ھوقۇقىنى قانۇنغا تايىنىپ قوغدايدۇ. بۇ جەھەتتىكى قانۇنسىز قىلمىشلارنى پاش قىلغۇچىلارغا تەھرىراتىمىز ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن رەھمەت ئېيتىدۇ.

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىراتى

ئاتىكەم سىدىق ئايقۇت

# قەشقەرنى چوڭ قىلغان كوچىلار

(چاتما نەسر)



## يۈرەك نىدالىرى

ئاخشىمى بۇيىغا يۈگەپ، كۆپىنىڭ تېگىدىكى نەم يەرگە قويۇپ قويغان ئۇسسامغا قاراپ باققىلى چىقسام، سەن كېتىپسەن. تېخى كۆزلىرىم سۇزۇلمىگەن، قاناتلىرىم قاتمىغان هالەتتە ئەمەسمىدىم؟

سەن مېنى كۆتۈرۈپ باقمىغان... ئەركىلىتىپ باقمىغان... سۆيۈپ باقمىغانىدىڭ.

لېكىن مەن ساڭا ئوخشايتتىم، سېنىڭكىگە ئوخشايدىغان سارغۇچ قوڭۇر چاچلىرىمنى ئۈچمەنلىك بىلەن كەينىمگە چۆرۈپ قويدۇم.

سېنىڭكىگە ئوخشايدىغان سىيدام قاشلىرىمنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، بۇيىنىڭ قېتىنى ئىككىنچىلەپ ئاچمىدىم.

ئۇسسىلىرىم ياپپېشىل پېتى قۇرۇپ كەتتى.

مەن ساڭا مەۋجۇتلۇقنى بىلدىغان، لېكىن زادى يېقىن بېرىپ باقمىغان ئايغا ياكى قۇياشقا قارىغاندەك يىراقتىن، تولىمۇ يىراقتىن هېيىقىپ تۇرۇپ قارايتتىم.

سەن ماڭا، خۇددى چىرايلىق بىرەر قۇشقا... گۈلگە... ياكى ئورمانغا قارىغاندەك مەپتۇنلۇق بىلەن قارايتتىڭ، لېكىن بىز يىراق ئىدۇق... بەكمۇ يىراق ئىدۇق.

ئۇلار سېنى «داداڭ» دەيتتى. لېكىن مەن «دادا!» دەپ چاقىرىپ باقمىغاندىم. ئىسمىنىڭ كەينىدە، ماڭا ئەگىشىپ يۈرگىنىمۇ سېنىڭ ئىسمىڭ ئەمەس ئىدى.

سەن گۈلدەك ناتىۋان، شامالدەك ئەركە، ئايدەك يالغۇز، هەم مۆڭلۈق قىزنىڭنى، بىرەر قېتىم كۆتۈرۈپمۇ باقماي كەتكەنىدىڭ.

مەن دائىم گەرەسلەپ كەتكەن هەسرەت ئىچىدە ياشايتتىم، كىچىككىنە قەلبىمگە بۇ هەسرەتلەر پاتمايتتى.

مەن باللار بىلەن ئەمەس، دەرەخلەر بىلەن، گۈللەر بىلەن، كېپىنەكلەر بىلەن، سۇلار ياكى بېلىقلار بىلەن، تامدا، ئۆگزىدە، يولدا، باغدا ياكى ئۆستەڭنىڭ بويىدا ئوينايتتىم.

ئۇلارنىڭ دادىسى بار ياكى يوقلۇقىنى بىلمەيتتىم، شۇڭا ئۇلار بىلەن ئويناشقا ئامراق ئىدىم، ئۇلارمۇ مەندىن «داداڭ كىم» دەپ سورىمايتتى.

كەچتە ئۆگزىدە يېتىۋېلىپ ئايغا قاراپ خىياللارنى سۈرەتتىم، ئۇنىڭ يالغۇزلۇقىنى ئۆزۈمگە ئوخشىتىپ، خۇشال بولۇپ قالاتتىم. چۈنكى ئۇنىڭمۇ مەندەك دادىسى يوق ئىدى... ئۇنىڭمۇ قاشلىرى مېنىڭكىدەك سىيدام... يۈزلىرى مېنىڭكىدەك ئاق ئىدى.

ئەدەبىيات گۈلزارى

بەزىدە، ئايىنمۇ سېنىڭ بالاڭ بولغىيمىتتى؟ شۇڭا ئۇ ماڭا ئوخشامدىغاندۇ؟ دادام ئۇنىڭ يېنىغا كېتىۋېلىپ مېنى ئۇنتۇپ قالغانمىدۇ؟ دەپ ئويلاپ كېتەتتىم.

شاللىقلاردىكى قارامتۇل يۇمىلاق قومچاقلارغا (بىز ئۇنى كومۇتا دەيتتۇق)، ئۆستەڭدىكى ئاپپاق، سېمىز بېلىقلارغا، ئىشىكىمىز ئالدىدىكى سۇۋادانغا قونۇۋېلىپ كەچكىچە ئولتۇرىدىغان قاغىلارغا، ھەممە نەرسىگە شۇنداق ھېرىسمەنلىك بىلەن قارايتتىم. زادى قايسىسىنىڭ دادىسى باردۇر؟ قايسىسىنىڭ دادىسى يوقتۇر؟ نېمىشقا يوقتۇر؟... بەزى دادىلار نېمىشقا ئۆلۈپ كېتىدىغاندۇ؟ بۇلارغا جاۋاب تاپالمايتتىم.

ئېگىزلىقتىكى ياپيېشىل قورتلارنىڭ ئۇۋۇلىرىنى چۇۋۇپ قاراپ باقمىغىچە ئارام تاپمايتتىم، چۈنكى ئۇلارنىڭ دادىسىنى زادىلا كۆرۈپ باقمىغانىدىم.

بەزىدە، ھېچنېمىگە، ھېچكىمگە قارىماي شۇنداق تېز، شۇنداق ئۇزاق يۈگۈرۈيتتىم، پۇتلىرىم ئازار يەپ، قاناپ، جېنىم قاقشاپ كەتسىمۇ يۈگۈرۈيتتىم... قۇلىقىم ئاڭلىماي، كۆزۈم كۆرمەي، يۈرىكىم ئاغرىپ، ئۆپكەم كانىيىمغا كەپلىشىپ، ھېچنېمىنى سەزمىگۈدەك بولغۇچە يۈگۈرۈيتتىم.

مۇشۇ يۈگۈرۈشىمدە دۇنيانىڭ قايسىدۇر بىر بۇرجىكىدىن سېنى تېپىۋېلىشنى، ئىسسىق قوللىرىڭدىن تۇتۇپ ئۆز دۇنيارىمغا قايتۇرۇپ كېلىشنى ۋە ياكى مۇشۇ يۈگۈرۈشىم ئارقىلىق بۇ دادىسىز دۇنيادىن قېچىپ كېتىشنى شۇنچىلىك خالايتتىم. شۇنداق، ئاشۇ ئارزۇدا شۇنداق ئۇزاق يۈگۈرۈيتتىم. لېكىن، ئارام ئېلىپ ئەسلىمگە كەلگەندە، سەن يەنىلا يوق ئىدىڭ. رەسىدە ياشلىرىم يېقىنلاپ كەلگەندە، ھەسرەتلىرىم تېخىمۇ گەرەسلەپ... تېخىمۇ ئېگىزلەپ... تېخىمۇ ئۇلغىيىپ كەتتى.

سېنىڭ سايەڭنى، قوللىرىڭنىڭ چاچلىرىمنى سىلىشىنى، كۆزلىرىڭنىڭ ئىپتىخارىدىن يۇمۇلۇشىنى شۇنچىلىك ئىستىگەنىدىم. قوڭۇر چاچلىرىم بۇلۇق ھەم ئۇزۇن ئىدى، سىيدام قاشلىرىم قويۇقلىشىپ قالدى... ئاي يەنىلا ماڭا ئوخشاش تەنھالىقنى بۇزماي ياشاۋاتاتتى.

ئۆيدە، تالادا، كېچىدە ياكى كۈندۈزدە داۋاملىق سېنىڭ يوقلۇقۇڭ مەلۇم بولاتتى... چاناتتى.

«دادىسى يوق...» مۇشۇنداق ئاۋازلار قۇلىقىمغا كىرىپ قالغاندا ئۇلارغا شۇنداق دەپ ۋارقىرىغۇم كېلەتتى.

ياق!!! بۇ دۇنيادا دادىسى يوق بالا بولمايدۇ... ھەممىلا بالىنىڭ دادىسى بار.

پەقەت قورتنىڭ... قوڭغۇزنىڭ... شامالنىڭ ياكى دەرەخلەرنىڭلا دادىسى بولمايدۇ.

... ھەرقانداق بالىنىڭ دادىسى بولىدۇ.

لېكىن، مەيلى قانچىلىك ۋارقىراي ھېچكىمنىڭ مەن بىلەن كارى يوق ئىدى، سەن يوق ئىدىڭ.

ساڭا تېۋىنغىنىمدا... ساڭا يۆلىنەي دېگىنىمدە... سېنى سېغىنغىنىمدا، سەن راستىنلا يوق ئىدىڭ.

سېنى يۆلەپ ماڭاي دېگەندە... نىكاھ ھارۋىسىغا چىقىپ دۇئايىڭنى ئالاي دېگەندە... يەتتە كۈننى توشقۇزۇپ، كويئوغلۇڭنى ئېلىپ ساڭا سالام بېرەي دېگەندە سەن يوق ئىدىڭ.

سېزىكلىكىمنىڭ غورىسىنى، سېنىڭ قولۇڭدىن ئېلىپ يېگۈم بار ئىدى.

ئادەملىكىمنىڭ تۇنجى قەدىمىنى سېنىڭ يولۇڭ ماڭغۇم بار ئىدى.

ساڭا ئۇتۇقلىرىمنى كۆرسىتەي دېگەندە... دەردلىرىمنى تۆكۈپ، ئېزىلىپ يىغلاپ بېرەي دېگەندە، سەن يوق ئىدىڭ.

ساڭا، نەۋرىلىرىڭگە ئىسىم قويغۇزغۇم كەلدى.

ساڭا، نەۋرىلىرىڭنى ئېگىزلاندۇرۇپ بەرگىن دېگۈم كەلدى. ئۇلارنىمۇ باشقا بالىلاردەك «چوڭ دادام» دەپ پەخىرلەنسىكەن، ئۇلارغا تۇنجى ھەرپنى سېنى تونۇتسىكەن دېگەن ئارزۇنى قىلدىم، لېكىن سەن يوق.

ئوتتۇرا ياشلىق ئادەم بولاي دېدىم، لېكىن مەن تېخىچە، سەن كۆرپىنىڭ يېنىدا... ھېلىقى ھويلىدا قويۇپ كەتكەن جايىمدىن قوزغىلالمىدىم.

سېنىڭ ھېرىسمەنلىك چىقىپ تۇرىدىغان كۆزلىرىڭنى... لەۋلىرىڭ ئارىسىدىن ئاسان چىقمايدىغان سۆزلىرىڭنى ئېسىمدىن چىقىرالمىدىم.

«قېشىڭىز ئاز بوپ قالمىسۇن» دەپ، سەن ئوسما تېرىپ بېرىدىغان كىچىككىنە ئېتىزلىقتىن مەن تېخى يېنىپ كېلەلمىدىم. مەن تېخىچە ئاشۇ گۆدەك، كۆزلىرى سۆزۈلمىگەن، قاناتلىرى قاتمىغان، تۇخۇمدىن ئەمدىلا چىققان باچكا... دادا سېنى سېغىندىم!

مېنىڭ بىر قېتىممۇ يۆلىنىپ بېقىش نېسىپ بولمىغان تېغىم، بىرەر قېتىممۇ سايىداش نېسىپ بولمىغان دەرەخىم... بىرەر قېتىم، بىرەر ئۇچۇممۇ ئۇتالاپ باقمىغان بۇلىقىم... يۆلەكسىز... كۆنلۈكسىز... چاڭقاپ ئۆتۈۋاتقان بىر يۈرەكتە، سەن داۋاملىق يادلىنىۋاتىسەن.

ئۇنى لىقىدە ئورنىۋالغان ھەسرەت گۈللىرى ئىچىدە كۆلۈپ يۈرۈۋاتىسەن... ئۇنىڭ كېچىسىدە يۇلتۇزسەن... ئۇنىڭ گۈللۈكىدە باھارسەن... ئۇنىڭ زىمىستانىغا ھۆسن قوشقۇچى ئاپپاق قارسەن...

يۆلىنەلمىگەن تېغىم! سەن مېنىڭ مەڭگۈلۈك ھەسرەتىمسەن.

## ئۈنتۈما

كەچمىشلەرنى ئانار كۆچىتىنى كۆمگەنگە ئوخشاش كۆمۈۋەتكىلى بولمايدۇ. گۈللەرگە ئوخشاش توزىتىۋەتكىلى ياكى سۇلاردەك ئېقىتىۋەتكىلىمۇ بولمايدۇ.

چۈنكى يۈرەك دېگەن تۇپراق ئەمەس، ئېرىقئۆستەڭمۇ ئەمەس ياكى كېچىدىكى قاپقاراڭغۇ كۆرۈنىدىغان ئاسمانمۇ ئەمەس.

سەن ھەممىنى ئاقار يۇلتۇزدەك ساقىپ كەتتى دەپ ئويلىمايدىغانسەن!؟

ئۈنتۈما! ھاياتنىڭ ھەر بىر دەقىقىسىگە، ھەر بىر قەدىمىگە ھەرقانداق ئىنسان ھېساب بېرىدۇ. مەيلى سەن قانداق ئۇلۇغ ئىشلارنى قىل ياكى پەسكەشلىكلەرنى قىلغىن، پەقەت ئۆزۈڭلا بىلگەن تەقدىردىمۇ ھەممىگە جاۋاب بېرىشكە مەجبۇرسەن!

ئېسىڭدە ساقلا، ھايات ـ ئامانەتتۇر! ئۇنى ھامان تاپشۇرسەن، لېكىن شۇ مەنزىلگە يېتىپ بارغۇچە قىلغانلىرىڭنى ھەرگىز ئۇنتۇما.

ئانارنى سىقىپ سۈيىنى ئىچتىڭ، ئۇنى بىر يۈرەك ئەمەس، دەپ كىممۇ ئېيتالىسۇن؟! گۈللەرنى ئۈزۈپ ۋەيران قىلدىڭ، ئۇنى بىر ناتىۋان قىز ئەمەس، دەپ كىممۇ ئىنكار قىلالىسۇن؟!

ئۇنتۇما، ھېس ـ تۇيغۇنىڭمۇ، دوست ـ يارەنىڭمۇ، ھەتتا دۈشمەنىڭمۇ... ھەممىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق قەدرى بولىدۇ ھەم ھامان قەدرى ئۆتۈلىدۇ.

ئۇنتۇما، بارچە غەنىيمەتتۇر! قەدرىگە يەتكۈدەكلا كىشىلىرىڭ بولسا قەدرىگە يەت. ئۆزۈڭنى بېغىشلىغۇدەكلا ئىشلىرىڭ، كىشىلىرىڭ بولسا بېغىشلا...

بۇ ھايات ھەممىمىزگە تۆت كۈنلۈكلا. كېيىن سەن خالىغان تەقدىردىمۇ ئۇنداق قىلالىشىڭ ناتايىن. شۇڭا پەقەت نىيەت قىلغانلا بولساڭ ھازىرلا ئورۇنلا.

ئۇنتۇما، بەلكىم كۆپ ۋاقتىمىز قالمىغاندۇر. بەلكىم ئەتىلا نامازغا ئېيتقانلار ئىشىك چېكەر...

يەنە نېمىنى ساقلايمىز؟ ئۇنتۇما، ھەممىمىز ئۆلۈمنىڭ شېخىدىكى مېۋىلەرمىز، قايسىمىز قاچان پىشىپ، قاچان تۆكۈلىمىز بۇنىسى ئېنىقسىز.

ئۇنتۇما، شۇنداق بىر كۈنلەر ھامان كېلىدۇ. كۆپ ۋاقتىمىز قالمىدى. ھامان ياۋا گۈللەردەك... ياۋا قۇشلاردەك، يولدىكى ئاياغ ئىزىدىن، تۈن ئاسمىنىدىكى نامەلۇم ئاقار يۇلتۇزدەك ئىز ـ دېرەكسىز غايىب بولىمىز مەڭگۈگە.

ئۇنتۇما ھەرگىز...

## ياغلىق

ــ بىرەر ئىش بولدىمۇ؟ ــ شۇنداق سورىدى ئەتىگەندە كۆرۈشكەن خىزمەتدىشىم.

ــ بىرەر ئىش بولدىمۇ؟ ــ شۇنداق دەپ سورىدى چۈشتە ئۇچرىغان تونۇشۇم.

ــ بىرەر ئىش بولدىمۇ؟ ــ يەنە شۇنداق سورىدى كەچقۇرۇن ئۇچراشماقچى بولغان دوستۇم.

ــ ياق، قانداق دەيلا؟ ــ دېدىم ئېسەنكىرەپ.

ــ ياغلىق چىگىۋاپلا، شۇڭا بىرەر ئىش بولغانمىدۇ، دەپ ئويلاپ قالدىم.

تۇرۇپلا قالدىم، نېمىشقا نورمال ئىشلاردىن ئەجەبلىنىپ، شۇنچە نۇرغۇن، غەلىتە ئىشلارغا ئەجەبلەنمەيدىغاندىمىز؟!

نېمىشقا كۆڭلىكىمىزنىڭ يېڭى يوق؟ نېمىشقا يوپكاڭ بۇنچە قىسقا؟ نېمىشقا دوپپاڭنى كىيمەيسەن؟ نېمىشقا ياغلىق چەگمەيسەن؟ دەپ سوراشنىڭ ئورنىغا، نېمىشقا ياغلىق چېگىسەن دەپ سورايدىكەنمىز؟ نەچچە يىل ئاۋۋال بىر يىغلىشتا بىر ئاچىمىزنىڭ: «توۋا، بۈگۈن غەلىتىلا بولۇپ قالدىم، بىر نەچچە ياش بالا يولدا تۇرۇپتىكەن، ‹قارا، ھەي، ماۋۇ خوتۇن دوپپا كىيىۋاپتۇ، دەيدۇ› شارتلا ئارقامغا ئۆرۈلۈپ، ــ دوپپا كىيمەي، سېنىڭ شەپ-

كەڭنى كىيەمتىم ئۇكام؟ — دېسەم، — توۋا راستلا سارائگەن دەۋاتىدۇ» دەپ، رەنجىپ بەرگىنىنى ئاڭلىغانىدىم.

بۈگۈن، مەنمۇ شۇنداق بىر خىل ئويلارغا چۆكتۈم.

ئەمدى، بىر چىرايلىق، نورمال كىيىملىرىمىز ھازىدارلىق كىيىملا بولۇپ قالارمۇ؟ ياغلىق چىگسەم، بىرەر ئىش بولىدىمۇ؟ دەپ سورايدىكەن دەپ، ئۆمۈرلۈك سالتاڭ بولۇپ كېتەرمىزمۇ؟

ياغلىقلىق باشلار، دۆلەتكە يېقىن، مەينەتتىن يىراق ئەمەسمىدى؟

ياغلىقلىق باشلار، ھاياغا، ئەدەپكە يېقىن ئەمەسمىدى؟ ياغلىقلىق باشلار بىز ئۈچۈن ئەنئەنىمىزنى، ئەدەپ-ئەخلاقىمىزنى ساقلاپ بېرىۋاتقان باشلار ئەمەسمىدى؟

كىچىك چاغلىرىمدا چۈشۈمدە ياغلىق چىگىپ چۈش كۆرسەممۇ، رەھمەتلىك چوڭ ئانام: «دۆلەتمەن ئادەم بولغۇدەكسىز قىزىم، باش كىيىم دېگەن ئوڭدا كىيسە سۆلەت، چۈشدە كىيسە دۆلەت!» دەيتتى. لېكىن، ئۇنداق خاسىيەتلىك چۈشنىمۇ كەمدىن كەم كۆرەتتىم.

ياغلىق چەگمەي يۈرگەن ۋاقتلىرىممۇ بولغان، ئەمما ئۇنىڭمۇ ھەرخىل سەۋەبلىرى بار ئىدى.

بۈگۈن ياغلىق چەگدىم، سۆلەت ياكى دۆلەت ئۈچۈن ئەمەس، بىرەر ئىش بولغىنىمۇ يوق. ئەقلىمنى بىلسەم، ئانام، چوڭ ئانام ھەم مەن كۆرگەن ھەممە ئايال زاتى ياغلىق چېگەتتى. شۇڭا مەنمۇ چەگدىم. ھېچ ئىش بولغىنى يوق، پەقەت موماملىرىغا ئوخشاي دېدىم، ئانامغا ئوخشاي دېدىم، چۈنكى ياغلىق چېگىش قەدىم-قەدىمدىن ئۇلۇغ ئانىلىرىمىزدىن تەۋەررۇك ئادەتلىرىمىزدىن بىردۇر، خالاس!

## ئۆيگە قايتىش

ۋاقىت توشتى، ئاخىر ئىشتىن چۈشتۈم. لېكىن، قەلبىمدە خۇشاللىقتىن ھېچبىر ئەسەر يوق ئىدى.

گەرچە خىزمەت قىلىش كۆڭۈللۈك بىر جەريان بولۇشى كېرەك بولسىمۇ، بىراق بەزىدە ئادەم ئۆزىنى بېسىم ئاستىدىكىدەكمۇ ھېس قىلىپ قالاتتى.

تالادا كوچا چىراغلىرى يورۇپ بولغان، يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى كىچىك دۇكانلاردا تىجارەت شۇنداق قىزىپ كەتكەنىدى.

قول بىلەن كەشتىلىگەندەك تەكشى تورلاشقان پېيزاۋات قوغۇنلىرى، ئېگىز ئورنىغا تىزىلغان تاۋۇزلار، بەشكەرەمنىڭ تازا ۋايىغا يېتىپ پىشقان ئانارلىرى، سۈپسۈزۈك، شېرىن مۇناقىلار، قاغىلىقنىڭ چىندەك چوڭ، رەڭدار ئالمىلىرى؛ يەنە ئىچكىرىدىكى يىل بويى ئىسسىق بولىدىغان يۇرتلاردىن كەلتۈرۈلگەن، تەمى ئۇنچە ياخشى بولمىسىمۇ، شەكلى ھەم رەڭگى تولىمۇ چىرايلىق، كىچىك ئاپېلسىنلار، بانانلار، ئەنبەھلەر يەنە مەن ئىسمىنى بىلمەيدىغان مېۋىلەر ئادەمنىڭ زوقىنى كەلتۈرەتتى.

ئاياللار كۆكتات دۇكانلىرىدىن پالەك، يېسىۋىلەك، چامغۇر، سەۋزە، كۇدە دېگەندەك كۆكتاتلارنى تالىشىپ تېزلىك بىلەن ئۆيلىرىگە مېڭىشاتتى. خام خۇرۇچ دۇكانلىرىدىكى ئەڭ ئاخىرقى خۇرۇچلارمۇ ناھايىتى ئىتتىك سېتىلىۋاتاتتى.

تۇرمۇش رىتىمىنىڭ تېزلىكى، خىزمەت بېسىمى، «چاي»، «توي» ۋە باشقا باردى-كەلدىلىرىمىزنىڭ كۆپىيىشى سەۋەبى بىلەن بارلىققا كەلگەن خام خۇرۇچ دۇكانلىرى ھازىرچە يېڭىلىق بولسىمۇ كىشىلەرنىڭ ئېھتىياجىنى چىقىش قىلغانلىقى ئۈچۈن تېزلا روناق تېپىپ كۆپىيىپ، شەھەرنىڭ چوڭ-كىچىك كوچىلىرىدىن ئورۇن ئالماقتا ئىدى.

ناۋايلار، پەشمەكچى باللار، ياڭاق ھالۋىسى ساتىدىغانلار، قاسساپلار، لەڭپۇڭچىلار، ئۆپكە-ھېسىپچىلار، گازىرچى، ھەم كىچىككىنە پەتنۇسنى بوينىغا ئېسىۋېلىپ، گۆگۈت-چاقماق سېتىپ يۈرگەن باللار... ھەممىسى ئالدىراش، تولىمۇ جىددىيدەك تۇيغۇ بېرەتتى.

«سەكسەن خالتا دۇكانلىرى»دىن، دورا سوقۇۋاتقان ھاۋانچىنىڭ ئەمەس، دورا ئېزىدىغان ماشىنىنىڭ گۈركىرىگەن ئاۋازىغا قوشۇلۇپ، چاي دورىسىنىڭ خۇش بۇيى ھىدى تارقىلاتتى.

پىيادىلەر يولىنىڭ بىر بۇرجىكىگە بېھىلىرىنى تىزىپ ئولتۇرغان بوۋايدىن ئىككى كىلو بېھى ئالدىم، بېھىلەر بەك پاكىز ھەم چىرايلىق بولمىسىمۇ سېتىۋالدىم. ئۇ بوۋاينىڭ، ئاشۇ بېھىلەرنى ساتىمەن دەپ ئۆيگە بۇنىڭدىنمۇ كەچ قېلىشىغا كۆڭلۈم ئۇنىمىغانىدى.

مېيىت نامىزىدىن يانغان جامائەتكە ئوخشاش تەرتىپسىز — ھەم تېز مېڭىۋاتقان توك ھارۋىلىرى، قىستىلىشىپ

بىرىنىڭ كەينىگە بىرى تۇمشۇقىنى تىقىۋالغان، بەزىدە خۇددى قويۇندەك تۇيۇقسىز كېلىۋاتقان ماشىنىلارغا قاراپ، يۈرىكىم، لاق!... لاق!... قىلىپ قوزغىلىپ كېتەتتى. خۇددى بىرەر توك ھارۋىسى كېلىپ گۈسسىدە سوقسا، بېجىرىم پۇتلىرىم قاسسىدە سۇنۇپ، مەن باسماققا چۈشكەن چاشقاندەك پۇتلىرىمنى گەجلەپ، يېتىققا چۈشۈپ قالىدىغاندەك ياكى بىرەر ماشىنا تۇيۇقسىز كېلىپ بېسىۋەتسە، بىر پارچە قەغەزدەك «مىچچىدە» يولغا چاپلىشىپ، مەڭگۈ ئورنۇمدىن تۇرالمايدىغاندەك قورقۇنچ ئىسكەنجىدە ئاۋايلاپ ماڭاتتىم.

بۇرۇتلىرى ئەمدىلا خەت تارتقان ياش باللارنىڭ، دۇكانلىرىنى ئالدىراپ تاقاپ قولۇپلاۋاتقان مويسىپىتلارنىڭ، «ھاجىمكا يول بەرسىلە، ھاجىم ئانا، ئۆتۈۋالاي» دەپ ئالدىراپ مېڭىشلىرىدىن، ناماز شام بولغانلىقىنى پەرەز قىلدىم. ۋۇجۇدۇم ئىللىغاندەك بولدى، دىلىم سۆيۈندى. بىر كۇنلۇك چارچاشلىرىم، ئاشۇ ئىللىق سۆزلەر بىلەن تاراپ كەتكەندەك، كۆڭلۈم كۆتۈرۈلۈپ، خۇشال بولۇپ قالغاندىم.

ئەمدى داۋاملىق پىيادە ماڭسام، ئۆيۈمگە بەكلا كەچ قېلىشىم، ئۆيدىكىلەرنى ئەنسىرىتىپ قويۇشۇم مۇمكىن ئىدى، شۇڭا ئاپتوبۇسقا چىقتىم. كەچقۇرۇن مۇشۇ ۋاقىتلاردا كوچا ئاپتوبۇسلىرى ئادەتتىكىدىن بېسىقلىشىپ كېتىدۇ. ئەمدى جايلىشىپ تۇرۇۋېدىم، 11، 12 ياشلاردىكى بىر بالا ئورنىنى بوشىتىپ بەردى. رەھمەت ئېيتتىم. سۆيۈنۈپ تۇرۇپ. قارىسام ئۇلار بىر نەچچە بالىكەن، قوللىرىدىكى پۇرىقى ناھايىتى كۈچلۈك، خالتىلىق يېمەكلىكنى يېيىشكەچ، پاراڭلىشىپ، كۈلۈشۈپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ چاچلىرىنى سىلىغۇم، قوللىرىنى تۇتۇپ تۇرۇپ: «بالام، بۇنداق نەرسىلەر سالامەتلىككە، ئەقلىڭلارنىڭ ھەم تېنىڭلارنىڭ يېتىلىشىگە زىيانلىق، يېمەڭلار» دېيىشنى ئويلىدىم-يۇ، ئارىلاش تىلدا سۆزلىشىۋاتقان بۇ باللارغا ھېچنېمە دېيەلمىدىم.

ئۇلار ئۆز دۇنياسىنى يارىتىۋاتاتتى، ئۇلارغا مەھمۇد كاشغەريي، يۈسۈف خاس ھاجىب، چىن تۆمۈر باتۇرنى... ئۆزىمىز تونۇتمىدۇق، نېمىنى يېيىش، نېمىنى يېمەسلىك، ئاممىۋى سورۇنلاردا نېمىلەرگە دىققەت قىلىشنى ئۆزىمىز ئۆگەتمىدۇق، ئەمدى كېلىپ تۇيۇقسىزلا نېمە دەيمەن؟ نېمىمۇ دەيمەن؟! ئۇلار كۆرگىنىنى، چوڭلارنىڭ ئۆگەتكىنىنى ئۆگىنىدىغان تۇرسا، ئۇلارغا ھېچنېمە دېمىدىم، پەقەت نۇسرەت تىلىدىم، ئاسايىشلىق، ئامان-ئېسەنلىك تىلىدىم.

تۈمەن كۆلىنىڭ كۆۋرۈكىدىن پىيادە مېڭىپ ئۆتۈشنى بەك ياخشى كۆرەتتىم. لېكىن بۈگۈن ئۇنداق قىلمىدىم، ئۇ يەردە سۇ بار ئىدى، گۈل بار ئىدى، باھار پۇرايدىغان چىملار بار ئىدى. ئۇششاق بېلىقچانلار، سۇۋادانلارغا قونۇپ ئولتۇرىدىغان قاغىلار بار ئىدى. يەنە ئەتىگەندىن تا كەچ كىرگۈچە تولۇق چۈشۈپ تۇرىدىغان قۇياش نۇرى بار ئىدى.

مەيلى قەيەرگىلا باراي، قەشقەردىن ئايرىلسام، ئەڭ ئاۋۋال سېغىنىدىغىنىم مۇشۇ كۆۋرۈك، مۇشۇ يول، مۇشۇ ئاپتاپ، مۇشۇ سۇ بولاتتى. ۋەتەن دېگەن خەتنى ئوقۇسامۇ ھېيتگاھ، ئۇنىڭدىن كېيىن مۇشۇ كۆۋرۈك، كۆز ئالدىمدا شۇنداق روشەن گەۋدىلىنەتتى.

مۇشۇ كۆۋرۈكتە تۇرۇپ، بىردە كۆلگە، كۆلدىكى سۇغا ياكى كۆل بويىدىكى سەيلىچىلەرگە قارايتتىم. بىردە خۇددى قەدىمىي سۈرەتتەك غۇۋا يورۇپ تۇرغان كوزىچى يار بېشىغا قاراپ خىياللارغا غەرق بولاتتىم.

«كۆپىيىش ساغلاملىقى دوختۇرخانىسىغا كەلدۇق، چۈشىدىغانلار ئارقا ئىشىككە كېلىڭلار!» دەپ ئۇقتۇردى ئاپتوبۇستىكى كانايدىن.

ئاپتوبۇستىن چۈشتۈم، ئەمدى چوڭ يولدىن كېسىپ ئۆتسەملا ئۆيۈمگە كىرىمەن.

دېرىزە يورۇق، دېمەك، قەدىردانلىرىم مېنى ساقلاۋېتىپتۇ. يۈرىكىم ئىللىدى، شۈكۈر خۇدايىم، دېدىم ئىچىمدە. دۇنيادا ساقلايدىغان، ئەنسىرەيدىغان، كۆڭۈل بۆلىدىغان ئادىمى يوقلارغىمۇ غەمگۇزارلارنى ئاتا قىلغايسەن!

ئىشىكنى چەكتىم، ئىشىكنى ئاچقۇچ سېلىپ ئېچىشنى ئەمەس، چېكىشنى خالىدىم. چوقۇمكى، ئاپتاپتەك كۈلۈپ تۇرغان بىرى ئىشىكنى ماڭا كەڭرى ئېچىپ بېرىدۇ.

## ساراڭ دوغ

بۈگۈن دوغ ئىچتىم، ئەسلىدە زادى دوغ ئىچمەيتتىم. لېكىن بۈگۈن ئىچتىم. كاۋا چېچەكى رەڭلىك چوڭ چىنىدە قىيام بىلەن قېتىقنى ئارىلاشتۇرۇپ ئەتكەن ساراڭ

دوغىدىن ئىچتىم.

ساراڭ دوغ بەلكىم مۇشۇ يۇرتتىلا بارمىكىن دەپ ئويلايمەن. چۈنكى ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاڭلىغان باشقا يۇرت كىشىلىرى يەنە بىر قېتىم، «ساراڭ دوغ؟» دەپ ياندۇرۇپ سورايدۇ.

هاۋا ئانچە ئىسسىق بولمىسىمۇ، ئۇسساپ كەتمىگەن بولساممۇ دوغ ئىچتىم. چىننىڭ تېگىدىكى چوڭراق چوقچۇلۇپ قالغان مۇزلارغا قاراپ، قەلبىمدىكى تېخىچە ئېرىپ بولالمايۋاتقان مۇزلار ئېسىمدىن كەچتى، ئەجەبا مەن مۇزنى، مۇز بىلەن ئېرىتمەكچى بولغىنىمتىم؟

مۇزلار ئېرىيدۇ، لېكىن سۇلار يەنە مۇزلايدۇ. كۆڭۈلدىكى مۇزلار ئېرىمدۇ؟ يەنە مۇزلامدۇ؟ مەن بۇنى بىلمەيمەن. لېكىن مۇز دوغ ئىچىپ ئولتۇرۇپ، قەلبىمنىڭمۇ دوغ ئىچكەندەكلا مۇزلاپ كەتكىنىنى ئويلىدىم.

تەن مۇزلىسا ئىسسىقلىق بولىدۇ، ئىسسىپ كەتسە مۇز دوغ ئىچسە سەگىيدۇ. ئەمما مۇزلىغان يۈرەك، مۇزلىغان كۆڭۈلنىمۇ ئېرىتىش مۇمكىنمىدۇر؟

ساراڭ دوغ... ساراڭ كۆڭۈل... بىرسى ئېرىپ تۈگەپ كېتىدۇ، يەنە بىرسى مۇزلاپ قېتىپ قالىدۇ.

مۇز چوقۇۋاتقان ۋاششاققا قارىدىم، ئۇ ۋىش-ۋىش ئاۋاز چىقىرىپ مۇزنىڭ يۈرىكىنى تىتىپ چىنىگە چۈشۈرەتتى. ئاندىن قىيام بىلەن قېتىقنى ئارىلاشتۇرۇپ يۈرەكنى سەگىتەتتى.

ئۇنىڭ سوغۇقلۇقىدىنمۇ ساراڭلىقى يۈرەككە بەكرەك ھۇزۇر بېرەتتى، ساراڭ كۆڭۈل... ساراڭ دوغ... ساراڭ بولغانلىقى ئۈچۈن مۇزغا ئارىلىشىپ كېتەمدىغاندۇر ياكى مۇزغا ئارىلىشىپ ئاندىن ساراڭ بولامدىغاندۇر؟ مۇزنىڭ پارە-پارە بولۇپ چىنىگە چۈشۈۋاتقان، ئاندىن مۇزلىغان يۈرەكلەرنى سەگىتىۋاتقان يۈرىكىنى كىم كۆرگەندۇر؟ كىممۇ ئۇنىڭ بىر يۈرەك ئىكەنلىكىگە ئىشىنەر؟

مۇز دوغ ئىچتىم مۇزلاپ كەتكەن قەلبىمگە تەسەللى ئىزدەپ.

مۇز دوغ ئىچتىم مۇزنىڭ پارە-پارە ئۆۋۈلۈپ كېتىۋاتقان يۈرىكىنى يۈرىكىمدە ساقلاپ قويااي دەپ.

مۇز دوغ ئىچتىم مۇزدەك قېتىپ، ئاندىن ئەسلىمىگە ئايلىنىپ، مۇزدەك تىتىلىپ ئېسىمگە چۈشۈۋاتقان ئەسلىمىلەرگە چۆكۈپ ئولتۇرۇپ.

مۇز دوغ ئىچتىم مۇزدەك تەقدىر بىلەن ئۇنچە ئىسسىق بولمىغان بىر كۈننى خام بازىرىدا...

## «ئۆستەڭ بويى»

«ئۆستەڭ بويى»— قەشقەردىكى بىر كوچا.

بۇ يەردىن ھەپتىدە بىر-ئىككى قېتىم ئۆتۈپ قالىمەن، ھېچقانداق سودىلىقىم بولمىسىمۇ، ئىزدەيدىغان ھېچكىشىم بولمىسىمۇ، بۇ كوچىدا مېڭىشنى ياخشى كۆرىمەن.

بۇ يەرنىڭ نامى «ئۆستەڭ بويى» بولغان بىلەن، بۇ يەردە نە ئۆستەڭ يوق، نە سۇ.

قىستىلىشىپ تۇرغان كىچىك-كىچىك دۇكانلاردا قول بىلەن ياسىغىلى بولىدىغانلىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى تېپىلىدۇ.

بۇ كوچا تېخى تاشقا ئايلانمىغان كوچا، بۇ كوچىدا بېشىغا سەرپۇش تۇماق، پۇتىغا مەيسە كالاچ، ئۇچىسىغا كەمزۇل كىيگەن، بېلىگە نەچچە مېتىر رەخت بىللاق (بەلباغ) باغلىغان مويسىپىتلارنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ، بۇ كوچىدا خۇددى مۇشۇ كوچىنىڭ يۈرىكىگە ئوخشاش، مۇشۇ كوچىنىڭ سىرتىغا زادى چىقىپ باقماي ياشاپ كەلگەن، چىرايىنى كۈنمۇ كۆرۈپ باقمىغان تور روماللىق سەدرە ئاياللار بار.

بۇ كوچىدا گىرىپتىشىن كۆڭلىكىنىڭ ئۈستىگە دۇخاۋا جىلىتكە كىيگەن، چاچلىرىنى ئۇششاق ئۆرۈگەن، يەردىن ئۈستۈن قارىمايدىغان ھايالىق قىزلار بار.

بۇ كوچىدا سارغىيىپ پىشقان، لىغ-لىغ ئۆپكە-ھېسىپتىن بىر يەئەنلىك ئېلىپ يەپ، بىر كۈننى بەگدەك ئۆتكۈزگىلى بولىدۇ.

بۇ كوچىدا كىچىككىنە قول ھارۋىسىغا بىساتى 50 يەڭگىمۇ توشمايدىغان لازىمەتلىكلەرنى بېسىۋېلىپ كوچىمۇ-كوچا قاتراپ سودا قىلىپ يۈرۈپمۇ بىر ئۆيلۈك جاننى باققىلى بولىدۇ.

بۇ كوچا مېھىر كوچىسى... بۇ كوچا ئەجىر كوچىسى... بۇ كوچا قەدىر-قىممەت كوچىسى.

بۇ كوچا كىچىك-كىچىك دۇكانلارغا ئىبىسقلىق پوزىنىڭ، ئاپتۇۋا-چىلاپچىنىڭ، دۇتارنىڭ، راۋابنىڭ، بۆشۈكنىڭ، شۇمەكنىڭ، ناغرىنىڭ... رىۋايىتى ئېقىپ يۈرگەن كوچا.

بۇ كوچا قەلبىگە تولۇپ كەتكەن ھەسرەتلەرنى تور رومىلدا يېپىپ قويۇپ كۈلۈپ ياشاۋاتقان جانانەدەك سىرلىق بىر كوچا.

بۇ كوچىدىن ھەر قېتىم ئۆتكىنىمدە تۈنىكىسازلارنىڭ تاراڭ ـ تۇرۇڭلىرى، مىسكەرلەرنىڭ مىس بۇيۇملارغا گۈل ئويۇۋاتقان چېۋەر قوللىرى، يۈزلىرى غۇنچىدە كۈنجۈتلۈك پا ـ پا گىردىلەر، سامسىپەزلەر «ياغ يەپ كەت!» دەپ تووۋلىمىسمۇ پۇرىقى بىلەن ئىشتىھانى قوزغاۋاتقان سامسىلىرى، يۈرىكىمگە ئاپتاپتەك ئىللىق نۇر بېرىدۇ.

بۇ كوچىغا ھەر قېتىم كەلگىنىمدە، كۆك تۈرۈپتا قىلغان لەڭپۇڭدىن، غالتەكلىك ئۆپكە ـ ھېسىپتىن، توخۇمچىنىڭ توخۇمىدىن «ۋارىسىنىڭ ئاچچىق سۈيى»دىن، ھارۋىدا سۆرەپ يۈرۈپ سېتىۋاتقان كۆكتاتلاردىن ئېلىپ يېنىۋاتقان بالىلارنى، ئاياللارنى كۆرىمەن. ئۇلارغا قاراپ ئۆزۈمنىمۇ بۇ كوچىنىڭ ئادىمىدەك ھېس قىلىپ ئىسسىق تۇيغۇلارغا چۆمۈلىمەن.

ئاددىي، كىچىك دۇكانلارغا ئېسىقلىق چالغۇلارنى، نەقىشلىق ساپىقى بار پىچاقلارنى، يۇڭ پالاز، تەڭلىمات، نەچچە يۈز يىللىق تارىخى بار بەقەسەم نىمچىلارنى، ئۆيىنىڭ يېرىمىغا كەلگۈدەك چوڭ ساماۋەرلەرنى، تۈكچىلەرنى، گەزنىلەرنى، نەپىس مىس چەينەكلەرنى، مىس قازان، مىس جۇمبىللەرنى، مىس چويلىلارنىمۇ خۇددى بىر تۇغقىنىمدەك يېقىن بىر تۇيغۇ بىلەن كۆرۈپ ماڭىمەن.

خۇددى مۇشۇ كوچىدىكى ھەر بىر نەرسىنىڭ تىلى باردەك، كۆزى باردەك، ماڭا دەيدىغان سۆزى باردەك، پات ـ پات ئۇلارنى شۇنداق كۆرۈپ كېتىمەن.

بۇ كوچىدىن چىقىپ، قەشقەرنىڭ سۆلىتىنى، شۆھرىتىنى ئاشۇرۇۋاتقان ئېگىز بىنالارغا قارىغىنىمدا بۇ كوچىنىڭ مېھرىنى يەنىمۇ چوڭقۇر سېغىنىمەن.

بۇ كوچا ئاددىي بىر كوچا، بۇ كوچا ئاشۇ ئاددىيلىقى ئىچىدە بىزگە قەشقەرنى ساقلاپ بېرىۋاتقان كوچا، بۇ كوچا ھەر بىر تال كونا خىشىدىمۇ نۇرغۇن ھېكايىلەر، رىۋايەتلەرنى ساقلاپ ياتقان كوچا...

بۇ كوچا يىگىتلەرنى ئەر قىلغان كوچا، قىزلارنى ئانا قىلغان خاسىيەتلىك كوچا... بۇ كوچا ئۈستىگىدە سۇ بېرىپ، قۇمدا ئېغىنىتىپ قەشقەرنى چوڭ قىلغان كوچا...

## يېرىمىم

مەن نۇرغۇن ئادەملەرگە، نۇرغۇن نەرسىلەرگە موھتاج.

شۇ موھتاجلىقلار ئىچىدە ئەڭ موھتاج بولىدىغان كىشىم سەن. مەن يۆلىنىشنى ئىستەيدىغان تاغ ئەمدى پەقەت سەن، قاناتلىرىم تالغاندا قونۇشنى ئۈمىد قىلىدىغان بىر تال شېخىم سەن، مۇزلىغان ۋاقتىمدا قاناتلىرىنىڭ ئاستىغا كىرىپ پاناھلىنىشنى ئىستەيدىغان بىر قۇشۇمسەن. سەندىن زەردار بايلاردىن بوپ كېتىشىڭنى، مېنى نۇرغۇن پۇللارغا، قورۇ ـ جايلارغا، ئېسىل ماشىنىلارغا ئالتۇن ـ كۈمۈش، ئېسىل كىيىم ـ كېچەكلەرگە، قىسقىسى ئادەم ئەيمەنگۈدەك تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرۈشنى كۈتمەيمەن.

ئادەم بولۇپ ياشىساڭ، بىر ئەركەكلىكىڭنى ئۇنتۇپ قالمىساڭلا مەن شۇنىڭدىن قانائەتلىنىمەن.

تالغىنىمدا بىر تال شاخ، ئۇسسۇغىنىمدا بىر پىيالە سۇ، مۇزلىغىنىمدا بىر تال چوغ بولالىساڭ، ھاياتىمنىڭ سەن بىلەن بىللە ئۆتۈشكە پۈتۈلگىنىدىن قاقشىمايمەن، زارلانمايمەن. ھاياتىنىڭ، تەقدىر ـ قىسمەتنىڭ ئالدىدا تىلىم كۆيگۈدەك، كۆزلىرىم باشقىلارنىڭ كۆزىدىن قېچىپ يەرگە تىكىلىپ قالغۇدەك ھالەتكە چۈشۈپ باقمىدىم.

بۇلار ئەلۋەتتە سېنىڭ ھىمايەڭ، سېنىڭ بارلىقىڭدىندۇر.

سەن بولغاچقىلا شۇنداق ئەلۋەك، ئاسايىشلىق كۈنلەر بىز بىلەن بىللە، بىلىمەن بىزنىڭ ئايدىڭ ئاخشاملىرىمىز بولغان ئەمەس، رومانتىكلىقتا تولغان ھېچقانداق تارىخىمىز يوق.

لېكىن ئادەم چوقۇم بېسىشقا تېگىشلىك بولغان يوللارنى بىز بىللە باستۇق، ھارغاندا، ئۇسسىغاندا، يۆلەكسىز، يېپىقسىز قالغاندا ئىككىمىزلا بىر ـ بىرىمىزنى يۆلىدۇق، بىر ـ بىرىمىزگە سۇ بولدۇق بىر پىيالە، نان بولدۇق بىر توغرام، ماكان بولدۇق، ئازراق ئارام ئېلىش ئۈچۈن ياردىتىلغان ماكان.

مەن بۇلاردىن رازى... بۇنىڭدىن كېيىنكى كۈنلەرنىڭمۇ شۇنداق ئەلۋەك، ئاسايىشلىق ئىچىدە ئۆتىدىغانلىقىغا ھەم ئىشەنچىم كامىل! چۈنكى ئەمدى بىز بىر ـ بىرىمىزنىڭ يېرىمى!

## چايخانا

بالىلىق چاغلىرىمدا چولڭ دادامنىڭ چوغدەك قوللىرىنى تۇتۇپ ئارىلاپ چايخانىغا باراتتۇق. ئۇ شۇنداق بىر دۇنيا ئىدى. تولىمۇ ئاددىي، ھەشەم - دەرەمسىز. بىر چەينەك چاينى نەچچە ئادەم ئولىشىپ ئولتۇرۇپ ئىچىپ جاھاننىڭ پارىڭىنى قىلىدىغان.

بىر نېمىنىڭ بولسا بىر بۇردىدىن ئۈشتۈپ ھەممە ئادەم تەڭ يەيدىغان. سەرپۇش تۇماقلىق، چېپەرقۇت تونلۇق مويسىپىتلار، بادام دوپپىلىق، چايدەك ئىسسىق يىگىتلەر، كىيىملىرى جۇل - جۇل ئاشىق - دەرۋىشلەر، مەدداھلار، ۋائىزلار، بەزى ئارام كۈنلىرى ھەتتا ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىمۇ بۇ يەردە ئۇچرىتىش مۇمكىن ئىدى. چولڭ ساماۋەردە پۇرۇقلاپ قايناپ تۇرىدىغان چاي، ئوچاقتا گۆركىرەپ كۆيۈۋاتقان ئوت، تۆتتىن، بەشتىن بىر يەرگە غۇژمەكلىشىپ ئولتۇرۇپ قىزغىن پاراڭغا چۈشكەن بۇ كىشىلەرنى كۆرۈشكە ئامراق ئىدىم. چولڭ دادام كۆپىنچە بىللە ئولتۇرىدىغان كىشىلەر «جەڭنامە»، «سوپى ئاللا يار» ياكى «ھەدىسلەر» ھەققىدە پاراڭلىشاتتى. ئۇلار بەزىدە شېئىرلارنى ئوقۇشسا، بەزىدە ھەدىسلەردىن مەسىلە - مەرۇپ قىلىشاتتى، بەزىدە باشلىرىنى يېقىن ئەكىلىشىپ تۆۋەن ئاۋازدا مەن چۈشەنمەيدىغان پاراڭلارنى قىلىشسا، بەزىدە قىزغىن كوچا پاراڭلىرىنى قىلىشاتتى.

بەزىدە قايسى كۈنى چىققان ئۇۋلىرى ھەققىدە قىزىقىپ پاراڭ قىلىشاتتى. چولڭ دادام مۇنداق دەيتتى: «كېچە ئوۋغا چىققان، بىر مارال ئۇچراپ قالدى كۆرسىلە، شۇنداق سېمىز، يانى بەتلەپ، قارىغا ئېلىپ قاردىسام بوغازكەن كاساپەت، بوپتۇلا كۈنۈڭنى ئال جانىۋار، دەپلا ئۇنىڭ مەرىدىن كەچتىم».

مېنىڭ نەزىرىمدە ئۇلار ھەممىنى بىلىدىغان، ھەممە ئىشنى قىلالايدىغان، قورقماس، باتۇر، كۆيۈمچان مېھرىبان كىشىلەر ئىدى. قايسى مەھەللىدە، كىمنىڭ ئۆيىدە نېمىش بولدى، نېمىش بولۇۋاتىدۇ. كىملەر يارىدەمگە موھتاج، كىملەر نەسىھەتكە موھتاج، قەيەردە نەزىر، قەيەردە توي، ئۇلار شۇنداق يېتىشلىك، كەڭ قورساق، ئاق كۆڭۈل كىشىلەر ئىدى.

بەزى كۈنلىرى مەدداھلار قىسسەلەرنى ئوقۇپ بېرەتتى، بەزىدە ئاشىقلار شېئىرلارنى ئوقۇپ بېرەتتى. بەزى يېتىملار، مۇساپىرلار دەردلىرىنى تۆكەتتى. چايخانىغا بارالىغان كۈنۈم نۇرغۇن ئوي - خىياللارنى يۇدۇپ قايتىپ كېلەتتىم، چولڭ دادامنىڭ قولى تولىمۇ چولڭ، بەكمۇ ئىسسىق تۇيۇلاتتى. ئۇنداق چايخانىلار، ئۆيگە پاتمىغان يېتىم بالىدەك قىستىلىپ شەھەردىن يوقالغىنى نىكەم، لېكىن مېنىڭ كاللامدا دائىملا، چايخانا ۋە چايخانا پاراڭلىرى لەيلەپ يۈرىدۇ.

چولڭ دادامنىڭ چوغدەك قوللىرىنى، چايخۇمار ئاشۇ كىشىلەرنى، چايلىرى دائىملا قايناپ تۇرىدىغان يوغان ساماۋەرلەرنى سېغىنىمەن.

ھازىر، قۇلاققا مۇزىكىدەك يېقىملىق ئاڭلىنىدىغان ئىسىملىرى بار چايخانىلار پەيدا بولدى، ئەلۋەتتە، ھەشەمەتلىكلىكىنى سىرتىدىن قاراپمۇ بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

بۇمۇ بىر دۇنيا، سۇس رەڭلىك چىراغلار گىرىمسەن يورۇتقان، خىيالدەك مەيىن مۇزىكىلار يېنىك ئاڭلىنىپ تۇرغان، ھەرقانچە كۆچەپ دەسسىسىمۇ ئاۋاز چىقمىغۇدەك قېلىن گىلەملەر سېلىنغان، ياز ۋاقىتلىرى مۇزدەك، جانغا راھەت بېغىشلايدىغان، قىش كۈنلىرى ئىللىقلىقىدىن زادى چىقىپ كەتكۈڭ كەلمەيدىغان.

بۇ يەردە ئىسمىنىڭ گۈزەللىكىدىن ھوشۇڭدىن كەتكۈدەك، رەڭگى ھەر خىل — قىزىل، ھالرەڭ؛ تەمى ھەرخىل — تاتلىق، قىرتاق، چۈچۈمەل... قېنىق، سۇس چايلار، بەزىدە ھېچنېمە تېتىمايدىغان لېمون سۈيى بار. ئىچىدىكى ھەممە نېمىسى كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان نەپىس چەينەك، ئىستاكانلار، تىرناقتەك كىچىك چېرايلىق قوشۇقلار، قول سۈرتىدىغانغا ئايياق مۇجامى قەغەزلەر قويۇقلۇق.

بۇ يەردىمۇ پاراڭلىشىپ ئىچ پۇشۇقنى چىقىرىشىدۇ. تاماقلانغاچ ئولتۇرۇپ جاھاننىڭ ئىشلىرى ھەققىدە سۆزلىشىدۇ، دوست بۇرادەرلەر، تۇرمۇش ھەلەكچىلىكىدە چارچىغان تونۇش - بىلىشلەر مۇشۇ يەردە ئۇچرىشىپ ھاردۇق چىقىرىدۇ.

بۇمۇ بىر دۇنيا، تەرەققىي قىلغان، بۇرۇنقىدىن كۆپ گۈزەللەشكەن، لېكىن سىرتقى تۇرقىمىزغا ئوخشاش ھەشەمەتلىك، كۆڭلىمىزگە ئوخشاش قاراڭغۇ، كۈنلىرىمىزگە ئوخشاش رىتىملىق، لېكىن قايىنام - تاشقىن-

لىقىنى يوقاتقان بىر دۇنيا.

بۇ يەرگە ھەر كىم خالىغانچە كىرىپ كېتىۋەرگىلى بولمايدۇ، كېلىپلا باشقىلارنىڭ داستىخىنىغىمۇ داخىل بولغىلى بولمايدۇ، ئۇدۇل كەلگەنلا كىشىگە گەپ قىلغىلى، دەردلىرىڭنى ئېيتقىلىمۇ بولمايدۇ. بۇ يەردە جاھان كەزدى ئاشىقلار يوق، بۇ يەردە مەدداھلار يوق، بۇ يەردە ۋائىزلار يوق، بۇ يەردە چوڭ دادامدەك مويسىپىتلار يوق.

بۇ مۇشۇنداق دۇنيا تېخى ياپياش!

## قەشقەر كوچىلىرى

سىز قەشقەرگە كەلگەن، قەشقەرنى كۆرگەن، قەشقەر كوچىلىرىدا مېڭىپ باققان بولۇشىڭىز مۇمكىن. لېكىن قەشقەر كوچىلىرىنىڭ سېھرىگە چۆمۈلۈپ باققىنىڭىزدىن گۇمانلىنىمەن.

كىچىككىنە بوشلۇقتىن باشلىنىدىغان قەشقەر كوچىلىرىنى ئازماي ئايلىنىپ، يەنە بىر بېشىدىن چىقىپ كېتەلىگەنلىكىڭىزگىمۇ ئوخشاشلا چىنپۈتمەيمەن.

چۈنكى بۇ يەردىكى ھەر بىر كوچا بىر دۇنيا، ھەر بىر كوچىنىڭ پەقەت ئۆزلىرىلا بىلىدىغان سىرلىرى، ھېكايىلىرى، چۆچەكلىرى بار.

ئاددىي خام كېسەكلەردىن قوپۇرۇلغان ئۇ تاملارنىڭ ئارقىسىدىكى ھەقىقىي قەشقەر تۇرمۇشىنى، دەرۋازىلارغا تارتىلغان مىلەڭزىلەرنىڭ كەينىدىكى سىرلىق قەشقەر ئۇيغۇرنى چۈشىنىشىڭىز قايىللىقىمدىن يىراق.

خورما رەڭلىك تور رومال ئىچىدىكى كۆزلەرنىڭ رەڭگى سىزگە مەڭگۈ سىر، ئاشۇ رومالغا ئورالغان ئاۋازلارمۇ سىزگە مۇئەمما.

بويىنىغا كىچىك پەتنۇسنى ئېسىۋېلىپ «سودا» قىلىپ يۈرگەن بالا تىجارەتچىلەر، يول بويىغىلا باش ياغلىقنى يېيىپ ئولتۇرۇپ كۆكتات سېتىۋاتقان، بىلەي سېتىۋاتقان، بېھى، ئانار، ئورا، گۈلە - قاق، كوس - كوس چىلان، ئۇسما - خېنە، زاغرا، كۆك پىيسى... سېتىۋاتقان بوۋايلارنى ئۇيغۇردىلا كۆرەلەيسىز، خۇددى قەشقەرنىڭ بىر پارچىسىدەك بۇ كوچىلاردىن تاپالايسىز.

ياغلىقنى چېكىلەپ چىگىپ تاڭ يورۇماستىنلا كوچا سۈپۈرۈۋاتقان قىزلارنى، تاڭ يورۇماستىنلا بويى بىلەن تەڭ ئېگىزلىكتە دەستىلەپ، ياغلىققا چىگىلگەن قېتىق قاچىلىرىنى كۆتۈرۈپ شەھەرگە كىرگەن قېتىقچى قىزلارنى، دەمدەك ئۇسما قويۇۋېلىپ ئۇسمىسىغا خېرىدار چاقىرىۋاتقان ئۇماق قىزلارنى قەشقەر كوچىلىرىدا كۆرگەنسىز؟

قەشقەر كوچىلىرىدىن شامالدەك يېنىك مېڭىپ چىقىۋاتقان، يۈزلىرى ئۇراقلىق قىزلارنىڭ، چىمەن دوپپىسى خويمۇ ياراشقان خۇش پىچىم يىگىتلەرنىڭ پەقەت مۇشۇ كوچىدىلا چوڭ بولىدىغانلىقىغا ئىشىنەمسىز؟

ئۇلاردىكى ئۆزلۈكنىڭ پەقەت مۇشۇ كوچىلاردىلا يېتىلىدىغانلىقىغا ئىشىنەمسىز؟ ئۇلارنىڭ پەقەت مۇشۇ كوچىغىلا تەۋە ھېسسىياتىنى، پەخىرلىك تۇيغۇلىرىنى، مۇشۇ كوچىدىلا قاناتلانغان خىياللىرىنى سىز بىلەمسىز؟

ئۇلارنىڭ مېڭىش - تۇرۇشى، گەپ - سۆزى، ئولتۇرۇپ - قوپۇشى، قاراشلىرى... ھەممىسى پەقەت مۇشۇ كوچىلارغا مەنسۇپ، ئۇلاردىن باشقا يەنە بىر كىم ئۇ ھەرىكەتلەرنى ئۇلارغا ئوخشاش تەكرارلىيالىشى مۇمكىن ئەمەس ياكى ئۇمۇ مۇشۇ كوچىغا كېلىپ باشقىدىن چوڭ بولۇشى كېرەك.

لېكىن مەن ئىشىنىمەن، چۈنكى مەن مۇشۇ كوچىنىڭ بىر تال خىشىدەك، بىر تال چالمىسىدەك ياكى مەلۇم بىر ئۆيىدىكى بىر تەشتەك گۈلدەك مۇشۇ كوچىغا مەنسۇپ.

مەن مۇشۇ كوچىلارنىڭ ھەر بىر تال خىشىنى دەسسەپ يۈرگەن، ھەر بىر دوقمۇشىدىن تەمتىرىمەي ئۆتكەن، ھەر بىر ھويلىنىڭ مىلەڭزىسىنى ئىككىلەنمەي قايرىپ ياشىغان ئادەم.

مەن بۇ كوچىدىكى ئۆلۈمنى، بۇ كوچىدىكى تۇغۇمنى، بۇ كوچىدىكى ئاجايىپ تويلارنى بىلىمەن.

شۇنداق، مەن مۇشۇ كوچىلارنىڭ مەيىن شامىلى يۈرەكلىرىنى سىيپاپ ئۆتكەن، مەن مۇشۇ كوچىلاردىنلا كۆتۈرۈلىدىغان ئۇيغۇر ئىيى، مەن پەقەت مۇشۇ كوچىغىلا ساقىيدىغان يۇلتۇزى ئۆمرۈم پۈتكەندە...

## كوزىچى يار بېشى

پەنجىرە ئالدىغا كېلىپلا قارىسام سېنى كۆرەلەيدىمەن، شۇڭا كۆزلىرىمنى يۇمۇپ كارىۋاتتا يېتىپمۇ سېنى

خۇددى كۆرۈپ تۇرۇۋاتقاندەك بىمالال خىيال قىلالايمەن. سېنىڭ تۇزۇۋاتقان تۇپا رەڭلىك ئەتىر گۈلدەك ياكى ئېرىپ تۈگەپ كېتىۋاتقان بىر پارچە زاغرا ناندەك قەددىڭگە قاراپ سۈكۈتكە چۆكىمەن.

سېنىڭ كوچىلىرىڭدىن سېيىت نوچىنىڭ ئىزلىرىنى ئىزدەپ پات - پات سېنى ئايلىنىمەن، تۈمەننىڭ شاۋقۇنسىز ياۋاش ئېقىنىدىن نەچچە مىڭ يىللار بۇرۇنقى مەختۇمسۇلانىڭ چېچى چىقىپ قالىدىغاندەك تەلمۈرۈپ قاراپ قالىمەن.

سۈزۈك سۈيى جىلۋىلىنىپ تۇرغان تۈمەن كۆل، كىچىك - كىچىك چىرايلىق چىغىر يوللار، ياپيېشىل چىملىقلار ئاپتاپقا لىق تولغان باغرى بىلەن ساڭا قاراپ تەبەسسۇم قىلدۇ.

شاۋقۇنسىز ئېقىۋاتقان تۈمەن دەرياسى، دەريا بويىدىكى سەيلىچىلەر، ئالدىراش يۈرگەن ئادەملەر، ماشىنىلار سېنىڭ ئۇيقۇڭنى بۇزغۇسى كەلمىگەندەك پەرۋاسىزلىق بىلەن ساڭا ئىرەڭشىمەيلا ئۆتۈپ كېتىشىدۇ.

مەن ساڭا ھەر كۈنى نەچچە رەت قاراپ باقىمەن، توزۇۋاتقان، كىچىكلەۋاتقان، يوقىلىۋاتقان لاي تاملىق ئىمارەتلىرىڭدىن؛ چۇۋۇلغان كەپتەر كوۋۇكلىرىدىن، پەغەزلىرىدىن، ئىشىك - دېرىزىسىز قېلىۋاتقان ئۆيلىرىڭدىن تاراۋاتقان غېرىبلىق قەلبىمنىڭ غېرىب كويلىرىغا قوشۇلۇپ تۈمەنگە قويۇلدۇ، ئاندىن ئاستا - ئاستا يىراقتىكى ناتونۇش يۇرتلارغا ئېقىپ كېتىدۇ.

سېيىت نوچىنى «ئامانەتكە خىيانەت قىلىپ» قولىدىكى خەتنى ئېچىپ باقمىغانلىقى ئۈچۈن ئەيىبلىدۇق. لېكىن بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىزنىڭ روھىدا ناكەسلىك، ئالدامچىلىق، پەسلىك، ئامانەتكە خىيانەت قىلىش يوق ئىدى، شۇڭا ھەممىنى ئۆزىدەكلا ئاق كۆڭۈل، سەممىي دەپ بىلىدىغان ئوغلۇڭ ئۆزىنىڭ ئۆلۈمى بىلەن دۇنيانىڭ يەنە بىر يۈزىنى بىزگە كۆرسىتىپ بەردى.

ئۇ سېنىڭ ئوغلۇڭ ئىدى، ئۇ ئۆلۈمى ئۈچۈن نالە قىلمىدى، سېنىڭدىن ئۆگەنگەن قەيسەرلىكى بىلەن ئۆلۈمگە كۆكرىكىنى تۇتتى، سېنىڭ نالەشلىرىڭگە ئۈنسىز قاراپ قويۇپ بۇ دۇنيانىڭ چۈمبىلىنى قايرىۋېتىپ كېتىپ قالدى.

سەن نۇرغۇن يىللارنىڭ كۆز يېشىنى، كۈلكىسىنى، ئازابلىرىنى، شادلىقىنى قەلبىڭگە كۆمۈپ ياتقان سەۋر - تاقەتلىك، چىدامىلىق بىر روھنىڭ نامايەندىسى! سەن ئۇيغۇردەكلا تۇپا چىراي، چىدامىلىق، قەيسەرسەن! ئۇيغۇردەكلا سەممىي، ئاق كۆڭۈل، قانائەتچان، سەۋر - تاقەتلىكسەن!

قوي كۆزلىرىڭدىن تۆكۈلۈپ تۇرغىنى پەقەت ئۇيغۇرلا ئوقۇيالايدىغان يېزىق، تاملىرىڭدىن، خىشلىرىڭدىن، كوچىلىرىڭدىن تاراۋاتقىنى ئۇيغۇرغىلا خاس خۇددى ناننىڭ ئۇۋۇقىدەك قىممەتلىك روھ.

سەن ھەشەمەتسىز، سەلتەنەتسىز تولىمۇ ئاددىي، لېكىن ئاشۇ ئاددىيلىقىڭ ئىچىگە پۈتمەس - تۈگىمەس، ئەقىل - پاراسەت، چىدام، غەيرەت يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن.

سېنىڭ جىمجىت چوكىلىنىپ ياتقان تۆگىنى ئەسلىتىدىغان تۇرقۇڭ كۆزۈمنى يۇمساملا كۆز ئالدىمدا نامايان بولدۇ. توزۇۋاتقان ئەتىر گۈلدەك بىر تال بىر تالدىن ئازلاۋاتقان جىسمىڭ يۈرىكىمنىڭ بېغىش - بېغىشىغا ئويۇلۇق.

كوزىچى يار بېشى! سەن بەلكىم بۇنىڭدىن كېيىن ئۆيۈمنىڭ پەنجىرىسىدىن ئەمەس، قەلبىمنىڭ دېرىزىسىدىن پارلىشىڭ، قەلبىمنىڭ ئۇچىدىن بىر تېمىم بىر تېمىمدىن تۆكۈلۈشىڭ مۇمكىن.

سەندە ساقلىنىۋاتقىنى كونا خىش، تۇپا تاملا ئەمەس، كونا ئۆي، كونا كوچىلا ئەمەس...

سەندە ساقلىنىۋاتقىنى ئۇيغۇرنىڭ ئەقىل - پاراسىتى، قەيسەرلىكى. ئۇ ئۇنچە كۆركەم چىرايلىق، تارتىملىق بولماسلىقى مۇمكىن، لېكىن ئۇنىڭدا ساقلىنىۋاتقىنى، ئەمدى قەلبلەرگە كۆچۈۋاتقان روھ. ئۇ يەنىلا شۇنداق چىدامىلىق ئۇ ساڭا ئوخشاشلا يەنە نەچچە مىڭ يىل ياشاپ، قەلبتىن قەلبلەرگە كۆچكۈسى.

سەن ئەمدى پەنجىرەمنىڭ ئالدىدا ئەمەس، قەلبىمدە!

---

ئاپتور: قەشقەر كونىشەھەر ناھىيەلىك يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسىدا.

ئابدۇلئەزىز ئەلى ئارقان

# بزدكى تلەمچلك



## مۇقەددىمە

گەپنى ئۇدۇللا دەۋىرەي!

هازىر قىزىل چىراغتا ياكى سودا سارايلىرى ئالدىدا ماشىنىنى توختاتسىڭىز سىزنى بىرىنچى بولۇپ قارشى ئالىدىغىنى نەق تىلەمچىلەر!!! گاهى سىز ئۇلارنى ماشىنا توختىتىش مەيدانىنىڭ هەق ئالغۇچى خادىمىمىكىن دەپ ئويلاپ قالىسىز. ئالدى بىلەن تىلەمچىگە بەرگەندىن كېيىن ئاندىن هەق ئالغۇچىغا بېرىسىز. مەسچىت ئالدى، ئاپتوبۇس بېكەتلىرى، دوختۇرخانا، قەبرىستانلىق... لارنىڭمۇ ئەهۋالى ئاساسەن شۇنداق.

مۇشۇ خىل كىشىلەر توپى ھەققىدە ئىزدىنىپ يۈرگىلى ئۇزۇن يىللار بولغانىدى. ئولتۇرۇپ تىلەۋاتقان، مېڭىپ تىلەۋاتقان، يېتىۋېلىپ تىلەۋاتقان، ئاھ ئۇرۇپ تىلەۋاتقان، ۋارقىراپ-جارقىراپ تىلەۋاتقان، ئالدىلىرىغا دوختۇر ئىسپاتى ۋە ياكى ۋەقە جەريانى بايان قىلىنغان سۈرەتلەرنى تىزىۋېلىپ تىلەۋاتقان، يازدا تۇماق بىلەن جۇۋا كىيىپ تىلەۋاتقان، چومبەل ئىچىدە تىلەۋاتقان، كىچىك بالىلارنى كۆتۈرۈۋېلىپ ياكى يېنىدا ياتقۇزۇۋېلىپ تىلەۋاتقان... بۇلارنىڭ ھەممىسىگە دىققەت قىلىپ يۈرگەنىدىم. ھەتتا بەزىسى بىلەن خېلى تەپسىلىي پاراڭلاشقانمۇ بولدۇم. ئەمما مەندە ھېچبىر قانائەت ھاسىل بولمىغانىدى. چۈنكى ئۇلار بىلەن سۆھبەتلىشىش جەريانىدىلا ئۇلارنىڭ ماڭا راست گەپ قىلمايۋاتقانلىقى بىلىنىپلا تۇراتتى. كوچىلاردا، ئۇلار ئولتۇرغان ياكى تىلەۋاتقان جايلاردا بىللە ئولتۇرۇپ ئەسلا گەپلەشكىلى بولمايتتى. بىر تەرەپتىن ئۇلار راست گەپ قىلىپ بەرمىسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇلار بىلەن ئۇزاقراق ئولتۇرۇشمۇ ئادەمنى بىرەر پىتنە-پاسات گەپكە قويمايدۇ، دېگىلى بولمايتتى. چۈنكى، قىسمەن ئادەملىرىمىزدە ئېتىقاد ۋە ئەخلاق ئېڭى سۇسلاپ كەتكەنىدى. ئۇلاردا قىلچىلىكمۇ مەسئۇلىيەت ياكى گۇناھ تۇيغۇسى يوق ئىدى. بۇ گەپنى دېسەم قانداق بولىدۇ؟ دېمىسەم قانداق بولىدۇ؟ بۇ گەپنى دېسەم مەن نېمىگە ئېرىشىمەن؟ باشقىلار قانداق قىلىدۇ؟ دېگەن سوئاللارنى ئويلاپمۇ قويماستىن، كاللىسىغا كەلگەننى دەۋېرىدىغان ئادەملىرىمىز كۆپىيىپ قالغانىدى. بۇ ھەقتىكى ئىزدىنىشنى توختىتىپ قوياي دېسەم كۆڭلۈم ئۇنىمايتتى. بىۋاستە بىرىنچى قول ماتېرىيالغا ئېرىشىشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ يىل (2012-يىلى) روزا ھېيتتىن بىر قانچە كۈن ئىلگىرى كورلا شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى خەلق ئىشلىرى ئىدارىسى ئارقىلىق شەھىرىمىزدىكى سەرگەردان تىلەمچىلەرنى بىر يەرگە يىغىپ، ھۆكۈمەت چىقىم قىلىپ بېقىپ، ئۇلارنى ئۆز يۇرتلىرىغا ئاپىرىپ قويۇشنى قارار قىلىپتۇ ۋە بۇ ئىش ئەمەلىيلىشىپ، شەھىرىمىزدىكى بارلىق سەرگەردان تىلەم-

ئۆزۈڭنى تونۇ!

چىلەر ئاۋات يېزىسىنىڭ ئىلگىرىكى ياشانغانلارنى بېقىش ساناتورىيەسىگە يېقىپتۇ. مېنىڭ بىر تۇغقان ئاكام مەزكۇر يېزىنىڭ خەلق ئىشلىرى كادىرى بولۇپ، بۇ تىلەمچىلەرنى يىغىپ، ۋاقىتلىق بېقىش ۋە يۇرتىغا ئاپىرىپ قويۇش ۋەزىپىسى نەق مۇشۇ ئاكامنىڭ گەدىنىگە يۈكلىنىپتۇ. روزا ھېيت كۈنى ئاكام بۇ خەۋەرنى ماڭا ئېيتىپ، تىلەمچىلەر بىلەن پاراڭلىشىش پۇرسىتىمنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى، ئۇلار بىلەن قانچىلىكلا پاراڭلاشسام بولىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. مەن بىر تەرەپتىن ئاكامغا تەشەككۈر ئېيتسام، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇلار بىلەن پاراڭلىشىشقا ئالدىرىدىم. نەق مەيداننى سىنئالغۇ ۋە رەسىمگە ئېلىش ئۈچۈن، سودا سارىيىغا بېرىپ، سىپېرلىق سىن ۋە سۈرەت ئالغۇدىن بىرنى سېتىۋالدىم ھەمدە خاتىرە-قەلەملىرىمنى تەييار قىلىپ، يېزىلىق ساناتورىيەدە «ھېيت» ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن شەھىرىمىزنىڭ ئاۋات يېزىسىغا يۈرۈپ كەتتىم.

مەن بارغاندا كۈن پېشىن بولغانىدى. ئۇلارنىڭ بىر قىسىم ياشانغانلىرى چۈشلۈك تاماقلىرىنى يەپ بولۇپ، ئېزىلىشىپ، تام تۈۋى، دەرەخ سايىسى دېگەندەك ئۆزلىرىنىڭ مىجەزىگە ماس كېلىدىغان جايلاردا — داق يەردىلا يانپاشلىنىپ يېتىشاتتى. بىر قىسىم ئاياللار ساناتورىيە ھويلىسىدا كىر يۇيۇۋاتاتتى، بالا تىلەمچىلەر بولسا ھويلا ئىچىدە قىيغىتىشىپ ئويناۋاتاتتى، ياش قىزلار بولسا توپلىشىۋېلىپ قارتا ئويناۋاتاتتى.

ئاكام ۋە خەلق ئىشلىرى ئىدارىسىدىن كەلگەن كادىر بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتۈم ۋە ئۇلارنىڭ ھېيت كۈنىمۇ ئىشلەۋاتقانلىقىدىن تەسىرلەنگىنىمنى يوشۇرماي تەشەككۈرۈمنى بىلدۈردۈم. ئۇلارنىڭ مېنى قىزغىن قارشى ئالغانلىقىنى كۆرگەن تىلەمچىلەر مېنى يۇقىرىدىن كەلگەن كادىر ئىكەن، دەردىمىزنى مۇشۇ باشلىققا (ئەمەلىيەتتە مەن بىر تىجارەتچى) ئېيتساق، بىزنى تېزرەك قويۇۋېتىشى مۇمكىن دەپ ئويلاپ قېلىشقانىدى (كېيىنكى سۆھبەت بۇنى ئىسپاتلىدى). بۇ ھال مېنىڭ بۇ كىشىلەر بىلەن يېقىنلىشىش پۇرسىتىمنى تېخىمۇ ۋايىغا يەتكۈزدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى ساناتورىيە ئىشخانىسىغا بىردىن-بىردىن چاقىرىپ سىنغا ئالدىم، سۈرەتكە تارتتىم، سۆھبەت خاتىرىسى يازدىم، سۆھبەتنى ئۈنئالغۇغا ئالدىم. بۇلار بىلەن پاراڭلاشقانسېرى ئىلگىرى بۇلار ھەققىدىكى چۈشەنچەمنىڭ تولىمۇ يۈزەكى، جەمئىيەتتىكى كىشىلەرنىڭ ئومۇمەن بۇلارنىڭ ئەھۋالىدىن بىخەۋەر ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم. مەندە ئۇلارنىڭ سۈرىتى، ئاۋازى، كىملىك نۇمۇرى، تەپسىلىي ئادرېسى بار. ئۇلارنىڭ ئىنسانلىق ئىززەت-ھۆرمىتى ۋە كىشىلىك ھوقۇقى نۇقتىسىدىن ئۇلارنىڭ شەخسىي ئۇچۇرى ھەققىدە ھېچقانداق مەلۇمات بەرمەستىن، پەقەت ئۇلار قىلىۋاتقان بۇ تىلەمچىلىكنىڭ پۈتۈن جەمئىيەتكە، مىللەتكە، ھەتتا دۆلەتكە كەلتۈرىدىغان زىيىنىنى كۆزدە تۇتۇپ، بۇ كىشىلەر ۋە ئۇلارنىڭ قىلىۋاتقان تىلەمچىلىكى ھەققىدە كەڭ ئوقۇرمەنلەر بىلەن پىكىرلىشىش مەقسىتىدە قولۇمغا قەلەم ئالدىم:

بىلىمىز، ئەسلىدە ئىنسان ھۆرمەتكە سازاۋەر، ئىززەتلىك يارىتىلغانىدى. يارالمىش تارىخلاردا پەرىشتىلەرمۇ ئىنساننى ھۆرمەتلەپ ئۇنىڭغا سەجدە قىلغان، ئەمما تىلەمچىلەر بۇ ھۆرمەت ۋە بۇ ئىززەتتىن ۋاز كەچكەن كىشىلەردۇر.

شۇنىمۇ بىلىمىز، ئەمگەك — ئىنساننىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن (شۇ ئىنسان ئۆزىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) جىسمانىي ياكى مەنىۋى جەھەتتىن كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقنى كۆرسىتىدۇ، ئەمما تىلەمچىلەر بۇنداق تىرىشچانلىقنى مەسخىرە قىلىدىغان مەسخىرىۋازلاردۇر.

ئەمگەك ئۆز نۆۋىتىدە جىسمانىي ئېنېرگىيە ۋە ئىقتىدارنى دەسمايە سېلىپ، كائىناتتىكى بارلىق ياخشىلىقلاردىن بەھرىلىنىشتىن ئىبارەت. ئەمما تىلەمچىلەر بۇنداق ئېنېرگىيە ۋە ئىقتىدارنى سەرپ قىلىشتىن ھاسىل بولىدىغان ھۇزۇرنى بىلمەيدىغانلاردۇر. ئۇلار ئەسكى پالازنىڭ ئۈستىدە، نەم ۋە سوغۇق يەرلەردە ئولتۇرۇپ، ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ھاقارەتلىك كۆرۈنۈش پەيدا قىلالىسا ئاندىن ھۇزۇرلىنىدىغانلاردۇر.

ئىنسان ئەمگەك ئارقىلىق باياشات تۇرمۇشقا ۋە ماددىي قولايلىقلارغا ئېرىشىدۇ. ھالال كەسىپلەر ئارقىلىق ھارام نەرسىلەردىن يىراقلىشىدۇ، ئەمما تىلەمچىلەردە بولسا ھالال-ھارام تۇيغۇسى ئاللىقاچان يوقالغان، نېمىلا ۋە قانداقلا بولسا ئېرىشسىلا بولىدۇ.

ئەمگەك ئارقىلىق ئىنسان ئۆزىنىڭ ئىنسانلىق قەدىر-قىممىتىنى ساقلايدۇ، ئۆزىگە ھاقارەت ئېلىپ كېلىدىغان ئىش باشقىلارغا قول سۇنۇشتىن يىراق بولىدۇ. ئەمما تە-

لەمچىلەر باشقىلارغا قول سۇنغان ۋاقىتتا ئۆزلىرىنى شەرەپلىك ۋەزىپە ئىجرا قىلىۋاتقان قەھرىماندەك ھېس قىلىشىدۇ.

ئەمگەك ئۆز نۆۋىتىدە ئىقتىسادنى جانلاندۇرۇپلا قالماستىن، مىللەتنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشتىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە، بۇ نۇقتىنى تىلەمچىلەرنىڭ ھېس قىلىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس.

تىلەمچىلەر يەنە ئەمگەكنى ئاددىي چاغلاشقا ۋە ھالال ئەمگەكلەردىن نومۇس قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى بىلمەيدىغان ئىنسانلار توپىدۇر.

تىلەمچىلىك مەسلىسى يەرشارى خاراكتېرلىك مەسىلە بولۇپ، يۇكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان ئامېرىكىنىڭ چوڭ شەھەرلىرىدىمۇ تىلەمچىلەرنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ.

تىلەمچىلىك ھادىسىسى جەمئىيىتىمىزدىكى رېئال ئىجتىمائىي ھادىسە بولۇپ، نۆۋەتتە ئۇ ئىقتىساد، سەھىيە، مائارىپ، قاتناش، جەمئىيەت تەرتىپى، دۆلەت ۋە مىللەت، شۇنداقلا شەھەر ئوبرازى... قاتارلىقلارغا سەلبىي تەسىرلەرنى كۆرسەتمەكتە. شۇڭا ئۇنىڭ ھازىرقى تەرەققىيات يۆزلىنىشى، ئالاھىدىلىكى، شۇنىڭدەك مەسىلىنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى سەۋەبلەرنى ئەتراپلىق تەتقىق قىلىش — نۆۋەتتە ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

## تىلەمچىلىكنىڭ تەبىرى

تىلەمچىلىك — ئاممىۋى سورۇنلاردا، يوللاردا، ئۆيلەر ۋە مەسچىتلەر ئالدىدا كىشىلەردىن سەدىقە تىلەش جەريانىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ خىل ھەرىكەت بىلەن شۇغۇللانغۇچى «تىلەمچى» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ يەنە «دىۋانە، قەلەندەر، سائىل، تېجىمەل، ئابدال» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. مەخسۇس خاماندىن ئاشلىق تىلەيدىغان ئادەم «ئابدال» ئاتىلىدۇ. باشقىلارنىڭ ئۆيىدە ئۇششاق-چۈششەك ئىش قىلىپ، ئاندىن بىر نەرسە سورىغان ئادەم «تېجىمەل» دېيىلىدۇ. «دىۋانە» پارسچە سۆز، «سائىل» ئەرەبچە سۆز بولۇپ، ھەر ئىككىسىنىڭ مەنىسى ئۇيغۇر تىلىدىكى تىلەمچىنىڭ نەق ئۆزىدۇر. تىلەمچىلەر ئۆزلىرىنى «دىۋانە» دېيىشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇلارنى «تىلەمچى» ياكى «قەلەندەر» دېسە «غۇرۇرى»غا تېگىدۇ، بەك رەنجىپ كېتىدۇ.

تىلەمچىلەر ئىچىدە، پۈتۈن ھاياتى تىلەمچىلىك بىلەن ئۆتكەنلىرىمۇ، كېيىنكى ئۆمرىدە تىلىگەنلەرمۇ، ياشلىقىدا تىلەپ قېرىغاندا توۋا قىلغانلىرىمۇ بار.

تىلەمچىلىك ھەققىدە خەلقىمىز «تىلەمچىنىڭ خالتىسى — تۆۋى يوق ھالڭ»، «ئارزۇ ئەمەلىيەتكە باراۋەر بولسا، تىلەمچى ئاللىقاچان باي بولۇپ كېتەتتى»، «قەلەندەرنىڭ خۇرجۇنى توشماس»، «قەلەندەردىن قەلەندەرگە ياخشىلىق يوق»، «دىۋانىگە نېپىز نان بەرسەڭ، ‹قېلىنىنى كەم ئالغان› دەر»، «ئىتنىڭ قاۋىغىنى بىكار، ھايان دىۋانىنىڭ»، «ئابدالغا جىگلاپ بەرسەڭ، ‹جىگنىڭ راستىمۇ› دەر»، «بۇقا بويىنغا يىغار، ئابدال قويىنغا»، «يالاقچى يالاق بىلەن ماڭىدۇ، تېجىمەل تاياق بىلەن»، «تېجىمەل كېيەن تاپسا ئۆلۈۋالار» دېيىش ئارقىلىق تىلەمچىلىكنىڭ يامان يول ئىكەنلىكىنى ئەپچىللىك بىلەن ئىپادىلىگەن.

## تىلەمچىلىكنىڭ كونا-يېڭى شەكىللىرى

دۇنيادىكى بارلىق تىلەمچىلەر گەرچە ۋاستىسى ھەر خىل بولسىمۇ مەقسىتى بىرلا، ئۇ بولسىمۇ پۇل تېپىش!

تىلەمچىلەرنىڭ تىلەش ئۇسۇلى ئەلۋەتتە ئوخشىمايدۇ. ئابستراكت نۇقتىدىن ئېيتقاندا ئۇلار ئۈچ خىل ئۇسۇلدا تىلەيدۇ؛ بىرىنچى، مۇقىم بىر جايدا ئولتۇرۇپ تىلەش؛ ئىككىنچى، يۆتكىلىپ-مېڭىپ يۈرۈپ تىلەش؛ ئۈچىنچى، ھارۋاچاقلاردا ئاجىز ياكى كېسەل قىياپىتىدە سونايلىنىپ يېتىپ تىلەش.

ئەمما ئۇلارنىڭ كونكرېتنى تىلەش شەكلىگە كەلسەك تۆۋەندىكىلەرنى ئۆلگە خاراكتېرلىك مىسال كەلتۈرۈشىمىز مۇمكىن:

1. تىز ۋە جەينەكنىڭ ئاستىنى يوق قىلىپ كۆرسىتىش

بۇنىڭدا تىلەمچى ئالدى بىلەن ئىشتىنىنىڭ بىر پۇشقىقىنى تىزىنىڭ ئۈستىدىن كېسىۋېتىدۇ، ئاندىن تىزىنىڭ ئاستىنى يوتىسىغا پۇختا باغلايدۇ، كېيىن تىزىغا دورىخانىدىن سېتىۋالغان بىر خىل سۈيۈقلۇقنى سۈرىدۇ (چاپىدۇ)، بىر ئازدىن كېيىن تىزى خۇددى كۆيۈكتىن ساقايغاندەكلا ھالەتكە كېلىدۇ. بۇ پۇتنى (تىزنى) كۆرگەن ھەر قانداق ئادەم بۇ تىلەمچىنىڭ پۇتى كۆيۈپ، تىزىدىن كېسىۋېتىلگەنىكەن دېگەن تۇيغۇغا كېلىپ قالىدۇ. «ئىشتىن چۈشكەن»دە (تىلەمچىلىكنى ئاخىرلاشتۇرغاندا) بولسا پۇتىنى بوشە-

تىپ، قاچا يۇيۇش سۇيۇقلۇقى بىلەن پاكىز يۇيۇۋېتىدۇ. قولىمۇ شۇ خىل ئۇسۇلدا «چۇلاق» كۆرستىلىدۇ. جەينەك ۋە تىزى راستىنلا كېسىۋېتىلگەنلەرمۇ بولىدۇ، ئەمما ئۇ قىسمەن ئەھۋال.

2. بىر ياكى ئىككى بالداققا تايىنىپ، ئۆزىنى توكۇر كۆرستىپ تىلەش

بۇنداقلار ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ. مەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈۋاتقان شۇ يەيتىمۇ ئىككى بالداقلىق بىر تىلەمچى بالدىقنى تام تۈۋىگە يۆلەپ قويۇپ، ساناتورىيە تېمىدىن ئارتىلىپ قېچىپ كېتىپتۇ. ئۇلار بالدىقنى پەقەت كىشىلەرنىڭ ھېسداشلىقىغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ كۆزىنى بوياپلا كۆتۈرۈۋالماستىن، زۆرۈر تېپىلسا باشقىلار بىلەن ئۇرۇشىدىغان قورال قىلىپمۇ ئىشلىتىدۇ. بالداقلىق تىلەمچى بىلەن سوقۇشۇپ قالغان بىر ئادەمنىڭ تىلەمچىنىڭ بالدىقىنى يەپ، ئاغزى-بۇرنىدىن قان كەتكىنىنى كۆرگەنمەن.

3. دوختۇرخانا تەرىپىدىن بېجىرىپ بېرىلگەن ئېغىر كېسەللىك ئىسپاتى ياكى قاتناش باشقۇرۇش تارماقلىرى تەرىپىدىن ئېغىر قاتناش ھادىسىسىگە يولۇققانلىق ئىسپاتى ۋە ياكى يېزىلىق ھۆكۈمەت تەرىپىدىن قىيىنچىلىقى ئېغىر ئىكەنلىكى توغرىسىدا يېزىپ بېرىلگەن نامراتلىق ئىسپاتىنى ئالدىغا قويۇۋېلىپ تىلەش.

مەن مۇشۇ خىل ئۇسۇل بىلەن تىلەمچىلىك قىلىدىغان تىلەمچىلەردىن قانداق قىلىپ بۇ يالغان ئىسپاتلارغا ئېرىشەلىگەنلىكىنى سورىسام، ئۇلار بىردەك ھالدا «پۇل بىلەن ئوڭشايمىز» دەپ جاۋاب بەردى. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە، دوختۇرخانا، قاتناش باشقۇرۇش تارماقلىرى ۋە يېزا-كەنتلەردە تونۇش-بىلىشلىرى بولۇپ، ئۇلارغا پۇل بەرسىلا ئۇنداق ئىسپاتلارنى تەييار قىلىپ بېرىدىكەن. كۆپ قىسىم ئىسپاتلار يالغان بولۇپ، بىر تىلەمچى ناھايىتىمۇ يۇمۇرلۇق قىلىپ «بىزگە پۇل تاشلايدىغانلار بۇ ئىسپاتنى تەكشۈرۈپ يۈرەمتى !» دېدى.

4. بىر جەمەت ياكى بىر ئائىلە ۋە ياكى بىر يۇرتلۇقلار بىرلىشىپ، مەلۇم رايون، مەھەللە، كوچا ياكى تىجارەت ئورنىنى ئىگىلەپ، تەشكىللىك ھالدا تىلەش.

بۇ قېتىم ساناتورىيەگە ئېلىپ كېلىنگەنلەر ئىچىدە بىر ئۆيدىن ئەر-ئايال، يەتتە بالا، ئەرنىڭ ئانىسى ۋە چوڭ قىزىنىڭ ئېرى بولۇپ، 11 ئادەم ھەممىسلا تىلەيدىكەن. بالىلار بىۋاستە تىلىمىسىمۇ، چوڭلارنىڭ قۇچىقىدا ئۇخلاپ بېرىپ ۋاستىلىك تىلەيدىكەن.

5. بېقىنىغا شىلەڭكە ۋە قوتا ئېسىۋېلىپ، بۆرەك كېسىلى قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ تىلەش. مەن 28 ياش ئەتراپىدىكى ياش بىر تىلەمچى بىلەن بۇ ھەقتە تەپسىلىي پاراڭلىشىپ قالدىم. ئۇ مېنىڭ ئەستايىدىللىقىمدىن ياكى ئۇنىڭغا ياخشى مۇئامىلە قىلغانلىقىمدىن تەسىرلىنىپ قالغان بولسا كېرەك، بۇ ھەقتىكى «ھۈنىرى»نى مەندىن ئايىمىدى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، شىلەڭكىنىڭ بىر ئۇچىنى دوختۇرخانىلاردا ئىشلىتىدىغان پىلاستىر بىلەن بېقىنىغا چاپلاپ، يەنە بىر ئۇچىنى يالتىراق قوتىنىڭ ئىچىگە سېلىپ، يانپىشىغا ئېسىۋالىدىكەن. قوتا ئىچىگە شاپتۇل شەربىتىدىن ئازراق قۇيىدىكەن، ئۇنىڭ ئېيتىشىچە شاپتۇل شەربىتى سۈيدۈككە بەكمۇ ئوخشايدىكەن، ھېچكىمنىڭ ئۇلارنىڭ بېقىنىدىكى پىلاستىرنى سويۇپ كۆرۈپ بېقىش خىيالى ياكى ئىمكانىيىتى بولمىغاچقا، ئاتالمىش بۇ «بىچارىلەر»گە ئىچى ئاغرىپ كېتىدىكەن ۋە ئايىماي بېرىۋېتىدىكەن.

ئەگەر تىلەمچىلەرنىڭ تىلەمچىلىك قىلىش ئۇسۇللىرىنى كونكرېتنى بايان قىلىشقا توغرا كەلسە سۆز بەك ئۇزىراپ كېتىشى مۇمكىن.

تىلەمچىلەرنىڭ بىر قىسمى يەنىلا ئەنئەنىۋى ئۇسۇللار بىلەن تىلەيدۇ، باشقىلارنىڭ ئىچ ئاغرىتىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن يەنە شۇ كونا كىيىم، مەينەت سېلىنچا ئىشلىتىدۇ، ئەمما بىر قىسىم سەزگۈر، زامانغا لايىق، «ئېجادچان» تىلەمچىلەر تىلەش «ئۇسلۇبى»نى ئاللىقاچان ئۆزگەرتىپ بولدى، ئۇلار يېپيېڭى كىيىملەرنى كىيىپ يالغاننى قويۇۋېتىدۇ: «ئىقتىسادتىن ئازراق ئۈزۈلۈپ قالدىم، يۇرتقا بېرىۋالسام بولىدى!»، «پۇلۇمنى ئوغرى ئېلىپ كەتتى...» دېگەن سۆزلەر ئۇلارنىڭ يانچۇقىدىلا.

تىلەمچىلىك مەيدانلىرى ئاساسەن چوڭ-كىچىك كوچا، مەسچىت ئالدى، ئاپتوبۇس بېكەتلىرى، باغچىلار، بازارلار، كوچا ئاپتوبۇسلىرى، ماي قاچىلاش پونكىتلىرى، دوختۇرخانىلار، تەنتەربىيە مەيدانلىرى، كىنوخانىلار، قەبرىستانلىقلار... بولۇپ، ھەتتاكى بەزى جىنايەتچىلەر (قاتىل، زەھەر ئەتكەسچىلىرى) باشقىلارنىڭ دىققىتىنى تارتىپ قويماسلىق ئۈچۈن تىلەمچى سىياقىدا ياسىنىۋالىدۇ، يەنە بەزىلىرى بولسا دۇئا-تىلاۋەت ۋە قۇرئان قىرائەت-

لەرنى ۋاستە قىلىدۇ، يەنە بىر قىسىملىرى تەسىرلىك ۋەز-نەسىھەتلەرنى سۈيىئىستېمال قىلسا، يەنە بىر قىسىملىرى داخان-باخشىلىقنى كەسىپ قىلىۋالىدۇ، يالغان تېۋىپ قاتارىغا كىرىۋالىدىغىنىمۇ بار.

مېنىڭچە خەلق ئىشلىرى تارماقلىرىمۇ تىلەمچىلەرنىڭ سانىنى تولۇق ئىستاتىستىكا قىلىپ بولالمىسا كېرەك. چۈنكى تىلەمچىلەر يۆتكىلىپ تۇرىدىغان بولۇپ، بىر يەردە مۇقىم تۇرۇۋالمايدۇ، قايسى ئورۇن ياكى قايسى شەھەرنىڭ «بازىرى» ياخشى بولسا شۇ ئورۇن، شۇ شەھەرگە كېتىۋېرىدۇ. ئادەتتە ئۇلارنىڭ كىملىكىمۇ يوق دېيەرلىك. چۈنكى ئۇلار ئۆز سالاھىيىتىنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن ئاشكارىلىنىپ قېلىشىنى ياقتۇرمىغاچقا كىملىكىنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ يۈرمەيدۇ.

تىلەمچىلىك رامىزان ئېيى، ئىككى ھېيت، ھارپا ۋە جۈمە كۈنلىرىدە بەكلا «جانلىنىپ» كېتىدۇ، بولۇپمۇ ھارپا كۈنلىرى شىنجاڭ بويىچە مازار بازارغا ئايلىنىدىغان كۈنلەردۇر.

تىلەمچىلەر ئۆزئارا تەجرىبە ئالماشتۇرىدۇ، ئۇچۇر يەتكۈزىدۇ. تۇغقانلىرى ياكى بىر مەھەللىلىكى ۋە ياكى بىر يۇرتلۇقى بولۇپ قالسا بىر-بىرىگە چاپان يېپىشىدۇ ۋە (خېرىدار)لىرى ھەققىدە بىر-بىرىگە ئۇچۇر يەتكۈزۈشىدۇ. ئەمما تۇغقان، يۇرتداش ئەمەس كىشىلەرگە بولسا دۈشمەنلەرچە نەزەر بىلەن قارايدۇ ۋە ئۇلار بىلەن رىقابەتلىشىدۇ، زۆرۈر تېپىلسا ئورۇن تالىشىدۇ، ئۆزئارا بىر-بىرى بىلەن ئۇرۇشىدۇ، ھەتتا جىنايەت سادىر قىلىشى مۇمكىن.

تىلەمچىلىكنىڭ بەزىدە باي، كەمبەغەللىك بىلەن مۇناسىۋىتى يوق، تىلەمچىلەر بۇنى پەقەت «كەسىپ» دەپ قارايدۇ، بەزىلىرى بۇ ئىشقا راستىنلا خۇمار بولۇپ قالغان بولۇپ، تىلىمىسە تۇرالمايدۇ.

تىلەمچىلەرنىڭ ئاز بىر قىسمىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ئۇلار ئومۇمەن مۇقىم مۈلۈككە مەبلەغ سالمايدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ مۇقىم مۈلكى كىشىلەر تەرىپىدىن ئاسانلا بايقىلىپ قالىدۇ، شۇڭا ئۇلار پۇللىرىنى نەق پۇل شەكلىدە بانكا كارتىسىدا ساقلايدۇ. كۆپىنچىسى كارتىنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ يۈرمەيدۇ، بىر بولسا مەلۇم جايغا يوشۇرۇپ قويىدۇ، يەنە بىر بولسا ئەڭ يېقىن كىشىلىرى (بالىسى، بىر تۇغقىنى دېگەندەكلەر)گە ساقلاشقا بېرىدۇ.

تىلەمچىلەر تىجارىتى بەك بولىدىغان پەسىل ۋە ۋاقىتلاردا ئىجارىگە ئادەم سالىدۇ، بوۋاق، كىچىك بالا، قىزلار دېگەندەك.

ئۇلار تۈرلۈك نەيرەڭلەر بىلەن ھېلى «توكۇر»، ھېلى «گاس»، ھېلى «گاچا»، ھېلى «قارىغۇ» بولۇۋالىدۇ، ھەتتا زۆرۈر تېپىلسا ئەرلىرى «خېنىم»، ئاياللىرى «بوۋاي» بولالايدۇ، ھەتتاكى تىلەمچىلەر ئىچىدە باشقىلارنىڭ ھېسداشلىقىغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئۆزىنى راستىنلا مېيىپ قىلىۋالغانلارمۇ بار.

تىلەمچىلەر تىلەشتىن ئىلگىرى تولۇق تەييارلىق قىلىدۇ، يەنى كونا كىيىم، جەيناماز، سەللە، ئۆرۈق، دوختۇر ئىسپاتى... دېگەندەكلەرنى تەييار قىلىدۇ. قىزلار بولسا جەلپ قىلىش كۈچى يۇقىرى، يولدىن ئۆتكەنلەرنىڭ دىققىتىنى تارتالىغۇدەك كىيىملەرنى كىيىدۇ. مەسىلەن، گىرىم قىلىش ئارقىلىق چىرايىنى قانسىراپ كەتكەن، ئۇزۇقلۇق يېتىشمەيۋاتقان، ئاچ قورساق... قىلىپ كۆرسىتىدۇ.

ئۇلار كىمنى قانداق «ئوۋلاش»نى ناھايىتى ياخشى بىلىدۇ. سىز كوچىدا بەخىرامان ئۆز كويىڭىز بىلەن كېتىۋاتقاندا، تىلەمچى سىزنى قانداق «ئوۋلاش» ھەققىدە ئويلاپ ئۈلگۈرىدۇ.

تىلەمچىلەر ئەڭ نازۇك ئورۇنلارنى تەھلىل قىلىپ تاپالايدۇ. شۇڭا دىنىي كۆز قاراشنىڭ ئەبجەش يەرلىرىدىن ئۈنۈپ چىققان «روھ ھەر دۈشەنبە ۋە پەيشەنبە كۈنلىرى قايتىپ كېلىدۇ» دېگەندەك خۇراپىيلىقلاردىن تولۇق پايدىلىنىدۇ. ھېيت-بايرام بىر مەنىدىن شۇلار ئۈچۈنلا قالتىس بولىدۇ. بىزنىڭ ھېيت كۈنىدىن بىر كۈن بۇرۇن قەبرىستانلىق ۋە مازارلارغا يېقىنلىرىمىزنى يوقلاپ بېرىشتەك ئەنئەنىمىزدىن ئەنە شۇلارلا تولۇق پايدىلىنىدۇ ۋە يېقىنلىرىمىز روھىغا ئاتاپ بەرگەن پۇللارنى كەچتە «قىمارغا دەتتىكام» قىلىدۇ. ئۇلار يەنە كېسەللەرنىڭ ۋە مۇساپىرلارنىڭ سالامەتلىكى ۋە سەپەرلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشى ئۈچۈن پىقىر-مىسكىنلەرگە سەدىقە بېرىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ. شۇڭا ئۇلار دوختۇرخانا ۋە يولۇچى توشۇش بېكەتلىرىنى قولدىن بەرمەيدۇ.

تىلەمچىلىك ئۆز نۆۋىتىدە كەسىپتە يۇقىرى سەۋىيە تەلەپ قىلىدۇ. شۇڭا تەجرىبىلىك كونا تىلەمچىنىڭ تاپاۋىتى-

گە ياش، تەجرىبىسىز تىلەمچىلەرنىڭ تاپاۋىتى ھەرگىزمۇ يەتمەيدۇ. بويىغا يەتكەن قىز تىلەمچىنىڭ تاپاۋىتىگە بولسا ئېغىر كېسەل قىياپىتىدىكى تىلەمچىدىن باشقىلىرىنىڭ تاپاۋىتى يەتمەيدۇ.

تىلەمچىلەر تەدرىجىي تەرەققىي قىلىدۇ. ئالدى بىلەن پارچە-پۇرات نەرسىلەرنى، مەسىلەن، نان، كىيىم-كېچەك دېگەندەك نەرسىلەرنى تىلەيدۇ، كېيىن بولسا پۇلدىن باشقىغا كۆز قىرىنى سالمايدىغان بولىدۇ.

ئۇلارنىڭ كىرىم ئەھۋالى مۇنداق: بىر جايدا مۇقىم تىلەيدىغانلار ھەر كۈنى 80 ــ 200 يۈەنگىچە. مېڭىپ يۈرۈپ تىلەيدىغانلارنىڭ 200 ــ 600 يۈەنگىچە. كېسەل ھارۋىسى ياكى ساندۇقتەك نەرسىلەر ئىچىدە يېتىپ تىلەيدىغانلار 1000 ــ 1800 يۈەنگىچە.

جۇڭگو ئۇيغۇرچە رادىيو تورىنىڭ 2012-يىلى 9-ئاينىڭ 21-كۈنى خەۋەر قىلىشىچە، كۈنىمىزدا تىلەمچىلەر كۈنىگە 1000 يۈەندىن ئاشۇرۇپ پۇل تاپىدىكەن. مېنىڭچە ئۇلار بۇ يەردىكى تىلەمچىلەردەك دىنىنى سۈيىئىستېمال قىلمىسا كېرەك.

تىلەمچىلەرنىڭ ھىيلىسى ھەقىقەتەن بەك كۆپ، ھەتتا باللىرى يېنىدا جىم تۇرمىسا ياكى ھەقىقىي ئەھۋالنى ئاشكارىلاپ قويۇش ئېھتىمالى بولسا ئۇلارغا ئۇخلىتىش دورىسى بېرىپ، كەچ بولغۇچە يول ئۈستىدە ياتقۇزىدۇ ۋە بۇ ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ مېھرىبانلىقىغا ئېرىشىش مەقسىتىگە يېتىدۇ.

**تىلەمچىلەرنىڭ ھەرقايسى يۇرت ۋە ئەتراپىدىكى كىشىلەرگە بەرگەن باھاسى**

تەكشۈرۈشۈمگە قارىغاندا، كورلا شەھىرىگە يىغىلغان تىلەمچىلەرنىڭ سانى ئەڭ كۆپ ئىكەن.

مەن بۇ كىشىلەردىن نېمە ئۈچۈن پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە تىلەمچىلىككە كورلا شەھىرىنى تاللاپ قالغانلىقىنى سورىدىم. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە، كورلا شەھىرىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسى باشقا يۇرتلارغا قارىغاندا ئالاھىدە يۇقىرى ئىكەن. يەنە بىر تەرەپتىن، ئادەملىرىنىڭ قولى بەكلا ئوچۇق بولۇپ، تىلىگەنلا ئادەمنى ئاساسەن قۇرۇق قول قايتۇرمايدىكەن ھەم بەك كۆڭۈلچەك بولۇپ، ئاسان «ئېرىيدىكەن». ئەگەر بىرەر تىلەمچى بۈگۈن تىلىمەي ئىشلەپ باقاي دېسىمۇ، قىلىدىغان ئىش كورلىدا بەك كۆپ ئىكەن.

ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە، جەنۇبتا كىشىلەر تىلەمچىلەرگە ئىككى مو بەرسە، كورلىدا بىر يۈەن بېرىدىكەن. قەشقەردە كېسەل قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ تىلىگەنلەرنى مۇناسىۋەتلىك تارماقلار كېسىلىنىڭ راست-يالغانلىقىنى ئايرىش ئۈچۈن دوختۇرخانىغا ئاپىرىدىكەن. دەل مەن سۆزلەشكەن بىر تىلەمچىنى قەشقەردىكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلار تۇتۇۋېلىپ، دوختۇرخانىغا ئاپارغاندا دوختۇرخانىدىن قېچىپ كەتكەنىكەن.

كورلىدىن قالسا تىلەمچىلەرگە «يېقىشلىق» يەر تۇرپان شەھىرى ئىكەن. تۇرپاندا مازار-قەبرىستانلىق بىر قەدەر كۆپ بولغاچقا ھەم ساياھەتچىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىگەچكە پۇل تېپىش كورلىدىنلا قالسا ئەڭ ئاسان ئىكەن.

تىلەمچىلەر ئارىسىدىكى رىقابەت ئىنتايىن كۈچلۈك بولۇپ، يېقىنراق ئولتۇرۇپ قالغان تىلەمچىلەر بىر-بىرىنىڭ «كىرىمى»نى نازارەت قىلىپ تۇرىدىكەن.

**تىلەمچىلەرگە جەمئىيەتنىڭ ئىنكاسى**

تىلەمچىلەرگە قارىتا جەمئىيەتنىڭ ئىنكاسى ئوخشاش ئەمەس. كۆپ قىسىم كىشىلەر ئۇلارغا ھېسداشلىق قىلىش پوزىتسىيەسىدە بولىدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، تىلەمچىلەر جەمئىيەتنىڭ ئاجىز بىر توپى بولۇپ، ھەقىقەتەنمۇ باشقىلارنىڭ ياردىمىگە موھتاج ئىكەن. مانا مۇشۇ خىل كىشىلەر تىلەمچىلەرنىڭ ئەڭگۈشتەرى ۋە ئۈمىد چىرىغى بولۇپ، تىلەمچىلەرنىڭ تۈگىمەيدىغانلىقىنىڭ ئاساسىي سەۋەبچىلىرى ئىكەن.

يەنە بىر قىسىم كىشىلەر بولسا، تىلەمچىگە پۇل بېرىشتە ئۆزلىرىنى چىقىش قىلغان بولۇپ، بىر قانچە موچەن ياكى بىر نەچچە يۈەن پۇلنى كەم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر باشقىلارغا بېرىۋەتسە ھېچ گەپ ئەمەس، دەپ قارايدۇ.

ئەمما تىلەمچىلىكنىڭ ماھىيىتىنى چۈشەنگەن ئاز بىر قىسىم كىشىلەرلا ئۇلارغا قاتتىق قوللۇق قىلىدۇ. شۇڭا ھەممىمىز گاھىدا كوچىلاردا تىلەمچىگە قاتتىق گەپ قىلىۋاتقان كىشىلەرنى ئاندا-ساندا ئۇچرىتىپ قالىمىز. مەن تىلەمچىلەردىن مۇشۇ خىل كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرىگە قانداق قارايدىغانلىقى ۋە نېمە دەيدىغانلىقى توغرىسىدا ئىنچىكە سورىدىم، ئۇلار بىردەك ھالدا ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى ياقتۇرمايدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ‹ئىچى قوتۇر› بولۇپ، بۇلار

«يەۋاتقان ئاشقا توپا چاچىدىغانلىقنى، بىر نېمە بەرمىسمۇ ئۆزلىرىنىڭ يولنى توسماسلىقنى ئۈمىد قىلىشىدىغانلىقنى ئېيتىشتى ۋە «ئۇلار بىزگە ‹تىلەپ ئولتۇرغۇچە، ئەرگە تەگسەڭ بولمامدۇ؟›، ‹ياش بولغاندىن كېيىن ئىشلىسەڭ بولمامدۇ؟› دەپ قايناپ كېتىدۇ» دېيىشتى. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە، تىلەمچىلەرگە ئۆچ بىر قىسىم كىشىلەر ھەتتا ئۇلارنى ئۇرۇپمۇ كېتىدىكەن. تىل ـ ئاھانەتنى كۈندە ئاڭلاپ تۇرىدىكەن ۋە بۇنىڭغا كۆنۈك ئىكەن.

نېمىلا دېگەنبىلەن تىلەمچىلەرنى ئاقلاشقا بولمايدۇ. ئۇلار تۈرلۈك ۋاستىلەر بىلەن جەمئىيەتكە جىنايەت ۋابالىرىنى تارقىتىدۇ. ئۇلارنى بىر قىسىم گۇماندارلار جىنايەت ئازگىلىغا سۆرەيدۇ. ئەسلىدىنلا تىلەمچىلىك قىلىشقا يۈزى قىزارمىغان بۇ قېلىنلار جىنايەت ئۆتكۈزۈشكىمۇ ئانچە ئىككىلىنىپ كەتمەيدۇ. ئۇلارغا ئاسان كېلىدىغان پۇل ـ مال بولسىلا ھەر قانداق ئىشنى قىلىشتىن يانمايدۇ.

ھازىر تىلەمچىلىك يەككە تىلەمچىلىكتىن توپلىشىپ تىلەيدىغان، گۇرۇھ شەكىللەندۈرۈپ، ئۆزئارا توقۇنۇشىدىغان قارا جەمئىيەت تۈسىنى ئېلىۋاتىدۇ. بىز ئۇلارنىڭ تاشقى شەكلىنىلا كۆرگەچكە ئۇلارنىڭ زاھىرى (تېشى)نىلا كۆرۈپ باتىنى (ئىچى)نى كۆرەلمەيمىز. ئۇلارنىڭ ئەسكى چاپىنى ئىچىدىكى رەزىللىكلىرىنى زادىلا كۆرەلمەيمىز!!! ئەكسىچە ئۇلارغا ھېسداشلىق قىلىپ: «بىچارىلەر! قانداق قىلىمىز، ئۇلارمۇ ئادەم» دەپ كېتىمىز. ئۇلارنىڭ ساختىلىقى ۋايىغا يەتكەچكە، ھەقىقىي موھتاج بىلەن قىزىل كۆز تىلەمچىلەرنى پەرقلەندۈرەلمەيۋاتىمىز. ئەتە ئىمتىھانغا قاتنىشىدىغان بالىنى بۈگۈننى كەچ تېلېۋىزور كۆرۈشكە رۇخسەت قىلغان دادا ھېچقاچان مېھرىبان دادا سانالمايدۇ. تىلەمچىلەرگە مېھرىبانلىق قىلىش ئەمەلىيەتتە ھەممە ۋە ھەممىگە زىيان سالغانلىق! ئەڭ چوڭ زىياننى تىلەمچى ئۆزى تارتىدۇ.

گەرچە تىلەمچىلىك ناھايىتى قاباھەتلىك بىر ھەرىكەت بولسىمۇ، ئادەمنىڭ يۈزىدىكى قاننى قويمىسىمۇ، بىراق يەنىلا راۋاج تېپىپ، بىر كەسىپكە ئايلىنىۋاتىدۇ. ئويلاپ قالىمەن: بوش تۇرساق، كەلگۈسىدە تىلەمچىلىك بىر ئالاھىدە «پەن» شەكىللەندۈرۈپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن «فاكۇلتېت»لار قۇرۇلۇپ، «دىپلوم» بېرىلەمدۇ نېمە؟!

### تىلەمچىلىكنىڭ سەۋەبلىرى

بىلىشىمچە، پەزىلەتلىك ئادەم ھەر قانداق قىيىنچىلىققا يولۇقسىمۇ تىلىمەيدۇ. ئىمكانىيىتى يار بەرسىلا ئەمگەك ئارقىلىق قىممەت يارىتىپ، شۇ قىممەت ئارقىلىق مەسىلىنى ھەل قىلىشقا ئۇرۇنىدۇ. ئەمما تىلەمچىلەر ئۇنداق قىلمايدۇ. ئۇلار ئۆزى قىلىۋاتقان بۇ كەسىپكە نىسبەتەن تۈرلۈك ـ تۈمەن باھانە ـ سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ، سىزنى «راست! تىلىمىسە بولمايدىكەن. داۋاملىق تىلەۋەرسىلە!» دېگۈزۈۋېتىدۇ. ئۇلار كۆرسەتكەن تىلەمچىلىك سەۋەبلىرىنى تۆۋەندىكىلەرگە يىغىنچاقلىشىمىز مۇمكىن:

1. ئېتىقادسىزلىق

تۇرمۇشىمىزدىكى بارلىق ھەرىكەت ـ پائالىيەتلىرىمىز ئىنسانلىق ئېھتىياجىمىزنى قاندۇرۇش ۋە ئارزۇ ـ ئارمانلىرىمىزنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، شۇنداقلا بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشىش ۋە مۇكەممەللىكنى روياپقا چىقىرىش ئۈچۈندۇر.

ئېتىقاد بولسا مانا شۇ مەقسەتلەرگە ئېرىشىشتىكى ئەڭ مۇھىم ئامىل. چۈنكى، ئېتىقاد ئىنساننى تۈگىمەس تەپەككۇرنىڭ چارچىتىشىدىن قۇتقۇزۇپ قالىدۇ. سەۋەبى، ئېتىقاد تەپەككۇرغا ئېھتىياجلىق ئەمەس، ئەكسىچە ئۇ ئېتىقادقا موھتاج.

ئېتىقاد يەنە بىر تەرەپتىن، ئىنساننى روھىي ۋە ئىقتىسادىي كىرىزىسلارنىڭ پاراكەندىچىلىكىدىن قوغدايدۇ. ئۇ يەنە ئىنسان ئۈچۈن ئىنتايىن زور ۋىجدانىي قۇۋۋەت پەيدا قىلىدۇ، ئىنسان ئۇ قۇۋۋەت بىلەن ئۆزىنىڭ نىشانى بويىچە ئالغا ئىلگىرىلەيدۇ.

ئېتىقاد نۆۋەتتە ئىنسانغا ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ بەخت تۇيغۇسىنى ئاتا قىلىدۇ. ھاياتلىقنىڭ قىممىتىنى تونۇتىدۇ.

ئەپسۇس! تىلەمچىلەر بۇنداق مەنىلەردىن تولىمۇ يىراق بولغاچقا كىمگە قاچان، قانداق ئۇسۇلدا قول كۆتۈرۈشنى بىلەلمەي، خالىغان ۋاقىتتا، كوچىغا چىققان پېتى، داق يەردە ئولتۇرۇپ، ئۇدۇل كەلگەن تەرەپكە ۋە كۆرگەنلا ئادەمگە قول تەڭلەيدۇ.

2. تۇرمۇش قىيىنچىلىقى

كونىلاردا «ئادەمنىڭ توققۇزى تەل بولسا ئۆلۈپ قالىدۇ» دەيدىغان گەپ بار. ھەر قانداق ئادەمنىڭ مەلۇم تەرەپلىرىدە قىيىنچىلىقى بولىدۇ. ئەمما ئىنتايىن كۆپ ساندىكى ئادەملەر بۇ قىيىنچىلىقلارنى ھەر خىل ئامال ـ چارىلەر بىلەن يېڭىپ، ئالغا قاراپ ماڭىدۇ. پەقەت ئىرادىسىز

ياكى روھىيتى ئۆلگەن بىر قىسىم كىشىلەرلا ئازراقلا قىيىنچىلىقنى كۆرسە «ئوسۇرۇققا ئارپا نېنى باھانە» دېگەندەك، ئۈمىدسىزلىنىپ ئۆزىنى تاشلىۋېتىدۇ ياكى باشقىلارغا يۆلىنىۋالىدۇ. تىلەمچىلەر دەل شۇنداقلار جۈملىسىدىندۇر. ئۇلاردا قىيىنچىلىقنى يېڭىش ئىرادىسى ئەمەس، خىيالمۇ يوق! ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدا غايە، ئىرادە، ئارزۇ- ئىستەك... دېگەندەك ئىنسان روھىيىتىدىكى ئىجابىي ھادىسىلەر يۈز بەرمىگەچكە كۈن ئۆتكۈزۈش، جان بېقىش، كىشىلەرنى ئالداش... دېگەندەك پۇچەك ئىشلار بىلەن ھايات مۇساپىسىنى داۋام ئېتىدۇ.

3. ئىشسىزلىق

ھەممىگە مەلۇم بولغاندەك، ئەمگەك قىلىش ئىقتىدارى ۋە قىزغىنلىقى بار ئادەمنىڭ قانۇنلۇق بىرەر ئەمگەكنىڭ پېشىنى تۇتۇش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمەسلىكى ئىشسىزلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ كۆڭۈل بۆلۈشكە تېگىشلىك مۇھىم ئىجتىمائىي ھادىسە.

ئىشسىزلىق دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدە يۈز بېرىۋاتقان بىر ھادىسە. ئىشسىزلىقنىڭ سەۋەبلىرى كۆپ خىل بولۇپ، ئۇنى نوقۇل ھۆكۈمەتكىلا ئارتىپ قويۇشقا بولمايدۇ. ئىشسىزلىق سەۋەبلىرىدىن شەخس ئۆزىگە قايتىدىغان تەرەپلەرىمۇ خېلى بار. مەسىلەن، ئىلمىي سەۋىيەنىڭ تۆۋەنلىكى، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتنىڭ ئاجىزلىقى، ھورۇنلۇق، ئەمگەكنى تەبىقىگە ئايرىۋېلىش، يەنى ئاددىي ئەمگەكلەرنى ياراتماسلىق، ئۆزى ئىش ئىزدىمەي ئىشنىڭ ئۆزىنى ئىزدىشىنى كۈتۈش... دېگەندەك.

ئىش مانا شۇنداق ئىكەن، ئىشسىزلىقنى باھانە قىلىپ، تىلەمچىلىك قىلىش قانداقمۇ توغرا تاللاش بولسۇن؟!

4. كېسەللىك

جاھاندا كېسەل بولمايدىغان ئادەم يوق. پەقەت مەملىكىتىمىزدىلا دىيابىت كېسىلى بىمارلىرى 45 مىليوندىن ئاشىدىكەن. يۇقىرى قان بېسىمى بار بىمارلار، يۈرىكىنىڭ دەردى بار بىمارلار، ئەيدىز بىمارلىرى... ساناپ كەلسەك، كېسەلنىڭ تۈرى بەكلا كۆپ. بۇلارنىڭ تىلەمچىلەردىن باشقىلارنىڭ قىيىنچىلىقى يوقمۇ؟ ئۇلار داۋالىنىشنى ياقتۇرمامدۇ؟ «سەۋەب قىلسا، سېۋەتتە سۇ توختايدۇ» دەپ، كېسەللىكنى تىلەمچىلىكنىڭ سەۋەبى قىلىۋېلىشقا بولامدۇ؟! بۇنى ئالدى بىلەن تىلەمچى ئويلىنىشقا تېگىشلىك مەسىلە. ئۇلار تۇغما قولى يوق بولغاچقا، پۇتى بىلەن خەت يېزىپ، ئوقۇپ، ئونىۋېرسىتېتلارنى پۈتكۈزگەن ھەممەتلىك «چولاق»لارنىڭ بارلىقىنى نېمە ئۈچۈن ئويلاپ قويمايدۇ؟ دۇنيا مىقياسىدا مېيىپلەرگە كۆڭۈل بۆلۈنىدىغىنىنى، خەلقئارادا ئەمەس، دۆلىتىمىز بەلكى يۇرتىمىزدىلا مېيىپلەر جەمئىيىتى بارلىقىنى، مېيىپ «چولپان»، مېيىپ «چېمپىيون»لارنىڭ بارلىقىنى ئويلاپ كۆرمەمدۇ؟!

5. پەرزەنتلىرىنىڭ ئاتا- ئانىسى ھالىدىن خەۋەر ئالماسلىقى

ئاتا- ئانىنىڭ قىلغان ياخشىلىقىغا جاۋاب قايتۇرۇش پەرزەنت بۇرچلىرىنىڭ ئەڭ ئەقەللىي ئۆلچىمى. دەرۋەقە ئاتا- ئانىسىنى تاشلىۋەتكەن، ئۇلار بىلەن بولغان بارلىق ئالاقىنى تۈپتىن ئۈزگەن پەرزەنتلەرمۇ تېپىلىپ قالىدىكەن. مەن بىلەن پاراڭلاشقان تىلەمچىنىڭ بىرى باللىرى تەرىپىدىن تاشلىۋېتىلگەن دەل شۇنداق دادا ئىدى. مەن بۇ يەردە باللىسى تاشلىۋەتكەنلەر تىلەۋەرسۇن دېمەكچى ئەمەسمەن. پەقەت تىلەمچىلىك سەۋەبىنى سۈرۈشتۈرگەندە، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قارىغۇچىلىرىنىڭ يوقلۇقىنى، شۇ جۈملىدىن بىر قىسمىنىڭ باللىرى تاشلىۋەتكەنلىكىنى ئېيتىشتى.

مەن يەنە بىر ئانىنى كۆردۈم. ئۇ ھەر كۈنى تىلەپ، ئۆيىگە پۇل ئەكىرمىسە، ئوغلى ۋە كېلىنى بۇ ئانىنى خورلايدىكەن. ھەتتا تۇتۇلغان كۈنىمۇ ئوغۇل مەزكۇر ئانىنى مېيىپلەر ھارۋىسىغا ئولتۇرغۇزۇپ، جامە مەسچىت ئالدىدا تىلەۋاتقانىكەن.

6. پەرزەنتلەرنىڭ ئاتا- ئانىسى ياكى ئىككىسىنىڭ بىرىدىن ئايرىلىپ قېلىشى

تىلەمچىلىكنىڭ يەنە بىر سەۋەبى، پەرزەنتلەرنىڭ ئاتا- ئانىسىنىڭ بىرىدىن ياكى ھەر ئىككىسىدىن ئايرىلىپ قېلىشتۇر. بۇ ئايرىلىپ قېلىش يۇقىرىدا ئېيتقاندەك، ئاتا- ئانىسى ياكى ئىككىسىنىڭ بىرىنىڭ تۈرمىگە كىرىپ كېتىشى ياكى ئۆلۈپ كېتىشى ۋە ياكى ئاتا- ئانىسىنىڭ ئاجرىشىپ كېتىشىدۇر. كۆپ ھاللاردا بۇنداق باللار يېتەكچىسىز، تايانچىسىز قالىدۇ. باشقىلار تەرىپىدىن ھاقارەتلىنىدۇ، كۆزگە ئىلىنمايدۇ. بولۇپمۇ ئاتا- ئانىسى ئاجراشقان باللار ئانىسىنىڭ يېنىغا بارسا ئۆگەي دادا، دادىسىنىڭ يېنىغا بارسا

ئۆگەي ئانا بولغاچقا، ھەر ئىككىسىدىن بىزار بولىدۇ ۋە تېزدىنلا كوچىدىكى ئۆزىگە ئوخشاش ياكى ئوخشاپراق كېتىدىغان تەڭتۇشلىرىغا ئارىلىشىپ، ئاستا-ئاستا يامان ئىللەتلەرنى يۇقتۇرۇۋالىدۇ. تىلەمچىلىك ئەنە شۇ ئىللەتلەرنىڭ بىر خىلىدۇر.

مەن ياش تىلەمچىلەر بىلەن پاراڭلىشىپ قالدىم. ئۇلارنىڭ تىلەمچىلىك سەۋەبلىرى ئاساسەن ئوخشاش بولۇپ، ھەتتا بىر قانچىسىنىڭ مەكتەپتە بەكمۇ ئوقۇغۇسى بار ئىكەن. ئەمما خىجىل بولىدىكەن ياكى ئاتا-ئانىلىرى ئۇلارنىڭ ئوقۇشىنى ياقتۇرمايدىكەن ۋە ياكى تىلەمچىلىك قىلىشقا زورلايدىكەن.

7. باسقۇنچىلىق ياكى باشقا ئۇسۇللار بىلەن خورلىنىش

بىر قىسىم تىلەمچى ئايالLAR تىلەمچىلىكنىڭ سەۋەبىنى خورلىنىشتىن دەپ قارايدىكەن. خورلىنىش شەكىللىرى ئوخشاش بولمايدىكەن؛ بىرى، زالىم ئەرلەر ئايالىنى ئادەم قاتارىدا كۆرمەي، تىلغا ئالغۇسىز ئۇسۇللار بىلەن قىينايدىكەن. ھەتتا باشقىلارغا كۆرسەتكىلى بولمايدىغان يەرلىرىگە يىڭنە، بىگىز، مىخ، پىچاق... دەك نەرسىلەرنى سانجىپ قىينايدىكەن. باشقىلار ئالدىدا مېھرىبانلارچە كۈلۈمسىرەپ، ھېچ ئىش بولمىغاندەك يۈرىدىكەن. ئاجرىشىمەن دېمۇ ئاجرىشالمايدىكەن، باشقا يۇرتقا باشنى ئېلىپ قاچماقتىن باشقا يول تاپالمايدىكەن. يەنە بىرى، باسقۇنچىلىققا ئۇچراپ، ئۆز يۇرتىدا تۇرۇشنى نومۇس بىلىپ، باشقا يۇرتلارغا چىقىپ كېتىدىكەن. گەرچە، ئۇلارنىڭ يۇرتتىن چىقىپ كېتىش ۋە قىيىنچىلىققا يولۇقۇشتەك ئادەمنى قايىل قىلارلىق سەۋەبلىرى بولسىمۇ، ئۇ سەۋەبلەر يۇرتتىن چىقىپ كېتىشكە ئاساس بولالىسىمۇ، ئەمما تىلەمچىلىك قىلىشقا ئاساس بولالمايدۇ. چۈنكى ئۇلار بۇ تىلەمچىلىكنى بىرەر ئىككى كۈن قىلىپلا، ئىشى ئىزىغا چۈشكەندە تاشلاپ قويمايدۇ بەلكى يىللارسېرى داۋاملىق قىلىۋېرىدۇ.

8. شەھەرلىشىش ئېقىمى

مەھەللە-قىشلاقلىرىدا جان بېقىش تەس كەلگەن كىشىلەرمۇ شەھەرگە ئېقىپ كىرىپ، تىلەمچىلىكنى ھۈنەر قىلىۋالدى. xx ناھىيەسىدىن كەلگەن بىر تىلەمچى تىلەمچىلىكنىڭ باشلىنىش سەۋەبىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: ئىككى يىل ئىلگىرى كەنت سېكرېتارى ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ، يېرىمنى ئۆزىگە سېتىشقا مەجبۇرلاپ، تارتىۋالغانىدى. بۇ ئەلەمگە چىدىماي، يانچۇقۇمدىكى 70 يۈەن پۇل بىلەنلا كورلىغا قاراپ ماڭدىم، مەقسىدىم تۇرپانغا بېرىپ، ئۇلۇغلىرىم مازارلىرىنى تاۋاپ قىلىپ، شۇ سېكرېتارغا ھالاكەت تىلەش ئىدى. كورلىدا بىر ئاخشام يېتىپلا پۇلۇم تۈگىدى. قانداق قىلغۇلۇق؟ ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ ئاخىر بېكەتتىن يىراقراق بىر جاينى تېپىپ تىلەمچىلىك قىلىش قارارىغا كەلدىم. دەسلەپتە، يەرگە قاراپ جىملا ئولتۇرغاندىم. كىشىلەرگە قولۇمنىمۇ سۇنمىغاندىم. شۇنداقتىمۇ كەچتە قارىسام 130 يۈەن پۇل چۈشۈپتۇ. بۇمۇ بولىدىغان چارىكەن دەپ كورلىدا 20 كۈندەك تىلەمچىلىك قىلدىم. 20 كۈندە يەپ-ئىچىپ 1700 يۈەن نەق پۇل يىغىپتىمەن. كېيىن بالىلىرىم مېنى تېپىۋېلىپ يۇرتۇمغا ياندۇرۇپ ئەكەتتى. مانا شۇنىڭدىن بېرى شۇ سېكرېتارنىڭ كۆزىگە قاراپ يۈرگەندىن پۇل تېپىپ كېلەيچۇ! دەپلا كورلىغا ماڭىمەن... بالىلىرىممۇ دەسلەپتە بەك ئەيىبلىگەن. مەن موك-موك پۇل ئەكىلىدىغان بولغاچقا، مانا ئەمدى ئۇلارمۇ «ئاتا! كورلىغا قاچان ماڭىلا؟» دەپ سورايدىغان بولدى...

9. ئىجتىمائىي ئەخلاقتىن بىخەۋەر بولۇش

ئىجتىمائىي ئەخلاقتىن يىراق ئادەم تىلەمچىلىك قىلىدۇ. بۇ ئەخلاقنى بىلمەسلىك بىلمەسلىكتىن كېلىپ چىقىدۇ، ئەلۋەتتە!

10. ياخشى ئۈلگە تاپالماسلىق

بالا تىلەمچىلەرگە نىسبەتەن ئاتا-ئانىسىنىڭ نىكاھىدىن ئاجرىشىپ كېتىشى ياكى ئىككىسىنىڭ بىرىنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى... دېگەندەك سەۋەبلەردىن ئۇلار كوچىغا چىقىپ كەتتى ۋە يامان ئادەملەر ئۇلارنى ئازدۇرۇپ كەتتى دەپ چۈشەنسەك، بىرقىسىم تىلەمچىلەر ئىقتىسادىي قىيىنچىلىققا يولۇققان ئاشۇ چاغلىرىدا، نادانلىق ۋە بىلمەسلىكىدىن نەگە بېرىش ۋە نېمە قىلىشنى بىلەلمەي، گاڭگىراش ئىچىدە تۇرۇپ قالىدۇ. بۇنداق چاغدا بۇلارنى توغرا يولغا يېتەكلەيدىغان بىرەر شەخس ياكى مۇئەسسەسە چىقماي قالسا يەنى، ئۇلار ئۆزلىرىگە ئىقتىسادىي ۋە باشقا جەھەتلەردىن يول كۆرسىتىدىغان ئادەم تاپالمىسا ئۇلارنىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا «ئىلاجىسىز» مۇشۇ كوچىغا — تىلەمچىلىك كوچىسىغا ماڭىدۇ.

تىلەمچىلەر ئومۇمەن ئىنسانىي ياكى ئىقتىسادىي ئېھتىياج تۈپەيلىدىن تىلەمەيدۇ، ئەكسىچە تىلەمچىلىكنى ئۆزىگە ئاسان پۇل تاپىدىغان يول ياكى كەسىپ قىلىپ بېكىتىۋالغان.

**تىلەمچىلىكنىڭ ئۇنىۋېرسال زىيانلىرى**

تىلەمچىلىك گاھىدا ئىنساننى ئىنسانلىق قېلىپىدىنمۇ چىقىرىپ تاشلايدۇ. ئۇ جەمئىيەتكە ھۆرۈنلۈك ئۇرۇقى چېچىپ، جانلىق كەيپىياتقا زور دەرىجىدە يامان تەسىر پەيدا قىلىدۇ. كىشىلەرنى ئۆز جەمئىيىتىنىڭ ئۇنىۋېرسال يۈكىنى كۆتۈرۈش ئېڭىدىن ۋاز كەچتۈرۈپ، ئۇلارنى جەمئىيەتنىڭ ئېغىر يۈكىگە ئايلاندۇرۇش كوچىسىغا باشلايدۇ.

1. سىياسىي جەھەتتىن:

تىلەمچىلىك دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ مەدەنىيەت كۆرۈنۈشىنىمۇ خۇنۇكلەشتۈرۈۋېتىدۇ. بىر جەمئىيەتنىڭ ئىناق، باي، تىنچ ۋە مۇقىم بولۇشى شۇ جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئەۋزەل شارائىتىدىن باشقا، ئەڭ مۇھىمى شۇ يەرگە قارىتىلغان ئەۋزەل سىياسەتنىڭ تۈرتكىسىدىن روياپقا چىققان بولىدۇ. تىلەمچىلەر بولسا بۇ خىل ئىناقلىقنى، باياشاتلىقنى خۇنۇكلەشتۈرىدۇ. كىشىلەرگە خۇددى جەمئىيەت ياكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلار بۇلارغا پەرۋا قىلمىغاندەك تەسىر پەيدا قىلىپ قويىدۇ.

2. ئىقتىسادىي جەھەتتىن:

تىلەمچىلىكنىڭ ئىقتىسادىي زىيىنى ئىنتايىن ئېغىر. ئۇ ئىقتىسادىي ھاياتنى تورمۇزلاپ قويۇپ، كىشىلەرنىڭ ۋاقىت كۆز قارىشىنى كۆپۈككە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ.

ئالدى بىلەن ئۇلار ئۆزلىرى ئەمگەك قىلماسلىق ئارقىلىق ئىقتىسادىي مېخانىزمغا نىسپىي تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئاندىن نۇرغۇن پۇلنى يىغىپ ناتوغرا يوللارغا سەرپ قىلىش ئارقىلىق، نورمال ئىقتىسادىي قانۇنىيەتكە ئاددىي بولسىمۇ زىيان سالىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ئەتراپىدىكى ئۆزلىرى تەسىر قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ ئەمگەك قىلىش ئىرادىسىنىڭ بىسىنى قايرىپ، ئۆزلىرىگە ئوخشاش ھۆرۈن، ئالدامچى بولۇشقا بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىك تۈرتكە بولىدۇ. يېقىن-يورۇقلىرىغا ناتوغرا يوللار بىلەن پۇل تېپىشنىڭ ھەممە يوللىرىنى ئۆگىتىدۇ-يۇ، ھالاللىق بىلەن ئىشلەپ، پۇل تېپىشنىڭ يوللىرىنى ئۆگەتمەيدۇ.

3. ئىجتىمائىي جەھەتتىن:

تىلەمچىلەر ئاق كۆڭۈل كىشىلەرنى ئالداش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ھېسسىياتىنى ھاقارەتلەيدۇ. زور ئۈمىد ۋە ئىشەنچ بىلەن بېرىلگەن بۇ پۇللار تىلەمچىلەرنىڭ قولىدا بىر بولسا تاماكاغا، يەنە بىر بولسا سەتەڭلەرنىڭ يانچۇقىغا چۈشۈپ كېتىدۇ. ئەگەر ئۇنداق قىلمايدۇ دېيىلگەندىمۇ، يەنىلا بولمىغۇر ئىشلارغا سەرپ قىلىنىدۇ.

تىلەمچىلىك بولسا جەمئىيەتكە خورلۇق، بىچارىلىك ۋە ئاھانەت مەدەنىيىتىنى تارقىتىدۇ. ئۇ يەنە جەمئىيەتكە رەزىللىك ئۇرۇقى چاچىدۇ. يالغانچىلىق، ئالدامچىلىق ۋە ساختىلىق بىلەن باشقىلارنىڭ ھېسداشلىقىغا ئېرىشىش ۋە ئۇلارنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قويماي بىر نەرسە تەلەپ قىلىشتەك... ئىجتىمائىي ئاپەتلەرنى پەيدا قىلىدۇ.

تىلەمچىلەر تىلەمچىلىك قىلغان سەۋەب بىلەن، تىلەمچىلىك قىلمايدىغان ئۇرۇق-تۇغقانلىرى ۋە يېقىن-يورۇقلىرىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ. چۈنكى تىلەمەيدىغانلار نومۇسنى بىلىدىغانلاردۇر. ئۇلار بۇنداق نومۇسنى بىلمەيدىغان تۇغقانلىرىدىن چوقۇم نومۇس قىلىدۇ.

4. قانۇن جەھەتتىن:

تىلەمچىلىك گاھىدا تىلەمچىلەرنى جىنايەتنىڭ تۈرلۈك شەكىللىرىگە باشلاپ قويىدۇ. مەسىلەن، ئوغرىلىق، بۇلاڭچىلىق، ئالدامچىلىق، باسقۇنچىلىق، ئاياللار ۋە باللارنى ئالداپ سېتىۋېتىش ... دېگەندەك.

تىلەمچىلەرنىڭ ئولتۇراق رايون، ئاممىۋى سورۇن، مۇھىم جايلارغا «تىلەمچىلىك سالاھىيتى» بىلەن بىمالال كىرىپ-چىقىشتەك ئالاھىدىلىكى بىلەن جىنايەت ئۆتكۈزۈش ئېھتىماللىقى ئىنتايىن زور بولىدۇ. ئۇلار ھەرقانداق ئۆينىڭ ئىشىكىنى بىمالال چېكەلەيدۇ. ئىشىك ئېچىلىپلا قالسا ئۇ ئۆيلەرگە تەپتارتماستىن كىرەلەيدۇ. ئۆي ئىگىسى، بولۇپمۇ ئاياللار ۋە باللار بىلەن ئازادە پاراڭلىشالايدۇ ۋە ئۇلارنىڭ «تومۇرى»نى خالىغانچە تۇتالايدۇ.

تىلەمچىلەر كوچىلارغا، يوللارغا، تارچۇقلارغا، دوقمۇشلارغا كەڭ تارالغان. ئۇلار زىناخورلۇق، پالچىلىق (رەمباللىق)، ئوغرىلىق، تىگىتىكچىلىق، زەھەر سودىسى، قاتىللىق، بۇلاڭچىلىق، قىمارۋازلىق... قاتارلىق جىنايەتلەرگە ئارىلىشىپ قېلىش نىسبىتى ئىنتايىن يۇقىرى. ئەگەر تىلەمچىلەرگە ھەققىي تۈردە نازارەت قىلىش سالمىقى ئاشۇرۇلسا، ئۇلارنى تەشكىللىك جىنايەت ئۆتكۈزگۈچىلەر

ۋە قارا جەمئىيەت ئادەملىرىنىڭمۇ ئىزدەپ كېلىدىغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئالاقە قىلىش ئوبيېكتلىرى تۈرلۈك ـ تۈمەن بولۇپ، جىنايەتچىلەرنىڭ ئۇچۇر ئالماشتۇرۇش ئىمكانىيەتلىرىنى كەڭ بوشلۇق بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.

تىلەمچىلەرنىڭ بىر قىسمى شەھۋانىي فىلىملەرنى ئوغرىلىقچە ساتىدۇ...

تىلەمچىلەر ئۈسسۈرلەرنى ئالداپ ساتىدۇ. ئەڭ رەزىل ۋاستىلەر بىلەن ئۇلارنى جىنايەت يوللىرىغا قىستايدۇ. تىلەمچىلەر ئۇچۇن ئۆز بالىسىمۇ باشقا بالىلارغا ئوخشاش.

تىلەمچىلىك نۇرغۇن جىنايەتلەرنىڭ مەنبەسى. ئۇ تەبىئىي ۋە قانۇنىيەتلىك بولمىغان يوللار ئارقىلىق مال ـ دۇنيا توپلاشنىڭ بارلىق ھىيلە ـ نەيرەڭلىرىنى تەشۋىق قىلىدىغان سەھنە. ئۇ ئىجتىمائىي قانۇنىيەت ۋە ئىقتىسادىي تەڭپۇڭلۇقنى بۇزۇپ تاشلايدىغان خەتەرلىك ھادىسە.

تىلەمچىلەر تىلەمچىلىك قىلىش جەريانىدا ئىنسانلارنىڭ ئاق كۆڭۈللۈك ۋە ھېسداشلىق قىلىش پسىخىكىسىدىن پايدىلىنىپ، جىنايەت ئۆتكۈزۈش لايىھەلىرىنى تۈزىشىدۇ ۋە ئىمكانىيەتلىرىنىڭ بارىچە جىنايەت ئۆتكۈزۈشنى سىناق قىلىشىدۇ ھەمدە كۆندىن ـ كۈنگە يۈرەكلىرى يوغىناپ، جىنايى تۈيغۇدىن نېرى بولالماي قېلىشىدۇ. خۇددى ئۇلار جەمئىيەت ئەزاسى ئەمەستەك، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى ھېچكىم تەرىپىدىن تەھلىل ياكى دىققەت قىلىنمايدۇ. ئۇلار ئەنە شۇنداق «نەزەردىن ساقىت» بولغاچقا جىنايەت پاتقاقلىرىدا پۇشقاقنى قانداق تۇرۇش، كىشىلەرنىڭ ئاجىزلىقىدىن قانداق قىلىپ تولۇق پايدىلىنىش... دېگەندەك رەزىل خىياللارنى سۈرەلەيدۇ ۋە ئۇنى رويابقا چىقىرىشقا ئۇرۇنىدۇ. ئۇلار ئۆز ۋاكومى ئىچىدە تىلەمچى ئەمەس كىشىلەر توپىنى مەسخىرە قىلىشىدۇ... ھەتتا ئۇلارنىڭ كىچىك بالىلىرىمۇ بېقىنىغا قۇتا ئېسىپ، ئىچىگە ئازراق شاپتۇل شەربىتىنى قۇيۇپ، شىلەنكىنى بېقىنىغا چاپلاپ، ئۆزىنى نورمال ھېسابلايدىغان تىجارەتچى، كادىر، ئەپەندىم ـ خانىملارنى ئالدىغا ئېگىشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ بېشىنى ئۆزى تامان ئەگدۈرەلەيدۇ... خېلى سالاپەتلىك زىيالىيلارمۇ بىلىپ ـ بىلمەي ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئېگىلىپ تۇرۇپ، ياندۇقلىرىنى «كولىشىدۇ».

5. سەھىيە جەھەتتىن:

تىلەمچىلەر ھەر كۈنى سىرتلاردا يۈرۈپ جاھاندارچىلىق قىلىدۇ. ئالدى بىلەن ئۇنىڭ شەخسىي تازىلىقى ئىنتايىن ناچار. بارلىق كېسەل مىكروبلىرىنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ يۈرىدۇ. پىژغىرىم ئىسسىقتا جۇۋا بىلەن تۇماق كىيىپ يۈرسە، جاندىن ئۆتىدىغان قىشنىڭ سوغۇق كۈنلىرىدە ئەسكى ـ تۈسكى كىيىملەرنى كىيىپ يۈرسە ئۇلارنىڭ سالامەتلىكىدىن چوقۇم چاتاق چىقىدۇ. ئۇلاردىن چىققان جىسمانىي چاتاق، مىللەتتىن چىققان ساغلاملىق چاتىقىدۇر. چۈنكى ئۇلارمۇ مۇشۇ دۆلەتنىڭ پۇقراسى ۋە مۇشۇ مىللەتنىڭ بىر ئەزاسى. ئۇلارچە بولسا، ئۇلار تېخىمۇ ئاغرىپ، ھەقىقىي بىچارىلىكنى قولغا كەلتۈرۈپ، يەنە نۇرغۇن ئەخمەقلەرنىڭ ھېسداشلىقىغا ئېرىشىپ، تېخىمۇ جىق پۇل تاپسا...

ئۇلار كوچا ئېغىزلىرىدا ئولتۇرۇۋېلىپ، كىشىلەرگە جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن بىنورماللىق تارقىتىدۇ. ئۇلار نۆۋەتتە جەمئىيەتكە ۋە ئىنسان پسىخىكىسىغا ئۆزگە ئىشەنمەسلىك... دېگەندەك يامان ئىللەتلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ.

6. مائارىپ جەھەتتىن

ئۇلار مەجبۇرىيەت مائارىپىنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويغان. تىلەمچىلەر پەرزەنتلىرىنى مەكتەپتە ئوقۇتمىغاندىن سىرت، ئۆزلىرى ياشلار ـ ئۈسسۈرلەرنىڭ ئۆتەر يولىدا ئولتۇرۇۋېلىپ، ئۇلارنىڭ تەپەككۇرىغا سەلبىي ئۇچۇر تارقىتىدۇ. يالغۇز كېتىۋاتقان بالىلارنى بۇلايدۇ، قورقۇتىدۇ، ئالدايدۇ. ئۇلار داۋاملىق ياشلار ـ ئۈسسۈرلەرنىڭ ئۆتەر يوللىرىدا پۇتلىشىپ يۈرگەچكە، ئاستا ـ ئاستا ياشلار ـ ئۈسسۈرلەرنىڭ كۆزىگە سىڭدىغان بولۇپ كېتىدۇ. ئۈسسۈرلەر ئۇلارنى يامان كۆرمەيدىغان، ئەكسىچە ئۇلارغا ئىچ ئاغرىتىدىغان بولۇپ چوڭ بولىدۇ.

بىلىشىمچە، ھەر بىر تىلەمچى تىلەمچىلىك قىلىش جەريانىدا ئاز دېگەندىمۇ ئون نەپەر ئۈسسۈرگە بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئۇلارنى يا قورقۇتۇپ پۇلىنى ئېلىۋالىدۇ، يا تىلەشكە سالىدۇ، يا ئالداپ سېتىۋېتىدۇ ياكى جىنسىي پاراكەندىچىلىك سالىدۇ.

7. باشقا جەھەتلەردىن

تىلەمچىلىك باشقىلارغا يۈلىنىۋېلىش، ئەمگەكنىڭ قىم

مىتنى سەل چاغلاش ئىدىيەسىنى كۈچلەندۈرىدۇ.

تىلەمچىلىك ئىنسان شەخسىيىتىنىڭ ئاجىزلىقىدىن كېلىپ چىققان يامان سۈپەتلىك ئۆسمە ! ئەمەلىيەتتە ئىنسان شەخسىيىتى باشقىلارغا تايىنىپ جان بېقىشنى ئەسلا راۋا كۆرمەيدۇ. ھەدىس شەرىفتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بىر ئادەم ئاللاھنىڭ ئالدىغا بارغۇچە (ئۆلگىچە) تىلەۋېرىدۇ، قىيامەتتە بولسا يۈزىدە بىرەر چىشلەم گۆشمۇ بولمايدۇ» (بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان).

**تىلەمچىلىككە دىن قانداق قارايدۇ؟**

ھەممىگە مەلۇمكى، تىلەمچىلىكنىڭ يامراپ كېتىشىدە، دىنىي ئەقىدىنىڭ تەسىرىنى سەل چاغلاشقا بولمايدۇ. نۇرغۇن كىشىلەر (سەدىقە) سۆزىنى دەل مۇشۇ تىلەمچىلەرگە بېرىدىغان نەرسىلەرگە باغلىۋالغان بولۇپ، ئەمەلىيەتتە ئېتىقادىمىزدا تەكىتلىنىۋاتقان ۋە كەڭ مەنىگە ئىگە بولغان (سەدىقە) ھەرگىزمۇ بۇ پۈچەك ئىشقا قارىتىلغان ئەمەس. تىلەمچىلەر دەل مۇشۇ بۇرمىلانغان مەنىنى تەكىتلەپ، «سەدىقە بالانى يەر، تەۋبە گۇناھنى» دەپ توۋلاپ، كىشىلەرنىڭ بالا - قازادىن قاچىدىغان ۋە گۇناھ ئۆتكۈزۈپ سە ئازابلىنىدىغان پسىخىكىسىغا ئەجەللىك ھۇجۇم قىلىپ كەلمەكتە.

ئەمەلىيەتتە «سەدىقە» سۆزى ئەرەبچە بولۇپ، «ياخشىلىق قىلىش، سەممىي بولۇش...» دېگەن مەنىلەردە. تىلىمىزدىكى «ساداقەت، سادىق، سىددىق» سۆزلىرى دەل «س، د، ق» نى يىلتىز قىلغان سەدىقە سۆزىدىن تۈرلىنىپ چىققان.

ئەرەب تىلى ۋە شەرىئەت ئۆز ئىچىگە ئالغان، شۇنداقلا جەمئىيىتىمىزدە ھازىرغىچە ئۇقۇمۇشلۇق كىشىلەر ئارىسىدا چۈشىنىپ كېلىنىۋاتقان سەدىقە تۈۋەندىكىلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

ھاجەتمەنگە قەرز بېرىش، نامراتلارنى كىيىندۈرۈش، بىلىمسىزگە بىلىم بېرىش، زۇلۇمغا ئۇچرىغانغا ياردەم بېرىش، ئاچقا تائام بېرىش، باشقىلارنىڭ ئۆيلىنىش ياكى ئەرگە تېگىشىگە ياردەم بېرىش، ھورۇننى ئىشقا قىزىقتۇرۇش، قەرز ئېلىپ ئىلاجىسىز قالغۇچىنىڭ قەرزىنى تۆلىۋېتىش، يېتىمنى تەربىيەسىگە ئېلىش، ئىشسىزغا ئىش تېپىپ بېرىش، يول ياساش، مەكتەپ سېلىش، كۆچەت تىكىش، سۇ يوللىرىنى راۋان قىلىش، كۆۋرۈك سېلىش، قان تەقدىم قىلىش، كېسەل يوقلاش، ياۋايى ھايۋانلارغا كۆيۈنۈش... باشقىلارغا ياخشى گەپ قىلىشنىڭ ئۆزىمۇ بىر سەدىقە! مەخپىي سەدىقە نۆۋەتتە يەنە بىر سەدىقە!

شۇنداق ئىكەن ئەلۋەتتە «سەدىقە بالانى يەيدۇ، تەۋبە گۇناھنى» بۇ ھەرگىزمۇ قەلەندەرنىڭ گېپى ئەمەس، بۇ ئىنسانىيەتكە زور تۆھپە قوشقان 100 شەخسنىڭ بىرىنچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئوتتۇرىغا قويغان سۆز! ھەدىس شەرىفتە «سەدىقە (ياخشى ئىش) بالا - قازانى قايتۇرىدۇ» دېيىلگەن. تەۋبىنىڭ گۇناھلارنى يۇيىدىغانلىقىغا ھەممە ئادەم قايىل. تىلەمچىلەر چېغىدا ئېتىقادىمىزدىن شۇنچىلىك پايدىلانغان يەردە، كىملەر يەنە قانچىلىك پايدىلارنى ئېلىپ بولدى؟! بىلگىلى بولمايدۇ...

تىلىمەيمۇ قىيىنچىلىقنى يېڭىش ئىمكانىيىتى بولسا، تىلەمچىلىك قىلىش ئەمەلىيەتتە بىر خىل يامان ئىشتۇر.

ئەجدادلىرىمىزنىڭ شانلىق تارىخى ۋە ئۇلۇغ ئەنئەنىلىرىمىزگە قاراپ باقىدىغان بولساق، ھېچقانداق جايدا تىلەمچىلىك قىلىشىمىزغا ئىجازەت بېرىلمىگەنلىكەن.

شۇنىمۇ بىلىش كېرەككى، ئادەتتە تىلەشكە رۇخسەت قىلىنغان ئۈچ خىل كىشى بار: بىرىنچى، قەرزدار؛ ئىككىنچى، تەبىئىي ئاپەتكە ئۇچراپ ۋەيران بولغۇچى؛ ئۈچىنچى، ئەتراپىدىكى كىشىلەردىن ئاز دېگەندىمۇ ئۈچ ئادەم «بۇ ئادەم ھەقىقەتەن نامرات» دەپ گۇۋاھلىق بەرگەن كىشى. ئۇلارنىڭ قىيىنچىلىقنى بىلگەن ئادەملەر ئۇلارغا مەيلى ئىنسانپەرۋەرلىك، مەيلى مىللىي ھېسسىيات نۇقتىسىدىن بولسۇن چوقۇم ئۇلارغا ياردەم قىلىش كېرەك. بۇ مىللىتىمىزنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسى. بىر تەرەپ قىيىنچىلىققا ئۇچرىغاندا يەنە بىر تەرەپ ياردەم قىلىش ئەمەلىيەتتە ئىناق جەمئىيەت قۇرۇشنىڭ ئاساسلىرىدىن بىرى. ئاجىزلارغا ياردەم بېرىش قانداقتۇر كوچىدىكى بىر ئوچۇم ساختىپەزلەرگە بىر نەچچە موچەن بېرىپ قويۇش ئەمەس، بەلكى ئەتراپىمىزدىكى كىشىلەرنى (مەسىلەن، ئۇرۇق - تۇغقانلار، قولۇم - قوشنىلار، دوست - بۇرادەرلەر... دېگەندەك) ئۇنتۇپ قالماي، ئۇلار قىيىنچىلىققا يولۇققاندا ئۇلارنىڭ ئەمەلىي قىيىنچىلىقىنى تولۇق ھەل قىلىشىپ بېرىشتۇر. بۇ جەھەتتە يېقىنقى يىللاردىن بېرى ھۆكۈمەت قىيىنچىلىقى بار ئائىلىگە ھەققىي مېھىر - شەپقەت يەتكۈزۈپ،

ھەممىگە ئۈلگە بولدى. خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، ئاز بولمىغان خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. يەر تەۋرەشكە چىداملىق ئۆي سېلىش، ئەرزان ئىجارىلىك ئۆي تەقسىملەش، تۆۋەن تۇرمۇش كاپالەت پۇلى بېرىش... دېگەنلەر سۆزىمىزگە دەلىلدۇر.

شەخسلەرنى ئېلىپ ئېيتساق: نامراتلارنى ھەققىي يۆلەۋاتقان بايلىرىمىز ئاز ئەمەس! نامرات ئوقۇغۇچىلارنى ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگىچە ئوقۇتۇۋاتقانلار، يېتىملارنىڭ بېشىنى سىلاۋاتقانلار، ئۆز پۇلىغا مەرىپەت تارقىتىۋاتقانلار، مېھرىبانلار جەمئىيىتى قۇرۇۋاتقانلار ۋە ئۇلارنى قوللاۋاتقانلار... ساناپ كەلسەك ئارىمىزدىكى بۇ ياخشىلارمۇ ئاز ئەمەس...

**تىلەمچىلىك يوقالامدۇ؟**

مېنىڭچە، تىلەمچىلىك يوقالمايدۇ. چۈنكى، تىلەمچىلىككە قارىتا جەمئىيەتنىڭ ئاق كۆڭۈللۈكى ئاشقانسېرى تىلەمچىلىكنى تۈگەتكىلى بولمايدۇ. ئەمما تىلەمچىلىكنى ئازايتقىلى، چەك قويغىلى بولۇشى مۇمكىن.

تىلەمچىلىكنى ئازايتىشتا تەشۋىقات ۋاستىلىرىنىڭ رولىغا سەل قارىماسلىق كېرەك. بارلىق تاراتقۇلاردىن تولۇق پايدىلىنىپ، شەخس ۋە جەمئىيەتكە تىلەمچىلىكنىڭ زىيىنىنى ئېنىق تونۇتۇش لازىم.

تىلەمچىلىككە قارشى تۇرۇشتا، مەمۇرى، ئىجتىمائىي ۋە قانۇنىي بىرلىكنى پۇختىلاپ، ئورتاق كۈچ چىقارغاندا، ئۈنۈم تېخىمۇ يۇقىرى بولىدۇ، شۇنداقلا ئىجتىمائىي ۋە جىنايى ئىستاتىستىكا نەتىجىسىگە تولۇق ئېرىشكەندە، كېيىنكى خىزمەتلەردە ياخشى نەتىجە قازانغىلى بولىدۇ. چۈنكى تىلەمچىلىك پەقەت بىرلا سەۋەبتىن ۋۇجۇدقا چىققان ئەمەس، يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك ئۇ مۇرەككەپ ئامىللار تۈپەيلىدىن مەيدانغا كېلىدىغان ناچار ھادىسە. شۇڭا ئۇنى يوقىتىش ۋە ئۇنىڭدىن ساقلىنىش بىزدىن ھەمكارلىشىپ، ئورتاق كۈچ چىقىرىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

تىلەمچىلەرگە جەمئىيەت ئورتاق قارشى تۇرمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار يەنىلا بازار تېپىۋاتىدۇ. ئۇلار تىلەمچىلىكتىن ئېشىپ، جىنايەت يوللىرىغا مېڭىۋاتىدۇ. چۈنكى، بىر قىسىم كىشىلەر ئۇلارنىڭ بۇ قىلمىشىغا نارازى بولغان بولسىمۇ، يەنە بىر قىسىم كىشىلەر ئۇلارنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىگە ئىشىنىپ كېتىپ، ئۇلارغا ھېسداشلىق قىلىپ، ئۇلارنى قوللىماقتا... بۇ تىلەمچىلەرنىڭ نوخلىسىنى تېخىمۇ ئۆستۈرۈپ قويماقتا.

جىنايەت ۋە ئىجتىمائىي ئاپەتلەرنى تۈپ يىلتىزىدىن يوقىتىش ئەمەلىيەتتە بىكار تەلەپ ۋە ئىشسىزلىقنى يوقىتىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، شۇنداقلا روھىي بېسىم ۋە خاتىرجەمسىزلىككىمۇ خاتىمە بەرگەنلىك بولىدۇ.

تىلەمچىلەر ھۆكۈمەتنىڭ كۆڭۈل بۆلۈپ، ساناتورىيەلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇشلىرىنى ياقتۇرمايدۇ، بەلكى ئامال بار ئۇ يەردىن قېچىپ، ئاتالمىش «ئەركىن ھاقارەت»نى تاللايدۇ.

ھەققىي موھتاج بىلەن ساختىپەز تىلەمچىنى پەرقلەندۈرۈش بىلەن بىللە، تىلەمچىلىكنى تۈپتىن يوقىتىدىغان ئەمەلىي ۋە مۇنتىزىم چارە تېپىپ چىقىش كېرەك. تىلەمچىلەرنى يىغىۋېلىش ياكى جەرىمانە قويۇش توغرا ئۇسۇل ئەمەس. يەنە بىر تەرەپتىن جەمئىيەتتە بۇ ھەقتە ئەتراپلىق، كونكرېت تەشۋىقات ئېلىپ بېرىپ، جەمئىيەتتىكى ھەر بىر ئادەمنىڭ تىلەمچىلىك ۋە تىلەمچىلەرگە بولغان تونۇشىنى ئۆستۈرۈش كېرەك.

نامرات ئائىلىلەرنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە تەربىيە ئەھۋالىنى خاتىرىلەپ، ئىجتىمائىي پاراۋانلىق جەھەتتە يۆلەش خىزمىتىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم.

باللار، ياشلار، ئاياللار ۋە ياشانغانلارنى ئۇلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن ئۆزلىرىگە يارىشا بىرەر ئەمگەك بىلەن شۇغۇللاندۇرۇش كېرەك. مۇمكىن بولسا ئۇلارنى ئۆسۈمسىز قەرز بىلەن تەمىنلەپ، ئائىلىۋى كىرىمنى ئاشۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلىش كېرەك.

يەنە بىر تەرەپتىن، مەجبۇرىيەت مائارىپىنى تېخىمۇ پۇختىلاپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپتىن قېچىش ئەھۋالىنى قاتتىق تىزگىنلەش ئارقىلىق، تىلەمچىلىك ياش نىسبىتىنىڭ ياشلىشىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك.

تىلەمچى جىنايەتچىلەرگە زەربە بېرىش ئۈچۈن جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرى بۇلارغا يۈكسەك دىققەت قىلىپ، ھەرقانداق تىلەمچىگە سوغۇققانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، راست بىلەن ساختىسىنى ئايرىشى كېرەك. ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئورۇنلىرىمۇ ئۇلارغا ماددىي بۇيۇم ياكى نەق پۇل بېرىپ ياردەم قىلىش شەكلىنى ئۆزگەرتىپ، ئۇلارنى ھۈنەر - كەسىپ ئۆگىنىشكە، ئۇنىۋېرسال ساپا-

سىنى ئۆستۈرۈشكە يېتەكلەش كېرەك ھەمدە مەخسۇس تۈر تەسىس قىلىپ، ئۇلارنىمۇ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش لازىم.

تىلەمچىلىككە زەربە بېرىش بىلەن ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىنىمۇ ياخشى ئىشلەش كېرەك. تىلەمچىلىك بىر يامان سۇپەتلىك ئۆسمە بولۇپ، جەمئىيەتكە تاراپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئىستراتېگىيەلىك پىلان تۈزۈش كېرەك. مېنىڭچە مۇمكىن بولسا چەكتىن ئاشقان تىلەمچىلىك شايكىلىرىغا جىنايى ئىشلار بويىچە جازا بەرسىمۇ خاتا بولمىغان بولىدۇ.

مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلاردىن باشقا پۈتۈن جەمئىيەت بۇ ئىشقا ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىپ، ساھەلەر بويىچە ئاممىنىڭ تونۇشىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، تىلەمچىلىكنىڭ ئۇنىۋېرسال زىيانلىرىنى خەلققە ھەقىقىي تونۇتۇش كېرەك.

خەلقىمىزدە «نامراتقا بېلىق بەرمەي، بېلىق تۇتۇشنى ئۆگىتىپ قوي» دېگەن ماقال بار، ئەمما تىلەمچىلەر بېلىق تۇتۇشنى بىلسىمۇ، ئۆزى «بېلىق تۇتماي»، باشقا «بېلىقچىلاردىن بېلىق سوراش» ئېھتىمالى ئىنتايىن زور.

## خاتىمە

بۇ يازمىنى مەرھۇم ئۇستاز، شائىر روزى سايىتنىڭ مۇنۇ شېئىرى بىلەن تۈگەللەشنى لايىق تاپتىم. ئوقۇرمەنلەرگە ئېستېتىك زوق بېرىش بىلەن بىللە ئۇلارنى تىلەمچىلىك ۋە تىلەمچىلەر ھەققىدە ئويلاندۇرالىسا ئەجەب ئەمەس...

قول پۈتى ساق، قەلبى چولاق توكۇرمەن،
غۇرۇر سېتىپ مۇتقا، توقۇم توقۇرمەن.
سىياقىمدا بىچارىلىك، مىسكىنلىك،
بارغان يەردىن «چالما» يۇدۇپ قوپۇرمەن.

پارچە - پۇرات سەدىقىگە خۇشۇم يوق،
چولڭ - چولڭ بەرسە ئاندىن رەھمەت ئوقۇرمەن.
ساددىلارغا ئېيتارىم شۇ «دادام يوق،
پۇلسىز، كېسەل، ئۈچەيلىرىم سوقۇرمەن.
ئانام قارىغۇ، ئاكام پالەچ، ئىنىم گاس،
ئاھ، نامراتلىق! دەيمەن تىنىپ چوڭقۇر مەن.
«سېخىيلارنىڭ جايى جەننەت!» شۇ گەپتە،
يانچۇقىنىڭ ئاغزى چىڭنى نوقۇرمەن.
ئالىقان ئېچىپ، دۇئا چېچىپ، كۆز ياشلاپ،
بەرمەسلەرنىڭ ئىنسابىنى چوقۇرمەن.
خەقنى ئالداپ تاپقىنىمنى ھەرئاخشام،
تاۋىكالارغا خەجلەيدىغان موخومەن.
ئاكام تېمەن، ئانامىمۇ ساق، دادام بار،
ئاغزى شالتاق، لەۋزى يالغان كۇپۇرمەن.
ياتار جايىم تۇغ شەددىلىك گۈمبەزدە،
نىكاھىمدا ئىككى خوتۇن پوخۇرمەن.
قول قاپارتىپ يۇرمىسەممۇ يېنىم توم،
رىزقى كەگرى، ئەقلى چولتا خور - خور مەن.
باغرى يۇمشاق مىللىتىم بار بەرگىلى،
بەرگەنسېرى قىچىشقاقتەك يۇقۇرمەن.
نامىم سائىل، ھېچ نەرسىدىن كېمىم يوق،
خۇدا بەرگەن «ھالى ئېگىز» ئوقۇرمەن.
كېمىمغۇ يوق، يۈرەك پوك - پوك غېمىم بار،
يۇرت شەنىگە داغ - ساقايماس قوتۇرمەن.
دەپ قالسا ئەل: ئىشلەپ يېگىن ئالدامچى!
ھالىم چاتاق، ئۇچار ئۇپۇل - توپۇلمەن...

---

ئاپتور: كورلا شەھرى «ئارقان تاللا بازىرى»نىڭ غوجايىنى

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى ئۈرۈمچى شەھرى ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە «ئىزچىلار» كىتابخانىسى تەرىپىدىن توپ تارقىتىلىدۇ. كىتاب- ژۇرنال تىجارەتچىلىرىنىڭ «ئىزچىلار» كىتابخانىسى بىلەن ئالاقىلىشىشىنى سورايمىز.
كىتابخانا ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھرى «غالىبىيەت» يولى 100- نومۇر
ئالاقىلىشىش تېلېفونى: 2850601 ـ 0991



قۇربانجان ئابدۇقادىر، ئابدۇقەييۇم مىجىت

# «مەۋجۇتلۇق تەشنالىقى» — پىكىرنى ھايات چاقىرىقى

ئۆزى بىلەن ئۆزگىلەرنى سىلىشتۇرۇش ۋە شۇ ئارقىلىق ئۆزىنى دەڭسەش، شۇنداقلا ئۆزى ھەققىدە چوڭقۇر سېلىشتۇرما پىكىر قىلىش ئىنساننىڭ مەۋجۇت مەسىلىلىرى ھەققىدە يېڭىچە تەپەككۇر ئۇسۇلى ۋە ئۆزگىچە جاۋاب ئاتا قىلىدۇ. 20-ئەسىردىكى تۇنجى ئىسلاھاتچى ئابدۇقادىر داموللامنىڭ «بۇ زامان ئىنتىباھ [1] ۋە ئاگاھ زامانىدۇر. غەفلەت ۋە بىپەرۋالىق زامانى ئەمەستۇر» دېگەن جاراڭلىق خىتابلىرىدا، ئوت يۈرەك شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ «ئويغان !!!» دېگەن كەسكىن چاقىرىقلىرىدا، ئۇيغۇر ئوغلى نەزەر خوجا ئابدۇسەمەتوفنىڭ ئانا ۋەتىنى ۋە خەلقىنىڭ مەۋجۇت رېئاللىقىنى كۆرگەندىن كېيىنكى ئاچچىق ئۇھسىنىشلىرىدا... بىز بىلەن ئۆزگىلەرنى سېلىشتۇرۇشتىن يەكۈنلەنگەن يېڭىچە تەشنالىق ۋە ئىجتىھات روھى ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەنە شۇ تەشنالىقى ۋە بەدەللىرىنىڭ نەتىجىسىدە، خەلقىمىزنىڭ ئەينى دەۋردىكى مەۋجۇتلۇق مەسىلىلىرى ھەققىدىكى پىكىر ئەندىزىلىرىدە زور ئىلگىرىلەش بارلىققا كېلىپ، ئۇيغۇر روھىغا قايتا

ئۇيغۇرچىلار مۇنبىرى

بىر ئويغىنىشنىڭ، مەۋجۇتلۇقى ھەققىدە جىددىي پىكىر قىلىشنىڭ ئۇرۇقى چېچىلدى.

ئىنسانىيەتنىڭ ھەر بىر ئويغىنىش دەۋرىنىڭ يۇقىرىقىدەك پىكىر ساھىبلىرىنىڭ تۈرتكىسىدە باشلانغانلىقىغا گەپ كەتمەيدۇ. شۇنىسى ئېنىقكى، كۆپىنچە ھاللاردا ئۇلار ئۆزىدىن باشقا ئىلغار دۇنيانى كۆرۈش ۋە بۇ دۇنيا بىلەن ئۆزىنىڭ مەۋجۇت رېئاللىقىنى ئىنچىكە سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق پىكىرلىرىنىڭ يۈكسەك پەللىسىنى ياراتقان. «شەھەر كۆرگەن ئىتتىن قورق» دېگەن ماقالىدىكى ھېكمەتمۇ دەل يۇقىرىقى نۇقتىنى چىقىش قىلغان بولسا كېرەك. كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىمىزدىكى مۇھەممەد سىدىق زەلىلىنىڭ «سەپەرنامە» ناملىق ئەسىرىدىكى سەپەرنىڭ ھېكمىتى ھەققىدىكى قاراشلار ۋە ئۆز يۇرتى بىلەن باشقا يۇرتلار ئوتتۇرىسىدىكى سېلىشتۇرما پىكىرلەر (گەرچە تارراق دائىرىدە بولسىمۇ) دەل 18-ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا يېڭىدىن باش كۆتۈرۈۋاتقان رېئالىستىك روھنىڭ نامايەندىسى. بۇ خىل رېئالىستىك روھ 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە ئۆزگىچە بىر رەۋىشتە ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى. مۇشۇ دەۋردىكى ئويغىنىشقا تۈرتكە بولغان مۇنەۋۋەر ئوغلانلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك چەت ئەللەرنى، جۈملىدىن

بىزدىن ئىلغار بولغان دۇنيانى كۆرگەنلەر ئىدى.

20-ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 21-ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندىمۇ، يۇقىرىقىدەك ئۆزىمىز ھەققىدە سېلىشتۇرما پىكىر قىلىش ئەندىزىسى، شۇنداقلا ئۆزىمىزنى چوڭقۇرلاپ تونۇش، ئاڭ، تەپەككۇر جەھەتتىن ئويغىنىشقا ئۈندەيدىغان ئىزدىنىش نەتىجىلىرى قايتىدىن بارلىققا كەلدى. پىروفېسسور ئابدۇقادىر جالالىددىننىڭ «ئۆزىنى ئىزدەش بوسۇغۇسىدا»، «مەۋجۇتلۇق تەشنالىقى» قاتارلىق ئەسەرلىرى شۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

شائىر، ئەدەبىيات تەتقىقاتچىسى ئابدۇقادىر جالالىددىن ئەپەندىنىڭ «مەۋجۇتلۇق تەشنالىقى — ئەنگلىيەدە كۆرگەن-ئاڭلىغانلىرىم» ناملىق كىتابى 2012-يىلى شىنجاڭ پەن-تېخنىكا نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغاندىن كېيىن ئوقۇرمەنلەرنىڭ قىزغىن ياقتۇرۇپ ئوقۇشىغا مۇيەسسەر بولدى. شۇنداقلا توردا بۇ ئەسەر توغرىسىدا نۇرغۇن بەس-مۇنازىرىلەر بولدى.

ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىش، ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن تىرىشىش ئىنسان ماھىيىتىنى تەشكىل قىلىدىغان مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى. ئىنسانلارنىڭ چوڭ-كىچىك پائالىيەتلىرىنىڭ ھەممىسىدە يوشۇرۇن ياكى ئاشكارا، ئاڭلىق ياكى ئىستىخىيەلىك ھالدا ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇققا بولغان تەشنالىقى نامايان بولۇپ تۇرىدۇ. «مەۋجۇتلۇق تەشنالىقى» ناملىق بۇ ئەسەرمۇ ئەنە شۇنداق ئىزدىنىشلەرنىڭ سەمەرىسىدۇر. ئەسەر ئاپتور ئېيتقاندەك بىر ساياھەتنامە. شۇڭا ئەسەرگە باھا بەرگەندە ئۇنىڭغا ساياھەتنامىنىڭ ئۆلچىمىدە مۇئامىلە قىلىش، ساياھەتنامىلەرگە قويۇلىدىغان تەلەپلەرنى قويۇش كېرەك. لېكىن بۇ ئاپتورنىڭ ئەنگلىيەدىكى مەنزىرىلىك جايلار، ساياھەت نۇقتىلىرى ئاساسىدا يېزىپ، قۇراشتۇرۇپ چىققان مۇھىت تەسۋىرى بولماستىن، بەلكى ئۆزى كۆرگەن ھەر بىر نەرسە، ھەر بىر ئىش توغرىسىدىكى سەمىمىي ھېسسىياتى، ئەستايىدىل ئوي-پىكرى ئاساسىدا يېزىلغان ساياھەتنامىدۇر.

ئەتراپىدا يۈز بەرگەن ئىشلارغا نىسبەتەن ئۆزىنىڭ مەيدانىنى ئىپادىلەش ۋە قاراشلىرىنى بايان قىلىش ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى كۈچلۈك كىشىلەرنىڭ ۋىجدانەن بۇرچى. مۇشۇ نۇقتىدىن بىزمۇ بۇ ئەسەرنىڭ بىر ئوقۇرمەنى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن ئۆزىمىزنىڭ بۇ ئەسەر ھەققىدىكى قاراشلىرىمىزنى كەڭ دوستلار بىلەن ئورتاقلاشماقچىمىز:

تەلقىنلىق ئەدىب ئابدۇقادىر جالالىددىن «مەۋجۇتلۇق تەشنالىقى» ناملىق كىتابىنىڭ كىرىش سۆزىگە «يەر شارىدا بىزمۇ بار» دەپ ماۋزۇ قويىدۇ. شۇنداق، يەر شارىدا بىزمۇ بار. بىز بارلىقىمىزنىڭ ماكان، زامانىنى قۇرۇشتىن ئاجىز. ئەمما ئاشۇ ماكان ۋە زامان قويىنىدىكى مىقدار ۋە سۈپەتلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، تارىخنىڭ قوينىدا ئەبەدىيلىك مەۋجۇت ئەمەس. ئىنسانىيەت بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ساناقسىز دەۋرلەر ۋە بۇ سۈپەت ھەققىدە كەشىپ ئېيتىلغەن تېرمىنلارنىڭ ئاللىقاچان تارىختا ئايلانغانلىقىنى ئىدراك قىلساقلا، بىزنىڭ «تەشنالىقلىرىمىز»نىڭ ھامان ھاياتىمىزغا مەنا بېرىپ تۇرۇۋاتقانلىقىدىن سۆيۈنىمىز.

بىز تېخى ھايات بولغانلىقىمىز ئۈچۈنلا، ئەنە شۇنداقلا مەۋجۇتلۇققا «تەشنا» بولۇشقا تولۇق ھوقۇقلۇق. «ئىنسان تەبىئىتى ياخشىمۇ-يامانمۇ؟» دېگەن مەسىلە پەيلاسوپ ۋە ئېتنىكشۇناسلارنىڭ پىكىر مۇساپىسىنىڭ باشلىنىش نۇقتىلىرىنىڭ بىرى. ئىنسان تەبىئىتىنىڭ ماھىيىتى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭ دىندارلىق، مەۋجۇتلۇق تەشنالىقى ۋە ئۆز تۈركۈمىگە مايىللىق قاتارلىق ئامىللاردىن تەشكىل تاپىدىغانلىقىدا ئورتاق پىكىرلەر بار. دېمەك، بىز ھېچقاچان بۇ خىل تەشنالىق ئىستىكىدىن ئايرىلالمايمىز. ئەمما مەسىلىنىڭ نېگىزى بىزنىڭ قانداق مەۋجۇتلۇققا تەشنالىقىمىزدا. بۇ بىزنىڭ تەبىئىتىمىزنى تەشكىل قىلغۇچى قالغان ئىككى ئامىلنى ئۆز ھاياتىمىزدا قانداق بىر پىكىردە ۋە قانداق بىر تەرتىپتە تونۇشىمىزغا باغلىق. شۇنداقلا بۇ بىزگە ئۆلۈمنىڭ تەمىنى تېتىتقۇچى كۈچنىڭ بەرگەن ھوقۇقى. ئۆلۈمنىڭ بىر ئاخىرلىششلا بولماي، بەلكى يەنە بىر باشلىنىشنىڭ پەللىسى ئىكەنلىكىنى ئەقلىيلىكنىڭ ھەر بىر ساھەسى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر. شۇنداق ئىكەن، ئۆلۈم قانداق ئاخىرلىشىش ۋە قانداق باشلىنىش دېگەن مەسىلىگە بولغان جاۋابىمىز بىز قانداق مەۋجۇت بولۇشىمىز كېرەك؟ دېگەن سوئالنىڭ جاۋابى بىلەن بىردەك بولىدۇ.

ياقۇپ پەيغەمبەر سۆيۈملۈك ئوغلى يۈسۈپنىڭ ھىجرانى ئۈچۈن 40 يىل يىغلىدى. چۈنكى ئۇ ئوغلىنىڭ

ئۆلۈپ كەتكەنلىككە ئىشەنمەيتتى. ئەگەر يۈسۈپنى ئۆلۈپ
كەتتى دەپ قارىغان بولسا، ياقۇپنىڭ يىغىسى ئوخشاش
تەرزدە 40 يىل ۋاقىت داۋام ئەتكەن بولارمىدى؟ ئەلۋەت-
تە ھېچكىم ئۆزىدىن ئۆلۈم بىلەن ئايرىلغان قەدىناسلىرى
ئۈچۈن 40 يىل يىغلىمايدۇ. چۈنكى بۇ ئۆلۈمدىكى ئىبرەت-
نىڭ ئىنسان قەلبىگە ئۈنسىز ئۆتۈشكەنلىكىدىندۇر. كىشىلەر
ئۆلۈپ كەتكەنلەر ئۈچۈن قىيالمىغۇدەك يىغلىشىدۇ-يۇ،
ئەمما ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ ئايرىلىش ئازابىنى
ئۇنتۇپ كېتىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇنتۇلدۇرۇۋاتقىنى نوقۇل ۋا-
قىتلا ئەمەس، بەلكى ئۆلۈمنىڭ خاراكتېرى، ئۆلۈم ھەم بىر
ئاخىرلىشىش، ھەم «تەشنالىقلىرىمىز» ياراتقان قىممەت
بىلەن خاراكتېرلەنگەن يەنە بىر باشلىنىش. ئۇنىڭدا نە ئا-
دالەتسىزلىك، نە نەتىجىسىزلىك، نە بىمەنىلىك مەۋجۇت
بولسۇن! ئۆلۈم ئالدىدا ھېچكىم تاللاش ھوقۇقىغا ئىگە
ئەمەس. بىز شۇڭا ئۆلۈپ كەتكەنلەردىن خاتىرجەم، بىز
شۇڭا ئۇلارنى ئۇنتۇيمىز، چۈنكى بىزمۇ شۇلارنىڭ كەينى-
دىن كېتىۋاتقانلارمىز.

شۇڭا بىز پەقەت مەۋجۇتلۇققا تەشنالا ئەمەس،
بەلكى «قانداق؟» دېگەن شەرت ئاستىدىكى مەۋجۇتلۇققا
تەشنا. ئابدۇقادىر جالالىدىننىڭ «مەۋجۇتلۇق تەشنالى-
قى» ناملىق كىتابى بىزنىڭچە ئەنە شۇ سوئالغا جاۋاب
بېرىش يولىدىكى بىر ئەھمىيەتلىك ئىزدىنىش. شۇڭا ئاپتور
كىرىش سۆزىدىلا «مەسىلىنىڭ نېگىزى قانداقتۇر كۆرگەن-
بىلگەن ئىشلارنى تەسۋىرلەپ قويۇشتا ئەمەس، بەلكى قە-
لەمگە ئېلىنغان ئۇششاق ئىشلارغا نىسبەتەن قانداق ئوي-
لاردا بولۇشتا» [2] دەپ يازىدۇ. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى،
ئاپتور ئۈچۈن مەزكۇر يازمىسىدا «قانداق؟»قا ياندىشقان
سوئال تۇيغۇلىرى ھامان ھەمراھ.

كىتاب نەشىردىن چىققاندىن كېيىن جەمئىيەتتە
كۈچلۈك ئىنكاسلار بولدى. ئەلۋەتتە بۇنىڭ ئىچىدە ئىنكا-
رىي قاراشلارمۇ يوق ئەمەس. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، كىتاب
ئىقتىساد، خىزمەت، ئۆي، پاسپورت... دېگەندەك
كونكرېت مەۋجۇتلۇق مەسىلىلىرىدىن سۆز ئاچمىغاندى.
ھەرقانداق بىر ئەمگەك ئۈچۈن تەنقىدىي پىكىرنىڭ بولۇ-
شى ياخشى ئىش. ئەمما بۇ تەنقىد شۇ ئەمگەك بىلەن كون-
تېكىست بىردەكلىكى ۋە خالىسلىق سۈپىتىنى يوقىتىپ
قويسا، قەلەم تېجىمەللىكىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. بۇ دې-
گەنلىك ھەرگىز بىزگە ئىقتىساد، خىزمەت، ئۆي،
پاسپورت... دېگەندەك كونكرېت مەۋجۇتلۇق مەسىلىلىرى-
مىزگە مۇناسىۋەتلىك ئىزدىنىشلەر كېرەك ئەمەس، دېگەن-
لىكتىن دېرەك بەرمەيدۇ، ئەكسىچە بۇ نۇقتىلاردا جەمئى-
يەتشۇناسلىق، ئىقتىسادشۇناسلىق ياكى سىياسىيشۇناسلىققا
ئوخشاش خاس ساھەلەر بويىچە قەلەم تەۋرىتىلسە، شۇندا-
قلا ئۇزاق يىللاردىن بېرى چەت ئەللەردە ۋە رايونىمىزدا
مۇشۇ ساھەلەر بويىچە تەربىيەلىنىۋاتقان، ئىزدىنىۋاتقان كى-
شىلەر قەلەم تەۋرەتسە تېخىمۇ ياخشى ئۈنۈمى بولىدۇ، دې-
گەننى ئىپادىلەيدۇ. دېمەكچىمىزكى، «مەۋجۇتلۇق تەشنالى-
قى» كىتابىنىڭ پۈتۈن ئورامدىن چىقىپ تۇرۇۋاتقىنىدەك،
بىر ساياھەتنامە بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇ پەقەت ساياھەت-
نامىنىڭ ئۆلچىمىنى ھەمراھ قىلغان تەنقىدنىلا قوبۇل قىلىش-
قا ھوقۇقلۇق. ئەلۋەتتە بۇ تەنقىد يەنە مەنپەئەت ۋە شان-
شۆھرەت تاماسىدىن خالىي ئەمگەك بولۇشى كېرەك. بىز-
نىڭچە، بۇ كىتابنى مەۋجۇتلۇق تەشنالىقىمىزغا، توغرىراقى
مەۋجۇتلۇقنىڭ مەنىۋى كامالەت مەنزىللىرىگە بولغان تەش-
نالىقىمىزغا كۆرسەتمە بېرىش يولىدىكى ۋە ئاپتورنىڭمۇ
مۇشۇ كامالەتلەرنى يېتىلدۈرۈش جەريانىدىكى باسقۇچلۇق
نەتىجە دېيىشكە بولىدۇ.

**1. پىكرىي ئىنسان: ياشام ئەمگەكلىرىنى ئادالەت يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرۈلگەن ئىدىيەگە باغلاپ ياشاش**

ئاپتور كىتابىدا سۆزىنى ئەمگەك بىلەن ئىدىيەنىڭ مۇ-
ناسىۋىتىنى تەھلىل قىلىشتىن باشلايدۇ. مەلۇمكى، مەۋجۇت-
لۇق دېمەك مۇئەييەن ئەمگەك ۋە ئىدىيە جەريانىدىن ئىبا-
رەت. خۇددى كىتابتا ماركستىن نەقىل كەلتۈرۈلۈپ:
«ئەمگەك كىشىلەرنىڭ ئۆزلۈكنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش جەر-
يانى، كىشىلەر ئەمگەك ئارقىلىق ئۆزىنىڭ تەبىئىتىنى يېتىل-
دۈرىدۇ ۋە ئۇنى ئىپادىلەيدۇ» [3] دېيىلگىنىدە، بىز ئوخ-
شىمىغان ئەمگەكتىكى كىشىلەردە ئوخشىمىغان ئۆزلۈك ۋە
ئىدىيە بولىدىغانلىقىنى بايقىيالايمىز. بەزىلەر ئىدىيەنى
ئەمگەك ئۈچۈن ئالدىنقى شەرت قىلسا، يەنە بەزىلەر
پەقەت ئەمگەكنىلا بىلىپ، نېمە ئۈچۈن؟ قانداق؟ توغرى-
مۇ، خاتا؟ دېگەنلەر بىلەن كارى بولمايدۇ. ئەلۋەتتە، ھا-
ياتنىڭ بۇنىڭدەك ھەر ئىككى خىل شەكلىدە مەۋجۇتلۇقنى
ئەمەلگە ئاشۇرۇش مۇمكىن. ئەمما كىتابتا ئوتتۇرىغا قويۇل-
غان مەۋجۇتلۇق تەشنالىقى ــ ھېچبىر ئىدىيە، غايىنى ئال-

دىنقى شەرت قىلماستىن، ھايۋانلارغا ئوخشاش ماددىي تويۇنۇش ئۈچۈن ئەمگەك قىلىدىغان، ئىنسانىي ماھىيەتتىن ياتلىشىپ، نەپسىنىڭ قۇلىغا ئايلىنىپ كەتكەن ۋە ئىنسانىي قەدىر-قىممىتىنىڭ تىزگىنىنى باشقىلارغا تۇتقۇزۇپ قويىدىغان رېئاللىقتىن قۇتۇلۇش تەشنالىقىدۇر.

«ھەقىقىي كورلۇق كۆزنىڭ كورلۇقى ئەمەس، بەلكى قەلبنىڭ كورلۇقىدۇر». پەقەت قەلبى يورۇق ئىنسانلاردىلا، يەنى مەۋجۇتلۇق ئەمگىكىنى ئىدىيە ئادالىتىگە باغلاپ پىكىر قىلالايدىغان كىشىلەردىلا، ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇق تەشنالىقىنى ئىپادىلەش ۋە ئىككىنچى بىر تاللاش ئىمكانىيىتى ھەققىدە ئويلاش جۈرئىتى بولىدۇ. ۋەھالەنكى قەلبنىڭ يورۇقلۇقى نېمىدىن؟ ئاپتورنىڭ بۇنىڭغا بېرىدىغان جاۋابى شۇكى، «كائىناتقا نىسبەتەن ئەرزىمەس ۋۇجۇدقا ئىگە ئىنساننىڭ ھېكمىتى كائىناتنىڭ ھېكمىتى بىلەن تەڭ ياكى ئۇنىڭدىن يۈكسەك بولۇپ، ئۇنىڭ كۈچ قۇدرىتى ئويلاش ۋە پىكىر قىلىشتا ۋايىغا يېتىدۇ». [4]

ئاپتور ئۆز پىكىرلىرىنى يورۇتۇشتا بالىلىقىدىكى جانلىق ھېكايىلەردىنمۇ پايدىلانغان: ئۇ كىچىكىدە مەھەللىسىدىن ئىككى كىلومېتىر نېرىدا كۆرۈنىدىغان تاغدىن ھالقىپ باقمىغانلىقى ئۈچۈن، دۇنيانى مۇشۇ مەھەللىسىچىلىك دەپ قىياس قىلىدۇ. دەرھەقىقەت، دۇنيا ۋە ئۇنىڭدىكى ئىشلار ئۈستىدە پىكىر قىلماسلىق، ئىنساننىڭ قەلب ئىشكىلىرىنى تېخىمۇ چىڭ بەنت قىلسا قىلىدۇكى، ھەرگىزمۇ ئۇ ئىنساننىڭ ئۆز مەۋجۇتلۇقىنىڭ سۈپىتى ۋە قىممىتى ئۈستىدە ئويلانغۇدەك ھەپىلىسىنى قويمايدۇ. بۇ خىل روھىي ھالەت ئىجتىمائىي كېسەل سۈپىتىدە يامرىغان كىشىلەر ئارىسىدا تۇرۇپ، مەۋجۇتلۇق تەشنالىقىغا چۆكۈشنىڭ ئوي-چوڭقۇرى ۋە دەشنامىلىرى ھېسابسىز، ھەتتا پىكىرسىز سۆيۈشلەرمۇ سېنىڭ ئالدىڭدىكى بىر سوراق. ئاپتور كىتابنىڭ 1-بابىغا «ئىشىكلەرنى چېكىش ئاسان ئەمەس» دەپ ماۋزۇ قويىدۇ. چۈنكى ئىدىيەدىن خالىي ئەمگەكلەرگە بەنتلەنگەن قەلبلەرنىڭ ئىشىكلىرىنى چېكىش قانداقمۇ ئاسان بولسۇن؟

ئەلۋەتتە، بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان ئىدىيە ئادالەت يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرۈلگەن ئىدىيەدۇر. «ئادالەت»نىڭ قارشىسى «زۇلۇم» بولۇپ، زۇلۇم دېمەك ھەر نەرسىنى ئۆز جايىغا قويماسلىق ۋە ئىشلەتمەسلىكتۇر. ئاپتورنىڭ قارىشىچە: «ئىدىيە پەيدا قىلالمىغان ياكى ئىدىيەنى ئادالەت يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرەلمىگەن ئەمگەك ئادەمنى تەپەككۇرسىز ھايۋان ياكى ماشىنا ھالىتىگە چۈشۈرۈپ قويىدۇ». [5] مۇشۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، ئۆز ئەمگىكىنى جايىدا قىلالماي، ئۆزىنى تەپەككۇرسىز ھايۋان ياكى ماشىنىغا ئايلاندۇرۇپ قويغان كىشىلەر مۇقەددەس كىتابلاردىكى ئۆز-ئۆزىگە زۇلۇم قىلغۇچىلار شۇ بولسا كېرەك. «ئۆز-ئۆزىگە زۇلۇم قىلغۇچىلار چوقۇم زىيان تارتقۇچىلاردۇر».

ئاپتور «پۇرسەت زادى قانداق نېمە؟» دەپ سوئال قويىدۇ ۋە مۇنداق جاۋاب بېرىدۇ: «پۇرسەت كۈتۈپ تۇرۇشنىڭ ئەمەس، ئۇرۇنۇپ تۇرۇشنىڭ نەتىجىسى. پۇرسەت ھەر بىر ئادەمنىڭ ئۆز مۇھىتى ۋە ئۆز زامانىغا يارىشا ئاكتىپ پائالىيەت قىلىشىدىن كېلىدۇ...» [6] شۇنداق ئىكەن، ياشام ئەمگەكلىرىمىزنى ئادالەت يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرۈلگەن ئىدىيەگە باغلىماي، پىكىرسىز ياشاش بىزنى مەۋجۇتلۇق پۇرسەتلىرىدىن مەھرۇم قىلىدۇ.

**2. مەنىۋى مەۋجۇتلۇق كامالىتى: بالىلىق پاكلىقىغا باغلانغان كامىللىق**

ئەگەر بىز «ھاياتلىق»، «ئۆلۈم» دېگەن ئۇقۇملارنى نوقۇل فىزىيولوگىيەلىك ئۆلچەملەرنىڭ بويۇنتۇرۇقىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئۇنى مەنىۋى كامالەت بىلەن باغلايدىغان بولساق، ئۇ ھالدا نۇرغۇنلىغان ھەرىكەت ئىگىلىرىنىڭ ئۆلۈكلۈكىدىن ۋە نۇرغۇنلىغان قەبرە ئىگىلىرىنىڭ تىرىكلىكىدىن گۇمانلانماسلىقىمىز مۇمكىن. «مەۋجۇتلۇق تەشنالىقى»دا ئاپتورنىڭ قارىشىچە، ئىنساننىڭ قەلب سۈپىتىدىن كۆرە نامايان بولىدىغان كامىللىق مەۋجۇتلۇقنىڭ ئاداققىي تەشنالىقىدۇر. ئىنساننىڭ كامىللىقىنى نامايان قىلىدىغان ئامىللار نېمە؟ ئاپتور بۇ خىل كامالەتنى ئىنساننىڭ ئېرىشكەن ماددىي مەئىشەتى ياكى ھەشەمەتلىك رېئاللىقىدىن ئىزدىمەيدۇ. ئۇنىڭچە مەنىۋىيىتى تويۇنمىغان كىشىلەر ھەر قانچە كاتتا شەھەرلەردە ياشىسىمۇ، «ھاياتىي دۇنيانىڭ لەززەتلىرىگە ئەس-ھوشىنى يوقاتقان ھالدا بېرىلىپ، چاھارپايىلاردەك يەپ-ئىچكىنىدىن كېرىلگەنلەر قەھرىمان ياكى تېپ ھېسابلانغان يەردە ھېچكىمنىڭ قەلبى ئاسايىشلىق ۋە تىنچلىق تاپالمايدۇ» [7].

شۇڭا ئاپتور ھەشەمەتلىك شەھەرلەردىكى مەنىسىزلىكنى بالىلىق ھاياتىدىكى گۈزەل ئەسلىمىلەر بىلەن ئاۋۇن-

دۇرىدۇ ۋە ئاشۇ باللىق قەلبلەردىكى بىغۇبار تۇيغۇلار بىلەن شەھەرلەرنى گىرىمسەنلەشتۈرىدۇ ۋە فارابىنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكى «پەزىلەتلىك شەھەر»نى تىلغا ئالىدۇ.

ئاپتورنىڭ قاينام-تاشقىنلىققا چۆمگەن شەھەر ھاياتىدا باللىق ھاياتىنى ئەسلىشى ۋە باللىق ۋۇجۇدىدىكى پەزىلەتلەرنى تىلغا ئېلىشى سەۋەبسىز ئەمەس. ئەلۋەتتە، ھەتتا ئۇ شۇنداق يازىدۇ: «باللارنىڭ پۇرىقى ئادەمگە ئۈمىد ۋە تەسەللى بېرىدۇ. باللىرىمدىن كەلگەن پۇراق مېنى باللىققا قايتۇرۇپ، ئۇلار بىلەن بىر دېمەتلىك ئادەمگە ئايلاندۇرۇپ قويالايتتى. بەزىدە باللىرىمدىن ئۆتە كىچىكلەپ، باللارچە قىلىقلارنى قىلىپ كېتەتتىم» [8] ئەمما ئاپتورنىڭ يۇقىرىقى پىكىرلىرىگە قارىتا ئەكسىچە چۈشەنچىلەرمۇ يوق ئەمەس. كىتاب نەشرىدىن چىققاندىن كېيىن، ئىنتېرنېت توردا كىتاب ھەققىدە خېلى كۆپ مۇنازىرىلەر بولدى. شۇ مۇنازىرىلەر ئىچىدىكى بىر تورداشنىڭ كىتابتىكى باللىققا بولغان تەشنالىق ئۈستىدە قىلغان پىكىرلىرى كىشىنى تەئەججۇپلەندۈرىدۇ: «ئۇ ئالىي مەكتەپنىڭ پروفېسسورى، ئۆگەنگىنى زامانىۋى بىلىم... بۇ ئاكىمىزنىڭ بىر پۈتۈن ئۆمرىگە تەسىر كۆرسىتىپ تۇرىدىغان ئىدىيەسى زامانىۋىلىق ئەمەس، بەلكى زامانىۋىلىق بىلەن قارشىلىشىدىغان باللىق تۇيغۇلىرىدۇر... بىلىمگە توشقان، شارائىتى پىشقان ۋاقىتتىمۇ مەۋقەلىك ئىلىم ئىشلەپ چىقىرالمايدۇ. ئۇنىڭ ئىجادكارلىقى باللىققا تەۋە بولغان سوپىستىك شائىرلىقى بىلەنلا توختاپ قالغان» [9] كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، يۇقىرىقى ئىنكاستا زامانىۋىلىق ۋە پىشىپ يېتىلىش بىلەن باللىق قارىمۇقارشى دەپ چۈشىنىلگەن.

ۋەھالەنكى چىڭغىز ئايتماتوف ئىنسانىيەتنىڭ بەختىنى، پارلاق ئەتىسىنى ئىنساننىڭ باللىق ۋىجدانىغا، باللىق قەلبىگە باغلاپ شۇنداق يازىدۇ: «... ماڭا تەسەللى بولىدىغان نەرسە شۇكى، خۇددى ئۇرۇق ئىچىدە تۆرەلمە بولغىنىغا ئوخشاش، ئىنساننىڭ ۋۇجۇدىدىمۇ باللىق ۋىجدان بولىدۇ، تۆرەلمە بولمىسا ئۇرۇق كۆكلىيەلمەيدۇ. دۇنيادا بىزنى نېمىلەرنىڭ كۈتۈپ تۇرغىنىدىن قەتئىينەزەر، ئىنسانلار تۇغۇلۇپ ۋە ئۆلۈپ تۇرىدىغانلا بولسا، ھەقىقەت مەڭگۈ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ» [10] ئەگەر مەسىلىنى مۇشۇ نۇقتىدىن ئويلايدىغان بولساق، ئابدۇقادىر جالالىدىننىڭ «باللارنىڭ پۇرىقى ئادەمگە ئۈمىد ۋە تەسەللى بېرىدۇ» دېگەن سۆزىنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىپ يېتىمىز. بالا دەرەخنىڭ تىلى ھەم جېنى بارلىقىغا ئىشىنىدۇ. باللىق قەلبتىن يالغانچىلىق، شۆھرەت، ھىيلە-مىكىر، ئاچ كۆزلۈك، ھەسەت كەبى مەنىۋى مىكروبلارنى كۆرۈش تەس. ئەلۋەتتە ئىنسانىنى باللىقتا تۇتۇپ قېلىش مۇمكىن ئەمەس، ئەمما ئىنساننىڭ قەلبىنى باللىققا تالىق گۈزەل سۈپەتلەر بىلەن تەسەۋۋۇر قىلىش پىكىر ئەھلىنىڭ غايىسى.

ئەمەلىيەتتە زامانىۋىلىق بىلەن باللىق قارشىلاشمايدۇ. ئەگەر بىز زامانىۋىلىق دەپ چۈشىنىۋاتقان نەرسىلەر كامىل ئىنسانلىق سۈپەتلىرىنى قۇرۇتۇش بەدىلىگە ئېرىشىلىدىغان بولسا، ئىنساننىڭ شۇنچە بەدەل بىلەن يەتمەكچى بولغىنى نېمە؟ مەنزىلى قايسى تامان؟

شۇڭا ئاپتور لوندون شەھىرىنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكىدەك ئەمەس، بەلكى تەبىئەت بىلەن گىرىمسەن قىياپىتىنى كۆرۈپ شۇنداق بايانلارنى يازىدۇ: «كۆز ئالدىمدا تېپىك بىر سەھرانىڭ قىياپىتى ئايان ئىدى. قىياسىمدا لوندون ئاسمان-پەلەك بىنالار بىلەن تولغان ئاۋات بىر شەھەر ئىدى. بىراق قېنىكىن ئۇ بىنالار؟... شەھەر ئەسلىدە تەبىئەتكە ئۇيغۇن مەدەنىيەت بۆشۈكى، ھەرگىز تەبىئەت ھۆسنىگە زەھەرخەندىلىك بىلەن چېچىۋېتىلگەن كىسلاتا ئەمەس. ‹شەھەر ئىنسانىيەتنىڭ ئىززىتىنى، ھۆرلۈكىنى، سۆلىتىنى نامايان قىلىدىغان جاي› (كەۋىن لىنچ)، لېكىن تەبىئەتتىن ئايرىلغان شەھەر ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس». [11]

دېمەك، ئاپتورنىڭ قارىشىچە، زامانىۋىلىق ۋە تەرەققىياتنى مەۋجۇتلۇقنىڭ بۈگۈنكى كۈندىكى شەرتى دەپ چۈشەنگىنىمىزدە، ئۇ ھەرگىزمۇ ئىنساننىڭ مەنىۋى كامالىتىنى ئەتەي خۇنۇكلەشتۈرۈش ۋە قۇرۇتۇۋېتىش بەدىلىگە ئېرىشىلىدىغان نەرسە ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاپتور لوندوندەك زامانىۋى شەھەردىكى ھۆكۈمەت خادىملىرىنىڭ ئىنسانىي ئىززەت ۋە ئەپۇ ئېڭىنى، شۇنداقلا ئىنسانىي سۆيگۈ ۋە ھۆرمەتنى نامايان قىلغۇچى ئەمەلىيەتلەرنى ئىنچىكىلەپ يازىدۇ، ھەتتا ئۇ يەردىكى زامانىۋىلىق ئاپتورنىڭ ئۆز خەلقىنىڭ قوينىدا يېتىلدۈرگەن ئەقىدە، پاكىزلىق، ھالاللىق قارىشى بىلەنمۇ زىتلىشىپ قالمايدۇ. شۇڭا ئۇ باشقىلار سۇنغان ھاراقنى بىمالال رەت قىلىسىمۇ، باشقىلارنىڭ ھۆرمىتىنى قىلمىغانلىق، سورۇنلۇقى يوقلۇق ياكى ئەركەك بولالمىغانلىق قالپىقىنى كىيىپ قالمايدۇ. ئومۇمەن

باللىق پاكلىقىغا باغلانغان كامىللىق مەۋجۇتلۇقىمىزنى قىممەت ۋە نويۇزغا ئىگە قىلىدۇ.

**3. سۈرەتتىن سىيرەتكە [12]: ئاقىلغا ئىشارەت، نادانغا جۇۋالدۇرۇز**

ئاپتور ئېيتقاندەك، «مەسىلىنىڭ نېگىزى قانداقتۇر كۆرگەن-بىلگەن ئىشلارنى تەسۋىرلەپ قويۇشتا ئەمەس، بەلكى قەلەمگە ئېلىنغان ئۇششاق ئىشلارغا نىسبەتەن قانداق ئويلاردا بولۇشتا» [13]. گەرچە ئاپتورنىڭ لوندوندا تۇرغان ۋاقتى ئۇنچە ئۇزاق ۋە يەرلىكلەر بىلەن ئارىلىشىش دەرىجىسى ئۇنچە چوڭقۇر بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئەنگلىيە جەمئىيىتىدە كۆرگەن-بىلگەنلىرى ئاساسىدا يۈرگۈزگەن پىكىرلىرى بىزنى غەرب ھەققىدىكى تونۇشىمىز ئۈستىدە قايتا ئويلىنىپ بېقىشقا ئۈندەيدۇ. ئالايلۇق، بىز غەربنى نېمىدىن تونۇدۇق؟ بىز ئۇنىڭ نېمىسىدىن ئۆگەندۇق؟

«غەرب» دېسە كۆز ئالدىمىزغا ئۇنىڭ ئىلغار پەن-تېخنىكىسى بىلەن بىللە يەنە «غەرب» نامىدا بىزدە مودىلاشۋاتقان ئاياللارنىڭ ئەرلەرگە ئوخشاشلا جەمئىيەتكە يۈرۈش قىلىشى، بويتاقلىق، نىكاھسىزلىق، پەرزەنتلىك بولۇشقا قىزىقماسلىق ياكى بەزمىخانا... دېگەنلەر كېلىشى مۇمكىن. ئەمما ئاپتورنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى لوندون تەسۋىرىدىن «غەرب»تىكى ئەنئەنىگە مايىللىقنى، ئائىلە-پەرزەنتكە بولغان يۈكسەك مەسئۇلىيەت ۋە ساداقەتنى، كۈچلۈك ئىلىم-ئىجتىھات ئېڭىنى، شۇنداقلا ئاددىي-ساددا كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان رېئال ھايات كارتىنىسىنى كۆرەلەيمىز، ئەمەلىيەتتە بۇ غەرب جەمئىيىتىنىڭ تاشقى سۈرىتىدىن سىيرەتكە قىلىنىۋاتقان بىر خىل ئىشارە، ئۇچۇقراقى غەرب مەجاز، ئىنسانىي كامىللىق مۇرات.

كۆپىنچە كىشىلەر تەرەققىيات بىلەن ئەنئەنىنى قارىمۇقارشى ئۇقۇم دەپ چۈشىنىۋالىدۇ. بىراۋنىڭ كىيىم-كېچىكى ياكى تاشقى كۆرۈنۈشىگە ئاساسەن ئۇنىڭغا خۇراپىي ياكى ئىلغار دېگەن باھالارنى بېرىشىدۇ. ئەسلىدە ھەرقانداق بىر ئەنئەنە ئەينى دەۋر ئۈچۈن ئىلغارلىق ھېسابلىنىدۇ، ئۇنىڭ بۈگۈنگىچە كېلەلىشى دەل ئۇنىڭ ھاياتىي كۈچىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىپ تۇرىدۇ. ھەرقانداق يېڭىلىق ئەنئەنە ئاساسىدا بارلىققا كېلىدۇ. ئىنسانىيەت ئىختىرالىرى ھامان ئالدىنقىنى شەرت قىلىدۇ. ئەنئەنە — مەدەنىيەت جۇغلىنىشىنىڭ مەھسۇلى. ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت مىللىي مەدەنىيەتنىڭ يادروسى. مىللىي مەۋجۇتلۇقنىڭ مەنىۋى تۈۋرۈكى، ئۇ چەكسىز ھاياتىي كۈچكە ۋە ئىجتىمائىي قىممەتكە ئىگە. شۇڭا ھەرقانداق بىر مەدەنىيەت ئەنئەنىدىن ئايرىلسا، يىلتىزسىز دەرەخ، مەنبەسىز سۇغا ئوخشاپ قالىدۇ. ئەنئەنىنى دەۋرنىڭ سىنىقىدىن ئۆتكەن مەدەنىيەت جەۋھىرى دېيىشكە بولىدۇ. ھەرقانداق بىر جەمئىيەت ئۆز تەرەققىياتىنىڭ بىر تەرەپلىمە بولۇپ قېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن بۇ نۇقتىنى نەزەردىن ساقىت قىلماسلىقى كېرەك. شۇڭا لوندون كوچىلىرىدا كىيىم-كېچەك، ھەشەمەت، بىر خىللىق، ساقال... دېگەنلەر ھېچبىر ئىنساننىڭ جەمئىيەت ئالدىدىكى قىممىتى ۋە ئىجتىمائىي ئورنى بىلەن باغلانمايدۇ. بۇلار تەرەققىيات بىلەن خۇراپىيلىقنى ئايرىشنىڭ ئۆلچىمى بولالمايدۇ. شۇڭا «غەرب»تىن باللىرى ئۈچۈن ئۆيدە ئولتۇرغان دوكتور ئاياللارنى، ئىككى بالىسى بار تۇرۇپمۇ ئايالىنىڭ يەنە تۇغالمايدىغان بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن كۆز يېشى قىلغان پروفېسسورلارنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ، ئاپتور يېزىۋاتقان بۇ ئىشلارنىڭ سۈرىتى ھايات كۆرۈنۈشلىرىدە، يىلتىزى بولسا قىممەت قاراشتا.

ھەممىمىز بەخت ئىزدەيمىز، ئەمما بەخت دېگەن نېمە؟ بەخت مەلۇم ئۆلچەمدىكى ئېرىشىشنىڭ نەتىجىسى ئەمەس. بەزىلەر ئەسكى كەپىلەردە ئولتۇرۇپمۇ ئۆزىنى بەختلىك ھېس قىلسا، بەزىلەر كاتتا داچىلاردا ئولتۇرۇپمۇ مەيۈسلۈككە چۆكىشى مۇمكىن. ئاپتور ئېيتقاندەك «ھەممە خۇشاللىقنىڭ بەخت بولۇشى ناتايىن»، جۈملىدىن ھەممە ئېرىشىش، ھەممە تەرەققىياتنىڭ بەخت بولۇۋېرىشىمۇ ناتايىن. ئەگەر بەختنى ئېرىشىش بىلەن مۇتلەق باغلىۋالساق، بىز «بەخت» ئۈچۈن ئۆمرىمىزنى ئىسراپ قىلغان بولىمىزيۇ، ئەمما بۇ ئېرىشىشنىڭ چېكىگە يېتىش بىز ئۈچۈن مۇمكىن ئەمەس. بەخت بىر خىل سايا ۋە قانائەت ئاستىدىكى ئېرىشىش ۋە مەۋجۇتلۇقتۇر. بەخت مەسئۇلىيەت بىلەن سالاھىيەتنىڭ بىردەكلىكىدۇر. ئەگەر بەخت ھەققىدىكى تونۇشىمىز توغرا بولمايدىكەن، مەۋجۇتلۇق ئۈچۈن تىپىرلاشلىرىمىز ۋە تەشنالىقلىرىمىزنىڭ ھەممىسى مەنىسىز نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

### 4. مەۋجۇتلۇقتا ئىلىم: ئىلىم چېكىتى يوق تارازا ئەمەس

ئىلىم ۋە پەزىلەت قەلەم ئىگىلىرى ئۈچۈن ئىزچىللىقتا ئىگە تېمىلارنىڭ بىرى. مۇتەپەككۇر يۈسۈپ خاس ھاجىپمۇ ئىنسان بالىسىنىڭ قىممىتىنى بىلىم ۋە پەزىلەتتە دېگەنىدى. ئەگەر فىرانسىس بېكوننىڭ «بىلىم — كۈچ» دېگەن قارىشى بىلەن يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» (بەخت كەلتۈرگۈچى بىلىم) قارىشىنى ئىنچىكە سېلىشتۇرساقلا، ئوخشىمىغان ئىككى خىل قىممەت قاراشىنىڭ سايىسى نامايان بولىدۇ. ئالدىنقىسىدا بىلىمنىڭ تاشقى قاتلىمى، ماددىي يارىتىش فۇنكسىيەسى تەكىتلەنسە، كېيىنكىسىدە ئىنساننىڭ مەنىۋى كامالىتىنى ئالدىنقى شەرت قىلغان بىلىمنىڭ نەتىجىسى تەكىتلىنىدۇ. ئومۇمەن بىلىش تارىخىمىزغا نەزەر سالىدىغان بولساق، ئەجدادلارنىڭ بىلىش پەلسەپىسىدىكى بىلىم شەرتلىك بىلىشنىڭ مەھسۇلىدۇر. «مەۋجۇتلۇق تەشنالىقى»دا مانا مۇشۇ نۇقتىمۇ ئاپتورنىڭ پىكىر دائىرىسىنىڭ سىرتىدا قالمىغان.

بىلىم ئىگىلىكى دەۋرىنىڭ ئادەملىرى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن بىلىمنىڭ قىممىتى ۋە قۇدرىتىدىن گۇمانلىنىش بىنورماللىق. ئەمما بىلىم بىر قورال بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇ ھامان توغرا بىر قىممەت قاراش ۋە ھەقىقەت تۇيغۇسى يېتەكچىلىكىدىلا ئاندىن ئۆزىنىڭ ئورنىنى تاپىدۇ. ئاپتور بۇ نۇقتىنى ناسىرخانىنىڭ سەمەرقەنتتىكى ئوردىسىدا شائىرە جاھان ۋە ئۆمەر ھەييامىلارنىڭ ۋەقەلىكى ئارقىلىق ئوبرازلىق ئىپادىلەيدۇ. زامانىمىزدىكى مەۋجۇتلۇق، ئوچۇقراقى پۇت تىرەپ تۇرۇش ئۈچۈن بىلىم كەم بولسا بولمايدۇ. ئەمما بىلىم ئىنسان نەپسى ئۈچۈنلا خىزمەت قىلغاندا ياكى جان بېقىشنىڭ قورالىغا ئايلاندۇرۇۋېلىنغاندا بولسا، ئاپتور ئېيتقاندەك، ئىنسان «ياشاش ئۈچۈن ھېچقانداق ئىدىيە، غۇرۇرنى سۈرۈشتە قىلماسلىق ياكى ھېچقانداق ئىنسانىيلىق دەۋاسى قىلماسلىق» [14] تەك ئۆز ماھىيىتىدىن غەيرىي يۆنىلىشكە قاراپ يۈزلىنىدۇ. ئاپتورنىڭ ئۆمەر ھەييامنىڭ غۇرۇرىنى ئالتۇنغا تېگىشمىگەنلىكتەك روھىنى بىزگە قەيت قىلىشلىرىدا ۋە بىزگە «ئۆمەر ھەييام بۈگۈنكى ماتېرىيالىزم دەۋرىدە ياشىغان بولسا، ئىلىمنىڭ غۇرۇرىنى ‹مۇتەخەسسىس›لىككە تېگىشكەن بولارمىدى؟» [15] دېگەن سوئالنى قويۇشىدا، بىزنىڭ بۈگۈنكى مەۋجۇتلۇق ئۈچۈن تىركىشىش مۇساپىمىزدىكى «بىلىم، پەزىلەت، غۇرۇر» ھەققىدىكى تونۇشلىرىمىزنى پىكىرگە ئۈندەيدىغان خاھىشچانلىق نامايان بولىدۇ. ئەنئەنىمىزدە بۇ خىل دەۋەتچانلىق ئاز ئەمەس. مۇتەپەككۇر ئەلىشىر نەۋائىينىڭ ئۆز ئەمەلىيىتى ئارقىلىق قىلغان شۇنداق بىر دەۋىتى بولغان، بۇ دەۋەتنىڭ تېمىسى «مۆھۈر سۇندۇرۇش»:

ئەلىشىر نەۋائىي ھۈسەيىن بايقارانىڭ ئوردىسىدا باش مۆھۈردارلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان مەزگىللىرىدە، ئۇنىڭ كېلىپ چىقىشىنىڭ بارلاس، دوغلات قاتارلىق قەبىلىلەردىن بولماي، بەلكى ئۇيغۇرلاردىن بولغانلىقى سەۋەبلىك، سورۇنلاردا ئۆزىدىن تۆۋەن تۇرىدىغان ئەمەلدارلارنىڭمۇ ئاستىدا ئولتۇرۇشقا مەجبۇر بولىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ھەر قېتىم مۆھۈر بېسىشقا توغرا كەلگەندە، ئۇنىڭ نۆۋىتى كەلگىچە مۆھۈر باسىدىغان قەغەزنىڭ ئاستىنقى قىسمىلىرىلا بوش قېلىپ، نەۋائىي ھەممەيلەندىن تۆۋەن يەرگە مۆھۈر ئۇرۇپ، تولىمۇ خارلىق ھېس قىلىدۇ. نەتىجىدە ئاتاقتا بار، ئەمەلدە يوق بۇنداق ھوقۇقتىن سەسكەنگەن نەۋائىي، ئىلكىدىكى مۆھۈرنى ئېتىپ سۇندۇرۇپ، ھوقۇق تونىنى تاشلاش ئارقىلىق ئىلىم ئەھلىدە بولۇشقا تېگىشلىك يۈكسەك غۇرۇرنى نامايان قىلىدۇ. ئەلىشىر نەۋائىي ئەنە شۇ ۋەقەلىكنى مەزمۇن قىلغان ئاساستا تۆۋەندىكىدەك بىر قىتئە يازغان بولۇپ، بۇ قىتئە ئۇنىڭ «نەۋادىرۇششەباب» (يىگىتلىك نادىرلىقلىرى) ناملىق دىۋانىغا كىرگۈزۈلگەن:

چۈن ماڭا لۇتف ئەتتى شەھ دىۋاندا مۆھر،
بۇ ئىدى ئەلدىن قۇيى مۆھر ئۇرماغىم.
كىم غۇرۇرى نەفس سەركەش مەنئىغە،
بارچەدىن بولغاي قۇيى ئولتۇرماغىم.
چۈن شىكەستى نەفس ھاسىل بولمادى،
مۆندىن ئۇلدى مۆھرنى سىندۇرماغىم [16]

(شاھ ماڭا مۆھۈرنى ئىلتىپات قىلدى، ئەمما باشقىلاردىن تۆۋەن ئورۇنغا مۆھۈر باساتتىم، غۇرۇرۇمنىڭ ئىختىيارىنىڭ ئەكسىچە، ھەممىدىن تۆۋەن ئورۇندا ئولتۇراتتىم. غۇرۇرنى سۇندۇرۇش ئىمكانى بولمىدى، شۇ سەۋەبتىن مۆھۈرنى سۇندۇردۇم).

دېمەك، ئىلىم نوقۇل جان بېقىشنىڭ قورالى ئەمەس، بەلكى ئىنسانىي كامالەتنىڭ ۋاسىتىسى. ئۇ پەزىلەت،

ۋىجدان تارازىلىرىدا قىممەت ياراتقان بولۇشى كېرەك.

### 5. ۋەتەن — مەۋجۇتلۇق بۆشۈكى

ھەرقانداق ئىدىيە ئىگىسى ئۆز ئىدىيەسىنى ھەقىقەت دەپ تونۇيدۇ، ئەمما ئىدىيەلەر بىر-بىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. ۋەھالەنكى ھەقىقەت پەقەت بىرلا. ئىنساننىڭ ئەڭ چوڭ تالاپىتى دەل ھەقىقەتكە ئىتائەت قىلىشنىڭ ئورنىغا ھەقىقەت يارىتىشقا ئۇرۇنغانلىقىدا.

ھەقىقەت ئەھلىنىڭ ھەق ئالدىدىكى ئورنىمۇ ئىككى خىل بولىدۇ. بىرى ھەقىقەتنى سۆيسە، يەنە بىرى سۆيۈلۈش ئۈچۈن ھەقىقەتلىنىدۇ. سۆيۈلۈش ئۈچۈن ھەقىقەتلىنىش ئەمەلىيەتتە ھەقىقەتنىڭ ئابستراكت قورغانلىرىغا مەھكۇم بولۇش بولۇپ، ئۇنداقلارنىڭ رىياللىقىدا ھەقىقەت كونكرېتلاشمايدۇ.

ئەگەر ۋەتەن، خەلق سۆيگۈسىمۇ كونكرېتلاشمىسا، «ۋەتەن»، «خەلق» دېگەنلەر پەقەت تاۋۇشلار يىغىندىسىدىن باشقا نەرسە بولماي قالىدۇ. بىر ئۆمۈر ئەنە شۇ تاۋۇشلارنى سۆيۈپ ياشايدىغان ۋەتەنپەرۋەرلەرمۇ يوق ئەمەس. خەلق دېمەك ئالدىمىزدىكى كونكرېت ئادەم، خەلق دېمەك تون كىيگەن ۋەزخان، ئاق چاچلىق زىيالىي، ئاۋارە كىينگەن دېھقان، باققال ياكى مايلامچى...

ئاپتورنىڭ قەلىمىدە ئەنە شۇنداق كونكرېتلاشقان ۋەتەن، خەلق سۆيگۈسى نامايان. ئۇ ئايروپىلان ۋەتەن تۇپرىقىدىن كۆتۈرۈلگەندە، لوندوندىكى كىشىلەر بىلەن سۆھبەتلەشكەندە، خۇشاللىق تاپقان ياكى كۆڭلى يېرىم بولغاندا، ھەتتا ئىشتىھاسىنى رام قىلغان زەيتۇننى ناشتىلىق قىلغاندا... ھامان پىكرى ۋەتەن بىلەن، خەلق بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن بولىدۇ. شۇڭا ئۇ «ئەلنىڭ ئىزتىراپلىرى بىلەن مەنىۋى جەھەتتە ئۆزۈمنى بىر چەتكە ئالالمىغۇدەك دەرىجىدە باغلىنىپ كەتكەنىكەنمەن» [17] دەپ يازىدۇ. شۇڭا ئۇ «مەن ئۇيغۇر تىلى ئوقۇتقۇچىسى» دەپ پەخىرلىنىدۇ، شۇڭا ئۇ «خەلقىم پاكىز، ھالال نەرسىلەرنى يېسىكەن» دەپ غەم يەيدۇ.

ئاپتورنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىكى، خەلقپەرۋەرلىكى ئۇنىڭ ئانا تىلغا بولغان چوڭقۇر مېھىر-مۇھەببىتى ۋە مەسئۇلىيەتچانلىقىدىمۇ روشەن ئىپادىلىنىدۇ. ئاپتور ئۇيغۇر تىلىدا تېخى نېمە دەپ ئىشلىتىش مۇقىملاشمايۋاتقان ياكى يات تىللاردىن ئەينەن قوبۇل قىلىنغان بەزى سۆزلەرنى ئۇيغۇر تىلىدا قانداق ئىپادىلەش كېرەكلىكى ھەققىدە ئۆزىنىڭ بەزى ئىجادىي قاراشلىرىنى ئۇدۇللۇق ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتكەن. مەسىلەن: «ئىم — مەخپىي نومۇر» (شۇ كىتاب 5-بەت)، «يەككىلەمچى سالاھىيەت» (شۇ كىتاب 61-بەت)، «بەتنىيەتلىك تەلىماتى — 厚黑学» (شۇ كىتاب 118-بەت)، «ئايالھەقچى — Feminist» (شۇ كىتاب 203-بەت)، «ئىشتەيىن دەپتىرى — قىلىدىغان ئىشلارنى پىلانغا ئېلىش دەپتىرى» (شۇ كىتاب 211-بەت)، «ساندۇيچ — قاتنان» (شۇ كىتاب 212-بەت)، «شىۋۇشەن كىيىم — راھەت / ئازادە كىيىم» (شۇ كىتاب 234-بەت)، «سىنكۆز» (شۇ كىتاب 251-بەت)، «مىرابلىق جەمئىيىتى — 治水社会» (شۇ كىتاب 256-بەت)، «ئەۋلادلار پەرقى — Generationgap» (شۇ كىتاب 277-بەت)، «بەينەلمىنەل — خەلقئاراۋى» (شۇ كىتاب 309-بەت)، «تاسما پۇرچاق» (شۇ كىتاب 309-بەت)، «ئاداقلىما — Terminal» (شۇ كىتاب 316-بەت)... قاتارلىقلار.

ئومۇمەن، «مەۋجۇتلۇق تەشنالىقى» ناملىق كىتابتا، مەۋجۇتلۇقنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرى بويىچە سۈپەتنى شەرت قىلغان ھالدا پىكىر يۈرگۈزۈلگەن بولۇپ، بۇ پىكىرلەرنىڭ مەركىزىدە ئىنساننىڭ قەلب كامالىتى ۋە مەنىۋى مەۋجۇتلۇقى تۇرىدۇكى، ئۇ ھەرگىزمۇ مەۋجۇدىيەتچىلىك پەلسەپىسىدىكى ئىرراتسىونالىستىك قاراش ئەمەس.

ئىنتېرنېت تورىدا بىر توردىش مەزكۇر كىتابقا بولغان ئاچچىق تەنقىدىنى مۇنداق ئىپادىلىگەنىدى. «مېنىڭ مەۋجۇتلۇق تەشنالىقىم مۇنداقكەن دەپتۇ چەت ئەللىك ماسلوۋ: (1) قورسىقىم تويۇشى، توڭلاپ قالماسلىقىم كېرەك، جىنسىي مۇناسىۋەت قىلىشىم كېرەك، بۇ ئاساسىي تەلىپىم؛ (2) بىخەتەرلىكىم كاپالەتكە ئىگە بولۇشى كېرەك؛ (3) مەن پاراڭ سېلىپ، مۇڭداشقۇدەك ئادەم بولۇشى كېرەك؛ (4) باشقىلار تەرىپىدىن ھۆرمىتىم، غۇرۇرۇم ئاياغ-ئاستى قىلىنماسلىقى كېرەك؛ (5) جەمئىيەتتە قىممەت يارىتىپ ئۆزۈمنىڭ قىممىتىنى ئىپادىلىيەلىشىم كېرەك». [18]

ئالدى بىلەن ئۇ توردىشىنىڭ «چەت ئەللىك ماسلوۋ» دەپ نەقىل كەلتۈرۈشىدىنلا ئۇنىڭ پىكرىنىڭ قۇۋۋىتى ئۈچۈن «چەت ئەللىك» ئاتالغۇسىنى ئىشلىتىۋاتقانلىقىدەك ئاجىزلىقىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس، ئۇنداق بولمىغاندا «ماسلوۋ» دېيىشلا ئۇنىڭ چەت ئەللىك ئىكەنلىكىنى

ئىنقىلاشقا ھاجەت قالمايتتى؛ ئىككىنچىدىن، ماسلوۋنىڭ مەۋجۇتلۇق تەشنالىقى، جۈملىدىن ۋاستىلىك ھالدا توردىشىمىزنىڭ مەۋجۇتلۇق تەشنالىقىنىڭ تولىمۇ ماددىيلاشقانلىقىدىن بىئارام بولماي تۇرالمايمىز. مەنىۋى كامالەتنى شەرت قىلمىغان يۇقىرىقىدەك تەشنالىقلار «كېرەك، كېرەك» دەپ يېزىپ قويغانلىقىمىز ئۈچۈنلا ئەمەلگە ئاشىدىغان نەرسە ئەمەس. بۇ خىل «كېرەك»لەرنىڭ ئەمەلگە ئېششى ئۈچۈن مۇناسىپ مەنىۋى ساپا ھازىرلىغان ئىنساننىڭ كونكرېت ۋە جەريانلىق ھەرىكىتى شەرت بولىدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، بەلكىم ئاپتور بۇ توردىش تەلەپ قىلغان بىر قىسىم سۆزلەرنى كىتابتا دېمىگەن بولۇشى مۇمكىن. ئەمما دېمىگەنلىكى دېيىشنى خالىمىغانلىقىدىن بولۇشى ناتايىن. بۇ نۇقتىنى ئويلاپ ئۈلگۈرمىگەن بۇ توردىش يۇقىرىقىدەك ئاچچىق تەنە قىلغان بولۇشى مۇمكىن. بىزدە «پىچاقنى ئاۋۋال ئۆزۈڭگە سال، ئاغرىمىسا باشقىلارغا» دېگەن گەپ بار. شۇڭا گەپنىمۇ ئۆز ئورنىغا قاراپ دېگۈلۈك، توردىش ئۆزىنىڭ ئاپتوردىن قانداق گەپنى قەيەردە دېيىشنى تەلەپ قىلىۋاتقانلىقىغا دىققەت قىلىشى كېرەك.

ئەلۋەتتە «مەۋجۇتلۇق تەشنالىقى»نى مۇكەممەل يېزىلغان كىتاب دېگىلى بولمايدۇ. مۇكەممەللىكنى بەندىدىن كۈتۈشنىڭ ئۆزى باتىللىق، ئاپتور ئۆزىنىڭ بىر يىللىق زىيارەتچى، تەتقىقاتچىلىق سەرگۈزەشتىسىدە، ئىشتىراك قىلغان ئىلمى پائالىيەتلىرى بىلەن كىتابنى بېيىتقان بولسا ۋە ياكى شاھىت بولغان نەزەرىيەۋى پىكىر، ئىلمى ئەھگەكلەردىن كۆرە، بىزگىمۇ مەلۇم ئىلىمنىڭ تارمىقىدا نەزەرىيەۋىلىككە كۆتۈرۈلگەن ئىزدىنىشلەر مېۋىسىنى سۇنۇش ئىمكانىيىتى ھەققىدە ئويلىنىشقا كەلگەنلىك خۇش خەۋىرىنى بەرگەن بولسا تېخىمۇ سۆيۈنەتتۇق. كۆپ يىللاردىن بۇيان ئىجتىمائىيەت تەنقىدچىلىكى ۋە مەدەنىيەت تەنقىدچىلىكى ساھەسى بويىچە مۇئەييەن ئەمگەكلەرنى قىلغان ئاپتور بەلكىم بۇ جەھەتتىمۇ ئويلانغان بولۇشى ۋە بىر قىسىم ئىلمى ئەمگەكلەر ئۈستىدە ئىشلەۋاتقان بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئەگەر ئەھۋال شۇنداق بولغىنىدا، بۇ بىزنىڭ كۈتكىنىمىز بىلەن بىر يەردىن چىققانلىق بولىدۇ، قانداقلا بولمىسۇن مەزكۇر ئەسەرنى ئاپتورنىڭ بۇرۇنقى مۇشۇ خىلدىكى ئەسەرلىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئۇنىڭ تىل ۋە بالاغەتتە يەنە بىر بالداق ئۆرلىگەنلىكىنى ھېس قىلدۇق. بۇ خىل ئۆرلەش يەنە مەسىلە تەھلىل قىلىشتىكى ۋەزمىنلىك، ئۆز خەلقىنىڭ قىممەت قارىشىغا بولغان سادىقلىق ۋە ئىپادىلەشتىكى مەردانىلىقلاردا كۆرۈلىدۇ.

ھەرقانداق بىر ئىزدىنىش بولغانىكەن، بۇ ھەقتە بەزىبىر باھالار ۋە باشقىچە قاراشلارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى تەبىئىي. مەسىلە شۇ باھانىڭ خالىس ۋە ئادىل بولغان ياكى بولمىغانلىقىدا. ئەلۋەتتە بېرىلگەن سوۋغاتقا لايىقىدا تەشەككۈر بىلدۈرۈش ئەقەللىي بىر ئەخلاقىي تەلەپتۇر. شۇڭا گەرچە بىز بىلىمنىڭ كەڭلىكى ۋە چوڭقۇرلۇقى جەھەتتىن ئاپتوردىن كۆپ تۆۋەن تۇرساقمۇ، ئاپتورنىڭ بۇ ئەمگىكىگە بولغان رەھمىتىمىز ۋە سەممىي ئىنكاسىمىزنى ئىپادىلەش يۈزىسىدىن قەلەم تەۋرەتتۇق. بىزدىن بۇرۇنمۇ تورلاردا ۋە باشقا ئورۇنلاردا ئاپتورنىڭ بۇ ئەمگىكى ۋە كىشىلىكى ئۈستىدە ھەر خىل پىكىرلەر بولغان، ھەتتا بۇ پىكىرلەر ئىچىدە بىر قىسىم يامان غەرەز ۋە خۇسۇسىي خاھىشلارنىڭمۇ بارلىقىنى ھېس قىلغىلى بولىدۇ. مەيلى قانداق باھالارنىڭ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بىز ئاپتورنىڭ ھېسسىياتتا ئۇنچە يەڭگىل، دىيانەتتە ئۇنچە پۇچەك ئادەم ئەمەسلىكىگە ئىشىنىمىز. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭغا تەسەللى سۈپىتىدە «ئۆردەك بىلەن تاشپاقا» ناملىق مەسەلنى سۇنىمىز:

بىر كۆلدە ئىككى ئۆردەك بىلەن بىر تاشپاقا بىللە ياشايدىكەن. كۆلنىڭ بىردە تۇيۇقسىز كۆلنىڭ سۈيى ئازلاشقا باشلاپتۇ. نەتىجىدە ئۆردەكلەرنىڭ بۇ يەردە يەنە ياشاۋېرىشكە رايى قالماپتۇ ۋە سۈيى مول بىر يەرگە كېتىشكە مەجبۇر بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار تاشپاقىنىڭ ئالدىغا خوشلاشقىلى بېرىپتۇ. تاشپاقا ئۇلارنىڭ كېتىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ كۆڭلى قاتتىق يېرىم بوپتۇ ۋە ئۆردەكلەرگە «ئامال قىلىپ مېنىمۇ بىللە ئېلىپ كەتسەڭلار!» دەپ يالۋۇرۇپتۇ. ئۆردەكلەر ئۇنىڭغا: «بىزنىڭمۇ سەندىن ئايرىلىشقا كۆزىمىز قىيمايدۇ. ئەمما سېنى ئېلىپ كېتىش تولىمۇ مۇشكۈل، چۈنكى بىز ئۇچالايمىز، سەن ئۇچالمايسەن» دەپتۇ. بۇنىڭدىن تاشپاقىنىڭ كۆڭلى ئىنتايىن يېرىم بوپتۇ. ئۆردەكلەر قاتتىق ئويلىنىش ئارقىلىق ياخشى بىر ئامال تېپىپتۇ ۋە بۇنى ئۆردەككە ئېيتىپتۇ: «بىز بىر ئامال تاپتۇق، ئەمما سەن بىزگە ھەرگىز ئاغزىڭنى ئاچماسلىققا ۋەدە بېرىسەن» دەپتۇ. تاشپاقا ماقۇل بوپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بىر تال تاياق تېپىپ كەپتۇ. ئۆردەكلەر تاياق-

نىڭ ئىككى بېشىنى، تاشپاقا تاياقنىڭ ئوتتۇرىدىن چىشلەپتۇ. نەتىجىدە بۇ ئۆچەيلەن كۆككە كۆتۈرۈلۈپتۇ. ئۇلار جاڭگاللاردىن ئۇچۇپ ئۆتۈپ، شەھەر ئاسمىنىغا كەپتۇ. كىشىلەر تاشپاقىنىڭ قىياپىتىنى كۆرۈپ، ھەر خىل سۆزلەرنى قىلىشقا باشلاپتۇ. بەزىلەر: «تاشپاقىنىڭ ئۇچۇشقا ھەۋەسى بار ئىكەن» دېسە، يەنە بەزىلەر باشقىچە سۆزلەرنى قىلىشىپتۇ. دەسلەپ تاشپاقا چىداپ سۈكۈت قىلىپ تۇرۇپتۇ. ئەمما كىشىلەرنىڭ سۆزىنىڭ توختىمىغانلىقىنى كۆرگەن تاشپاقا ئاخىر چىديالماي «كاشكى كۆزلىرىڭ كور بولغان بولسىچۇ» دېيىشى بىلەنلا تاشپاقا كۆكتىن يەرگە چۈشۈپ كېتىپتۇ.

**ئىزاھلار:**


[1] ئىنتىباھ ــ ئويغىنىش، ھوشيارلىق.

[2] ئابدۇقادىر جالالىددىن: «مەۋجۇتلۇق تەشنالىقى»، شىنجاڭ پەن-تېخنىكا نەشرىياتى، 2012-يىلى 4-ئاي نەشرى، كىرىش سۆز، 1-بەت.

[3] يۇقىرىقى كىتاب، 1-بەت.

[4] يۇقىرىقى كىتاب، 4-بەت.

[5] يۇقىرىقى كىتاب، 7-بەت.

[6] يۇقىرىقى كىتاب، 10-بەت.

[7] يۇقىرىقى كىتاب، 27-بەت.

[8] يۇقىرىقى كىتاب، 29-بەت.

[9] «ئىزدىنىش» تورىدىكى «سىز مەۋجۇتلۇق تەشنالىقىنى ئوقۇغانمۇ؟» دېگەن تېمىدىكى ماقالىگە چۈشكەن ئىنكاستىن.

[10] چىڭغىز ئايتماتوف: «ئاق پاراخوت».

[11] ئابدۇقادىر جالالىددىن: «مەۋجۇتلۇق تەشنالىقى»، شىنجاڭ پەن-تېخنىكا نەشرىياتى، 2012-يىلى 4-ئاي نەشرى، 48-بەت.

[12] سىيرەت: ئادەت، ئەخلاق، ئەمەلىيەت.

[13] ئابدۇقادىر جالالىددىن: «مەۋجۇتلۇق تەشنالىقى»، شىنجاڭ پەن-تېخنىكا نەشرىياتى، 2012-يىلى 4-ئاي نەشرى، كىرىش سۆز، 1-بەت.

[14] يۇقىرىقى كىتاب، 9-بەت.

[15] يۇقىرىقى كىتاب، 9-بەت.

[16] ئەلىشىر نەۋايى (مىرسۇلتان ئوسمانوف نەشرگە تەييارلىغان): «نەۋادىرۇش-شەباب»، مىللەتلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ، 2011-يىلى نەشرى، 899-بەت.

[17] ئابدۇقادىر جالالىددىن: «مەۋجۇتلۇق تەشنالىقى»، شىنجاڭ پەن-تېخنىكا نەشرىياتى، 2012-يىلى 4-ئاي نەشرى، 438-بەت.

[18] «ئىزدىنىش» تورىدىكى «سىز مەۋجۇتلۇق تەشنالىقىنى ئوقۇغانمۇ؟» دېگەن تېمىدىكى ماقالىگە چۈشكەن ئىنكاستىن.


---


ئاپتورلارنىڭ خىزمەت ئورنى: قۇربانجان ئابدۇقادىر ــ جۇڭگو ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام ئىلمىي جەمئىيىتىدە؛ ئابدۇقەييۇم مىجىت ــ ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى مىللەتلەر مەدەنىيىتى تەتقىقاتى ئىنستىتۇتىدا.



## كېيىنكى يېرىم يىللىق «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولۇڭ

ئۆزى ئويغاق، ئۆزىدىن بەكرەك روھى ئويغاق ئوقۇرمەنلەر ئاسمىنىدا قۇياشتەك پارلاۋاتقان «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1951-يىلى دۇنياغا ئاپىرىدە بولۇپ، ھازىرغا قەدەر 62 يىللىق قىش ۋە باھارنى باشتىن ئۆتكۈزدى. «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى خەلقئاراغا ۋە دۆلەت ئىچىگە ئاشكارا تارقىتىلىدىغان ئۇنىۋېرسال خاراكتېرلىك قوش ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال. «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى «خەلقچىللىق، ئىلمىيلىك، ئاممىباپلىق، ئوقۇشچانلىق» شوئارى ئاستىدا ئاز، ئەمما ساز مۇھەررىرلەر قوشۇنىنىڭ قان ۋە تەر بەدىلىگە، ئۈيۈشۈشچان، ئاكتىپ، تەشەببۇسكار، ئاقىل ئاپتورلارنىڭ قىممەتلىك ۋاقىت ۋە ئويغاق ئىختىراسى ئەجرىگە، سەگەك، قاتتىق تەلەپلىك ئوقۇرمەنلەرنىڭ مەنپەئەتى ۋە مەدەتى شەرپىگە 319 سان نەشر قىلىندى.

شۇڭا بۇ ژۇرنال ھەر ساھەدىكى ھەر بىر ئوقۇرمەننىڭ قولىغا تەگكەن ھامان ئالدى بىلەن مۇھەررىرلەرنىڭ كامالى ئېھتىرامىغا مۇيەسسەر بولىدۇ. ئۇ بەلكىم مۇھەببەت ئىزدىگۈچىلەر ئۈچۈن بىر دەستە گۈل، چۆلدە چاڭقىغانلار ئۈچۈن مۇزدەك بىر پىيالە زەمزەم، تېڭىرقىغانلار ئۈچۈن ھەركەتلەندۈرگۈچ كۈچ، ئىدىيە ۋە ئاڭ سەپىرىدىكى يولۇچىلار ئۈچۈن پەلسەپە، ئەدەبىيات، تارىخ، پىسخولوگىيە دەرسخانىسى؛ قەلب جەۋھەرلىرىنى ئىپادىلىمەكچى بولغانلار ئۈچۈن تىل ھېكمىتى قامۇسى!

سەمىڭىزدە بولسۇنكى، ژۇرنىلىمىزنىڭ كېيىنكى يېرىم يىللىق سانلىرىغا مۇشتەرى قوبۇل قىلىش خىزمىتى 5-ئاينىڭ 1-كۈنى باشلىنىپ 15-كۈنى ئاخىرلىشىدۇ.

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىراتى




## تەپەككۇر مېۋىلىرى

▲ شۇنچە كۆپ پۇل - مېلى بىلەنمۇ كۆڭۈل خاتىرجەملىكنى سېتىۋالالمىغان ئادەم ئەڭ نامرات ئادەمدۇر.

▲ باياشات - توقچىلىق ۋاقتىمۇ نورمالنى يېگەن ئادەم، نامراتلىق، قىيىنچىلىق ۋاقتىمۇ ئاچ قالمايدۇ.

▲ ئىسراپخور كۆپ يەردە بەرىكەت، سۇخەنچى كۆپ يەردە تىنچلىق بولمايدۇ.

▲ يۇرتۋازلىق ئەۋج ئالغان قوۋم بىرەر چوڭ ئىشنى ۋۇجۇدقا ئېلىپ چىقالمايدۇ.

▲ ئەخلاق مىزانى يوق قوۋم يولدىن ئادىشىپ قالغان يولۇچىغا ئوخشايدۇ.

▲ سەندە تىلەكلا بولۇپ تەدبىر بولمايدىكەن، تەقدىردىن ئاغرىنىشقا ھەققىڭ يوق.

▲ پۇل شۇنداق نەرسىكى، سەن يوقسۇل ۋاقتىتا ھەممە نەرسىنى پۇلغا سېتىۋالغىلى بولىدىغاندەك كۆرۈنىدۇ، ئەمما سەن باي بولغان ۋاقتىتا ھەممە نەرسىنى پۇلغا سېتىۋالغىلى بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىسەن.

▲ ئىسمىڭنى ئاتاڭ قانداق چاقىرسا، باشقىلارمۇ شۇنداق چاقىرىدۇ.

▲ ئوغلۇڭ ئۆيدىن چىقىپ كەتسە سەنلا غەمگە چۆمىسەن، ئەمما قىزىڭ ئۆيدىن چىقىپ كەتسە پۈتكۈل يۇرت غەمگە چۆمىدۇ.

▲ ئاجىز رەقىبنى يەڭگەن ئادەم قەھرىمان ھېسابلانمايدۇ.

▲ يېتىم - يېسىرنىڭ بىر لوقما ھەققىنى يېگەن گېلىڭنى بىر ئۆمۈر يۇيۇپمۇ پاكلىيالمايسەن.

▲ ئۈچ خىل ئادەمنىڭ تىلىكى ئىجابەت بولمايدۇ: بىرى، نىيىتى يامان ئادەم؛ بىرى، ئاۋامنىڭ ھەققىدىن گېلىنى يىغمايدىغان ئادەم؛ بىرى، ئاتا - ئانىسىنى نارازى قىلغان ئادەم.

▲ بىر مىللەتنىڭ ئىلىم ئەھلىلىرى ئارىسىدىكى ئىتتىپاقسىزلىق شۇ مىللەتنى خانىۋەيران قىلىشقا تامامەن يېتىدۇ.

▲ ئاتاڭنىڭ ياخشى پەرزەنتى بولماق تەس ئەمەس، ئەمما خەلقىڭنىڭ ياخشى پەرزەنتى بولماق مۇشكۇلدۇر.

**مۇھەممەدجان مەتىمىن**

---

ئاپتور: گۇما ناھىيە كۆكتېرەك يېزا تۇغېبىشى كەنتىدىن.

## تەپەككۇر جەۋھەرلىرى

▲ سەن زېمىنغا قانچىلىك تەر تۆكسەڭ ئۇمۇ ساڭا شۇنچىلىك نېمەت تۆكىدۇ.

▲ ئەگەر قىلىۋاتقان ئىشىڭدىن ئازغىنا نەتىجە بولسا، ئۇنى مەڭگۈ داۋاملاشتۇر.

## تەپەككۇر كۆزى

▲ مۇۋەپپەقىيەت ھامان تەلەي ياكى ئامەتكە بېقىنمايدۇ.

▲ ئادەم مۇھىتنىڭ ئەمەس، مۇھىت ئادەمنىڭ مېۋىسىدۇر.

▲ ئاقىللار ئېرىشەلمەيدىغانلىرىغا پىسەنت قىلمىغان ئەمەس.

▲ ئۆزۈڭ ئۈچۈن سۆيگەن نەرسىنى باشقىلار ئۈچۈنمۇ سۆي.

▲ خامانغا پاتمىغان دان بىر قوشۇققا پاتىدۇ.

▲ ئەخلاقىي ساپانى دەرسلىك كىتابلار ئارقىلىق ھازىرلىماق تەس.

▲ يەر تېرىلمىسا ئاق قالىدۇ، ئەر تىرىشمىسا تېنها قالىدۇ.

▲تۇپراق — بىر تال ئۇرۇق سالساڭ يۈز تال قايتۇرغۇچى نېمەت بۇلىقى.

▲ مېنى باشقىلار بىلسۇن دېسەڭ، ئېسىدە قالغۇدەك بىرەر ئىش قىل.

▲ سۆرەلمە پايدىدىن ئەپچىل زىيان ياخشى.

▲ يول قويغاچقا خاتاغا، كىرەلمەيمىز قاتارغا.

▲ جىلك مالدىن ساختىسى قىممەت، ماشىنىدىن تاختىسى قىممەت.

▲ چېكە ئاقارسا قېرىغۇلۇق، يەر ئاقارسا تېرىغۇلۇق.

▲ ئىشلىرىڭنى توغرا قىل، شىكايەتنى بولدى قىل.

▲ بېخىللىق ئەيىبنى ئاچار، سېخىيلىق ھەممىنى ياپار.

▲ يەسكەشتىن قەرز ئالما، بېخىلدىن پەرز.

▲ ئانا تىلنى سۆيگەنلىك، ئەل ئىشقىدا كۆيگەنلىك.

ئالىم ياسىن

---

ئاپتور: پەيزىۋات ناھىيەلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسىدىن.

## تەپەككۇر ئۈندەشلىرى

▲ ئەلۋەتتە، مەسئۇلىيەتچان ئوقۇتقۇچى كۆيۈمچان ئانىغا ئوخشايدۇ، ئۇنداقتا مەسئۇلىيەتسىز ئوقۇتقۇچىچۇ؟ ئۇ دەل ئۆگەي ئانا.

▲ باي - باياشات ئۆتسىمۇ، غېرىب - غۇربەتچىلىكتە ئۆتسىمۇ ئوخشاشلا يامان يولغا ماڭمىغان ئادەم ئەڭ ئېسىل ئادەمدۇر.

▲ مەكتەپ مۇدىرىغا قاراپ ئەمەس، ئوقۇغۇچىلارغا قاراپ دەرس ئۆتكەن ئوقۇتقۇچى ھەقىقىي باغۋەن بولۇشقا مۇناسىپ.

▲ ۋەزىپە ئېغىر، قائىدە - تۈزۈم كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن خىزمەت زېرىكىشلىك ئەمەس، «ئۇخلىدا ياتقان گىردە يەپتۇ، كەتمەن چاپقان جىگدە» بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن خىزمەت زېرىكىشلىك.

▲ چىرىكلىكنى مۇقىملىقنى تۇتقاندەك تۇتقان بولساق نېمە دېگەن ياخشى بولاتتى - ھە؟!

▲ زىددىيەت — ياخشى بىلەن ياماننى پەرق ئېتەلمىگەن كۆزدىن باشلانغان.

▲ تەرەققىيات مۇنداق ئىككى نەرسىگە موھتاج: بىرسى تەپەككۇر، يەنە بىرسى ھەرىكەت.

▲ — ئالدىراش يۈرگەنلەر كىملەر؟

— ئاقىللار.

— بىكار يۈرگەنلەر كىملەر؟

— غاپىللار.

▲ ئەر - خوتۇنلارنىڭ تالاغا قاراپ قالماسلىقىدىكى شەرت پەقەت بىر: ئەر ئەردەك بولۇش.

▲ خۇشامەت — ئاجىزلارنىڭ بارلىق دەسمايىسى.

▲ باشقىلار سېنىڭ ئالدىڭدا تاغدەك خاتا ئىش قىلسىمۇ كەچۈر، ئەل - ئاۋام ئالدىدا تېرىقتەك خاتا ئىش قىلسا كەچۈرمە.

▲ سەن چەكسىز مېھىر - مۇھەببەتكە موھتاجمۇ؟ ئۇنداقتا سەن ئۆزۈڭنى سۆي!

ئاجىزلارنىڭ ھەممىسى خۇشامەتچى ئەمەس، ئەمما خۇشامەتچىلەرنىڭ ھەممىسى ئاجىزلاردۇر.

## ئەمما

▲ تالاغا چىقساڭ بولىدۇ، ئەمما تالاغا قاراپ قالما.

▲ ئوينىساڭ بولىدۇ، ئەمما ئويۇن قېپى بولما.

▲ ياسانساڭ بولىدۇ، ئەمما ياسانچۇق بولما.

▲ باشقىلارغا ئىشەنسەڭ بولىدۇ، ئەمما ئەخمەق بولما.

▲ گەپدان بولساڭ بولىدۇ، ئەمما كاس - كاس بولما.

▲ تەشەببۇسكار بولساڭ بولىدۇ، ئەمما ئاقساقاللىق قىلما.

▲ تەدبىرلىك كۆپ بولسا بولىدۇ، ئەمما ھىيلىگەر بولما.

▲ سالاپەتلىك بولساڭ بولىدۇ، ئەمما ھاكاۋۇر بولما.

▲ باشقىلاردىن ياردەم تەلەپ قىلساڭ بولىدۇ، ئەمما تاماخور بولما.

▲ باشقىلارنى تىللاشقا توغرا كەلگەندە تىللىساڭ بولىدۇ، ئەمما غەيۋەتنى قىلما.

باشقىلاردىن پايدا ئالساڭ بولىدۇ، ئەمما قاقتى - سوقتى قىلما.

▲ «ئېگىلگەن بويۇننى قىلىچ كەسمەيتۇ» دەيدىغان گەپ بار، باشقىلارغا ئېگىلسەڭ بولىدۇ، ئەمما تىلىڭنى چىقارما.

▲ ئىقتىسادچىل بولساڭ بولىدۇ، ئەمما بېخىل بولما.

▲ سۆكۈت قىلساڭ بولىدۇ، ئەمما ئامالسىز يۈرمە.

▲ سوۋغا - سالام ئالساڭ بولىدۇ، ئەمما پارىخور بولما.

**ئابدۇقېيۇم ئەيسا**

---

ئاپتور: يېڭىشەھەر ناھىيەلىك ئارال ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى.

سىز پۇلدار ئاشۇ چىۋىنگە ئوخشايدۇ. بەتبۇينى ھۇزۇر، قۇرتلىغاننى بۇ نېمىدىگەن پۇزۇر دەپلا ئۆتىدۇ.

▲ مەن ئابرۇي سەۋداسى بولغاندىن كۆرە، چۆلدىكى بىر تۈپ قىزىل يۇلغۇن بولۇشنى خالايمەن، قېنى بۆرىدىن ئۈركىگەن بىچارە توشقاننىڭ مەندىن پاناھلىق تىلىمىگىنىنى بىر كۆرەي! دەپ.

▲ يەرنىڭ خىسلىتىگە ئاپىرىن! نېمە تېرىساڭ شۇنى بېرىدۇ؛ قانچىلىك ئەجىر قىلساڭ شۇنچىلىك بېرىدۇ. ھەر بىر ئادەمنىڭ قەلبى خۇددى بىر مۇنبەت يەردۇر. نېمە تېرىغان؟ — دەپ سورىغىن ئۆزۈڭدىن.

▲ سەن دېدىڭ: كۆكسى - قارنىم بىپايان دېڭىز. مەن دەيمەن: كۆكسى - قارنىم سەھرا ئېرىقى. چاڭقاپ كەتكەن يولۇچى قىرىمىدىكى بوستان سۆگەتنىڭ سايىسىدە ئولتۇرۇپ، سۈيۈمدىن ئوچۇملاپ ئېلىپ، غورتۇلدىتىپ ئىچىپ ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرالايدۇ. سەنچۇ؟ ئەي، بىپايان دېڭىز! سۈيۈڭ كۆپ بولغىنى بىلەن بىر تامچىمۇ بېرەلمەيسەن.

**نۇرمەمەت قادىر**

---

ئاپتور: قەشقەر شەھەرلىك 4 - ئوتتۇرا مەكتەپتە.

## تەپەككۇردىن تامچىلار

▲ باشقىلارنىڭ غەلىبىسىنى كۆرۈپ ئازابلانغان كۆڭۈل ئۆز - ئۆزىگە زۇلۇم قىلغۇچى بىنورمال كۆڭۈلدۇر.

▲ ئەي كۆڭۈل! مېنى سەۋەبسىز ئازاب چېكىشكە مەجبۇر قىلمىغىن، ئورۇنسىز غەزەپتە شاتۇر قىلمىغىن، ھەسەتنى ساھىبجامال قىز، غەيۋەتنى لەزىز، پىتنىخورنى ئەزىز كۆرسەتمىگىن.

▲ ھەقىقەت بەزىدە بازارغا جابدۇنغان سەھرا قىزىدەك چىرايلىق ياسىنىۋالىدۇ، شۇڭا سەن ئۇنى تونۇيالماي قالىسەن.

▲ شەيتان زىرىكىپ قالغۇدەك بولسا، ئادەملەرنى ئۆز - ئۆزىگە زىيادە ئەقىللىق ھېس قىلدۇرۇپ كۆڭۈل ئاچارمىش.

▲ چېچەك مېۋىگە ھامىلدار بولغاندىن كېيىن ئۈن - تىنسىز توزۇپ كېتىدۇ.

▲ گەندىگە قونۇۋالغان چىۋىننى كۆرگەنمۇسەن؟ غايە-

## تەپەككۇردىن بىر تامچە

▲ ئۆزىدىكى ئاجىزلىقنى يېڭەلمىگەن ئادەمنىڭ باشقىلارنىڭ ئاجىزلىقىنى سۆزلەش ھوقۇقى بولمايدۇ.

▲ قۇلچىلىقنىڭ كۆرۈنمەس ئارغامچىسىغا باغلىنىپ قالغان كىشى ئەركىنلىكنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى بىلەلمەيدۇ.

▲ قەرزنىڭ ئەڭ يامىنى — ۋىجدان قەرزى.

▲ ئەقىلنىڭ كەملىكىنى پۇل بىلەن تولۇقلاش نۇۋەتتىكى پۇلدارلارنىڭ بىر خىل ياشاش پەلسەپىسى، خالاس.

▲ رەزىل نىيەت ئەقىل - پاراسەتنى بۇلغايدۇ، گۇمراھلىق ھەممىنى يوق قىلىدۇ.

▲ ھوقۇق ھەيۋىسى ئارقىلىق كىشىلەرگە سۈر كۆرسەتكەن باشلىقلار ئەمەلدىن چۈشكەندىن كېيىن تەنھىيلا ياۋاشلايدۇ.

▲ ئۆزۈڭدىكى گۇمراھلىق ئىللەتلىرىڭنى ئارتۇقچىلىق دەپ چۈشىنىپ، باشقىلار ئالدىدا گىدەيسەڭ، ئاز كۈنگە قال-

مايلا ئادىمىيلىك قىممىتىڭنى يوقىتىپ «ئادەملىك لۇغىتى»دىن چىقىرىپ تاشلىنىسەن.

▲ «مۇھىت ئاسراشقا كۈچ قوشىمەن» دەپ، ئاغزىدا شوئار توۋلاپ، پۇتىمىزنىڭ ئاستىدىكى بىر تال شۆپۈكنى تەرمىسەك ئالدامچىلىق بولىدۇ.

▲ مەجبۇرىيەت ئاستىدا ئېلىپ بېرىلغان ھەرىكەت بىلەن مەجبۇرىي ئېلىپ بېرىلغان ھەرىكەتنىڭ نەتىجىسى ئوخشاش چىقمايدۇ. ئالدىنقىسى ئادەم يېڭىلايدۇ، كېيىنكىسىدىن ئادەم يىغلايدۇ.

▲ بىچارىلىك كۈچىدىن كۆز ياشلىغاندىن كۆرە، ۋىجدان كۈچىدىن كۆزىدىن غەزەپ تامدۇرغان ئەلا.

▲ پاكلىق شەجەرىسىنىڭ ئاق بەتلىرىنى ھاۋايى-ھەۋەسنىڭ، نەپسىنىڭ قولىغا ئايلانغان كىشىنىڭ كۆز يېشى بىلەن نەمدەش نومۇسسىزلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس، ئۇنداقلار ئادەم سۈرەتلىك ھايۋان، خالاس.

## تۇرمۇش ھەقىقەتلىرى

▲ ئاجىزلارنىڭ ياشقا تولغان كۆزلىرىنى زورلاپ كۈلكىگە قىستاپ تەكشۈرۈشتىن سەكرەپ ئۆتۈپ كەتمەكچى بولغان خەلق چاكىرىنىڭ يۈرىكى گۆشمىدۇ ياكى...؟

▲ ھايا-نومۇسنى ئۇنتۇغان ئادەمنىڭ ئېغىزىدىن روھنى بۇلغايدىغان سۆزلەرنىڭ چىقىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس، چۈنكى ئۇنىڭ قېنى ئاللىبۇرۇن بۇلغىنىپ بولغان.

▲ ئۇماچنى پۇۋلىمەي ئىچسەڭ ئۇچىڭ كۆيىدۇ، گەپنى ئويلانماي قىلساڭ يۈرىكىڭ.

▲ ۋۇجۇدىنى گۇمانخورلۇق ۋەسۋەسىسى چۇلغىۋالغان ئادەم بەزىدە ئۆزىنىڭ ئادەملىكىدىنمۇ گۇمانلىنىپ باقىدۇ.

▲ ساۋاتسىزلار خەت تونۇمايدۇ، نادانلار خەلقنى.

▲ كۆزلىرىڭدىكى يېشىڭنى سۈرتۈۋېتىشكە قولۇڭ يەتمىسە ئىختىيارىڭغا قويۇۋەت، ئۇ بولسىمۇ ئەركىن ھالدا يەرگە تېمىپ باقسۇن.

▲ بەربات بولغان چۈشلىرىڭنى ئىزدەپ يالغان كۆز يۇمۇپ ياتقاندىن، ئورنۇڭدىن تۇرۇپ كەتمەننى قولۇڭغا ئال.

▲ باغنىڭ مېۋىسىنى يەپ باغۋەنگە رەھمەت ئېيتمىغان يولۇچى تۇزكور.

▲ ھېسسىياتسىز كىشىنىڭ غەزىپى بۈرگىنىڭ ھەرىكىتى، خالاس.

▲ سۈكۈت ئۇزاق داۋاملاشسا كىشىنى ئەجەل سىرتمىقى ئالدىغا سۆرەپ ئاپىرىدۇ.

▲ سىم-سىم يامغۇرغا سەل قارىماسلىق كېرەك، گەرچە ئۇ ئۆيدىن تامچە بولۇپ ئۆتمىگىنى بىلەن يېغىش ۋاقتى ئۇزارسا، تام ئارىلىقىدىن نەم ئۆتكۈزۈپ تامنى زەيلەتىدۇ.

## ھاياتلىق ئىزنالىرى

▲ ئۆز ۋۇجۇدىدىكى ئەقىل-پاراسەت جەۋھەرلىرىنى قېزىپ چىقىرىپ، باشقىلارنىڭ ھاياتلىق بەختى ئۈچۈن ئاتىغانلارنىڭ قەلبى زېمىننى يورۇتقان ئىللىق قۇياشقا ئوخشايدۇ.

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ مۇنبەت سەھىپىسى بولغان «تەپەككۇر كۆزى» ئادەملەرگە ئىنسانىيلىق ھايات ئۆلچەملىرىنى تونۇتۇپ، مەنىۋىيەت جەھەتتە چاڭقاپ كەتكەن دىللارنىڭ تەشنالىقىنى قاندۇرىدىغان ھاياتلىق سۈيىگە ئوخشايدۇ.

▲ ھەقىقەتنى ئۆزىنىڭ ھاۋايى-ھەۋىسى ئۈچۈن خالىغانچە بۇرمىلاپ خىزمەت قىلدۇرۇۋاتقان كىشىلەر يۈرىكىدىكى قان ئاللىقاچان روھىي زەئىپلىكنىڭ سېسىق سۇلىرىغا ئايلانغان كىشىلەردۇر. بۇنداق كىشىلەر يەنە ئۆزىنى «مەن يشاۋاتمەن» دەپ ئېيتالامدۇ؟

**ئابلەت قادىر**

---

ئاپتور: قەشقەر يېڭىسار ناھىيەلىك تولۇق 1-ئوتتۇرا مەكتەپتىن.

## تەپەككۇر ئۈنچىلىرى

▲ سەن ئۆزۈڭنىڭ تۆھپىسىنى راۋاقتا، تاۋاقتا، تاماقتا، چاۋاكتا ئەمەس، «خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش»تەك ھەقىقىي ساۋابتا ئۆلچە...

▲ شەكىلۋازلىق قانچە ئەۋج ئالغانسېرى، راستچىللىق شۇنچە غېرىبسىنىپ، يېتىمسىراپ قالىدۇ.

▲ قولىدىن ئىش كەلمەيدىغانلار ئۈچۈن ۋاقىت ئەڭ قەدىرسىز...

▲ ئۇچۇر، ئېلېكتىرونلۇق ئويۇنچۇق ئالدامچىلىقى ئۇچۇر دەۋرىدىكى بىلىمسىز ئادەملەرنى ئەڭ شەپقەتسىز،

ئەڭ مەسخىرىلىك، ئەڭ بەختەتىر دەرىجىدە ئالداش ۋاستىسىدۇر...

توختىنىياز ئالىم

---

ئاپتور: بۈگۈر ناھىيەلىك ئوتتۇرا مەكتەپتە.

## قەلب چېقىنلىرى

▲ شەكىلۋازغا ياراتقۇچى شارائىت،
يۈكسىلىشكە تۈپتىن قارشى پارازىت...

▲ شارائىتقا نامۇۋاپىق سىياسەت،
ئاسايىش ـ نە، ئەل ـ يۇرت ئۈچۈن تالاپەت...

▲ قانۇنىي يول بىلەن تېپىپ بىر ئامال،
شەكىلۋاز باشلىقتىن ئەمەل تارتىۋال...

▲ بىلگەنلەرگە ۋىجدان ھەم غۇرۇر،
ئاداققىچە ھالاۋەت ـ ھۇزۇر...

ئابلىز ئوبۇلخەيرى (مەرىپەت)

---

ئاپتور: لوپ ناھىيە دول يېزا مازار ئۆستەڭ كەنت 143 ـ قورۇدا.

## ھېكمەت ئۇنچىلىرى

▲ دىلىم ئاغرىمىسۇن دېسەڭ تىلىڭنى باشقۇر، تېنىم ئاغرىمىسۇن دېسەڭ كۆڭلىڭنى باشقۇر.

▲ ئاجىزنىڭ ئاۋازىنى ئۆزى ئاڭلايدۇ، كۈچلۈكنىڭ ئاۋازىنى جاھان ئاڭلايدۇ.

▲ يامانىنىڭ ئاۋازى جاھانغا كېتەر، ياۋاشنىڭ ئاۋازى تەڭرىگە يېتەر.

▲ كۆمۈرخاڭغا كىرگەنلەر ئاق چىقمايدۇ، ساختا دوختۇرخانىغا كىرگەنلەر ساق چىقمايدۇ.

## باي بولۇش ھەققىدە ھېكمەتلەر

▲ بىرەر ئىش قىلىشنى ئويلىغان بولساڭ ئەزمىلىك قىلماي بۈگۈنلا ئىش باشلا.

▲ سودا قىلغاندا باشقىلارنى دوراپ قىلماي بىلىپ قىل.

▲ قارىغۇلارچە تەۋەككۇل قىلماي، ئۇچۇرغا دىققەت قىل.

▲ قولۇڭدا بار بولغان مەبلەغنى ئۈچكە بۆلۈپ، ئىككى قىسمىنى سودىغا دەسمى سال، بىر قىسمىنى يوق دەپ قالدۇر.

▲ زىيان تارتقىنىڭنى باشقىلارغا سۆزلەپ يۈرمە.

▲ ئۇچرىغانلا سودىنى قىلىمەن دەپ ھەممىگە تەڭ ئىسلىۋالماي مەنپەئەت ئالغىنىڭنى داۋاملاشتۇر.

مۇھەممەدئىمىن ھەسەن

---

ئاپتور: قاغىلىق ناھىيە شادلىق دوختۇرخانىسىدىن.

## دوستلارغا نەسىھەت ۋە ھېكمەت

▲ كۆزى ياش يوقسۇلغا غېمىڭنى، ئاغزى بوش دوستۇڭغا سىرىڭنى سۆزلىمە.

▲ ئادەمنىڭ ياخشىسى ئۆلگەندە، كىيىمنىڭ ساختىسى كىيگەندە بىلىنەر.

▲ شەيتانلارنىڭ توپى نادانلىقتا، تۇشقانلارنىڭ كۆپى چاتقاللىقتا يوشۇرۇنغان.

▲ تېز چاپار دۈلدۈلغا ئېگەر، ئىزباسار ئوغۇلغا ھۈنەر يارىشىدۇ.

▲ قاتتىق كېسەلىڭنى دوختۇردىن، تاتلىق ھەسەلىڭنى دوستۇڭدىن يوشۇرما.

▲ دەريانىڭ سۈيى بىلەن يەر، دانانىڭ سۆزى بىلەن ئەل كۆكلەر.

▲ ئېتىڭنىڭ ئايغى ئۇزۇن يوللاردا، دوستۇڭنىڭ نىيىتى ئۇزاق يىللاردا بىلىنەر.

▲ قوتان يېنىدىكى جىرىمنىڭ قوۋزىقى، نادان ئىچىدىكى ئالىمنىڭ يۈرىكى زىدە.

▲ يۇرتۇڭنىڭ قېرىسىنى، دوستۇڭنىڭ قەبرىسىنى تاشلىما.

▲ پىكاپىنىڭ رولىنى مەستكە، ھېسابىنىڭ چوتىنى پەسكە تۇتقۇزما.

▲ ئىنسان بارمىغان تاغدا شىر، مېھمان كەلمىگەن ئۆيدە سىر بار.

▲ چېقىلغان تۇخۇم چۈجىنى، چېچىلغان قوۋم خائىننى چىللار.

▲ مېكىيانغا دان بەرسەڭ تۇخۇم، نادانغا نان بەرسەڭ زۇلۇم قايتۇرار.

▲ كىيگەن تونۇڭنىڭ كۈيىسى، كۆلگەن كۈنۈڭنىڭ يەغىسى بىللە.

▲ بەتخەج كىشىنىڭ ھەممىنى پۇلسىز، ھۆرۈن كىشىنىڭ داستىخىنى نانسىز بولىدۇ.

▲ ئەرنى ۋىجدان بىلەن غورۇر، يەرنى خامان بىلەن ھوسۇل باھالايدۇ.

▲ سۆيۈم كەتمىسۇن دېسەڭ ئېرىقىڭغا، يۈزۈم كەتمەسۇن دېسەڭ ئېغىزىڭغا ھېزى بول.

▲ ئەخمەققە ئۇستازنىڭ ھۈنىرى، ئېشەككە تۇلپارنىڭ ئېگىرى ياراشماس.

▲ ھەمكارلىق كۆپ يەردە كارخانا، شىركەت، بايۋەتچى؛ نادانلىق كۆپ ئەلدە مەيخانە، ئىشرەت، غەيۋەتچى تولا.

▲ ئۆيۈڭدىن ئايرىلغان يېنىڭدىكى نائەھلى قوشنا، يۇتۇڭدىن ئايرىلغان يولۇڭدىكى پىراۋسىز ماشىنا.

▲ پادىنى يوقاتقان يايلاقتىكى چاكار بىلەن نەي، بالىنى يوقاتقان قاۋاقتىكى دۇتتار بىلەن مەي.

▲ قالاقلىق ئەلگە، بويتاقلىق ئەرگە بالا.

▲ ھۆرۈننىڭ ئوچاق بېشى، خائىننىڭ تۇپراق بېشى غېرىب.

▲ شاراپ ئىچىپ جاھاننىڭ گۈزەللىگە قىزىققانلار ئۇكۇنۇش ئىچىدە، كىتاب كۆرۈپ ئادەمنىڭ ھۈنىرىگە قىزىققانلار چۈشىنىش ئىچىدە ياشايدۇ.

**تۇردى ئالاۋۇش**

---

ئاپتور: كۇچا ناھىيە خانىقتام يېزا چىمەن كەنتىدە.

## قاناتلىق ھېسلار

▲ ئادەم قانچە رەزىللەشسە، جەمئىيەتنى شۇنچە مەيدەنەتچىلىك قاپلايدۇ.

▲ شۇكۇر ـ قانائەت كىشىلەرنىڭ جۈرئەتسىزلىكىنى يوشۇرىدىغان پولات قالقان.

▲ ئىت بىلەن مۈشۈكنىڭ ئاداۋىتى يوق ئىدى، ئۇلارنى زىددىيەتكە سالغىنى بىر چىشلەم بەز.

▲ نادان قوماندان قول ئاستىدىكىلەرنى زاۋاللىققا باشلايدۇ.

▲ ھەرقانداق ئادەم جەمئىيەتتە تۇتقان ئەمەل ـ مەنسىپى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئەقلىي ئىقتىدارى، بىلىم قۇرۇلمىسى، ئىنسانىي پەزىلىتى بىلەن بۈيۈكتۇر.

▲ ئۆزلۈكنى ئۇنتۇغانلار قاۋاقتا، ئۆزگىنى ئۇنتۇغانلار سولاقتا، ھەر ئىككىسىنى ئۇنتۇغانلار دوزاختا كىرىدۇ.

▲ ئەنئەنىنى تەتقىقات نىشانى قىلغان ئەل تاكامۇللۇققا، يېڭىلىقنى تەتقىقات نىشانى قىلغان ئەل تەرەققىياتقا ئېرىشىدۇ.

▲ تارىختىن ساۋاق شۇكى: كەم ئۆز ئىشىنى ئۆزى تېپىپ قىلالمىسا، باشقىلارنىڭ ھېيدەكچىلىك قىلىشىغا ئۇچرايدۇ.

**ئىمىنتوختى توختىباقى سەزگۈر**

---

ئاپتور: خوتەن شەھەرلىك لاسكۈي ئوتتۇرا مەكتەپ تىل ـ ئەدەبىيات ئوقۇتۇش گۇرۇپپىسىدا.

## تەپەككۇرۇمدىن تۇنجى تامچە

▲ باشقىلاردىن گۇمانلىنىشتىن بۇرۇن ئۆزۈڭدىن گۇمانلانغىن.

▲ شىنجاڭ مەدەنىيىتى ژۇرنىلى — تەپەككۇرنى ئاچقۇچى، بىلمىگەننى ئۆگەتكۈچى، يالغۇز كۆڭۈللەردە سىرداشقۇچى قەدىناس دوستىڭىز.

▲ بىكارغا كەتكەن پۇل ـ ماللىرىڭ بىلەن ھېسابلاشمىساڭمۇ، بىكارغا كەتكەن ۋاقتىڭ بىلەن ھېسابلاشقىن.

**ئابدۇقادىر مەتباقى**

---

ئاپتور: قاراقاش ناھىيە كۇيا يېزا ھالۇ كەنت 6 ـ گۇرۇپپىدا، دېھقان.

## تەپەككۇر ھاسىلاتلىرىم

▲ بىنا ئۆرۈلۈپ كەتسە، ئۇنى قايتىدىن سېلىۋالغىلى بولىدۇ. لېكىن پاكلىق مۇنارى ئۆرۈلۈپ كەتسە ئۇنى تىكلىگىلى بولمايدۇ.

▲ ھاياتنىڭ ئاچچىق قىسمەتلىرىگە يولۇقۇپ ئۇنىڭدىن زارلىنىش خاتا. چۈنكى ئۇ بولغاچقىلا سىز ھاياتنىڭ ھەقىقىي قىممىتىنى بىلىپ ھاياتقا چىن مۇھەببەت باغلىيالايسىز.

**ئېھسان ھاشىم**

---

ئاپتور: غۇلجا شەھەرلىك 8 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 2 ـ يىللىق 14 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى.

## خىيال دوقمۇشلىرى

▲ قەلبنى جاھالەت قاپلىسا، قەدەملەر نادانلىق ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ.

▲ ھەرقانداق بىر مىللەت ئۆزىنىڭ مىللىي قەھرىمانلىرى، ئالىم - مۇتەپەككۇرلىرى، يازغۇچى - شائىرلىرى ۋە سىياسىيونلىرى ئارقىلىق دۇنيا سەھنىسىدىن ئورۇن ئالىدۇ.

▲ سەن گۈلگە قانچىكى يېقىن تۇرساڭ، گۈل سەن ئۈچۈن شۇنچىلىك خۇش پۇراق چاچىدۇ.

▲ ھىدايەتتىن يىراقلاشقان جەمئىيەت، جىنايەتنىڭ ھۇجۇمىغا ئەڭ تېز ئۇچرايدۇ.

▲ ئىدىيە ئادەملەردىكى ئەڭ ئالىي قورالدۇر، چۈنكى ئىرادىگە بويسۇنىدىغان ھادىسىلەر ئاساسەن ئىدىيەدىن كەلگەن.

▲ مۇھەببەتنىڭ ئۇنجى ئىشكى كۆز، ھۇجرىسى يۈرەكتۇر.

▲ مۇھەببەتنى پەرۋىش قىلغانسېرى، ئۇ تولىمۇ گۈزەل بىر باغقا ئوخشاپ قالىدۇ.

▲ ئىلىمگە ھۆرمەت قىلمايدىغان ئەل ئۆزىنىڭ كىملىكىنىمۇ بىلمەيدۇ.

**روزىمەمەت نىزام**

———

ئاپتور: خوتەن ناھىيە يېڭىئېرىق ئوتتۇرا مەكتەپتە.

## تەپەككۇر چېقىنلىرى

▲ سېنى قابىلىيەتلىك كىشىلەر باشقۇرسا سۆزىنى ئاڭلىغۇڭ كېلىدۇ، لېكىن قابىلىيەتسىز كىشىلەر باشقۇرسا قارشى چىققۇڭ كېلىدۇ.

▲ دۇنيادىكى ئەڭ ئۇلۇغ ئەڭ سەممىي سۆيگۈ ئائىلىگە باغلانغان سۆيگۈدۇر.

**شەمشىقەمەر ئەبەيدۇللام**

———

ئاپتور: موڭغۇلكۈرە ناھىيە قارسۇ باشلانغۇچ مەكتەپتىن.

## تەپەككۇر ئۈنچىلىرى

▲ تەپەككۇر ئىنسان روھىيىتىنى ياشناتقۇچى باھار يامغۇرى.

▲ قەلەمنى تەۋرەتكىنىدەك، قەلبلەرنىمۇ تەۋرىتەلەيدىغانلار ھەقىقىي قەلەمكەشتۇر.

▲ ئادەم قانچە سالماق بولسا قولغا كەلگەن نەتىجىنىڭ ۋەزنى شۇنچە ئېغىر بولىدۇ.

▲ روھىيىتى باي ۋە جۇشقۇن كىشىلەر ھەرقانچە يوقسۇزلۇق كۈنلەردىمۇ شادىمان ياشايدۇ.

▲ دادا ئۇ بىر خەرىتە، ئەگەر ئۇ خاتا سىزىلمىغانلا بولسا، ئوغۇل جەزمەن ئالتۇن ئارالغا بىخەتەر يېتىپ بارالايدۇ.

▲ ياخشى ئاتنىڭ بالىسىغا، ياخشى مالچىنىڭ كالىسىغا قاراڭ.

▲ ئۈنۈمسىز ئىش قىلىش گازىر چېقىش بىلەن ئوخشاش، ئاخىرىدا ئېتىكىڭىزدە قالىدىغىنى بىر دۆۋە ئەخلەت، خالاس.

▲ بىر تەكەببۇر گۈزەل بوستانغا قەدەم قويسا، گۈل - چېچەكلەرنىڭ ھەممىسىگە ئۈششۈك تېگىدۇ.

▲ ھايات رەھىمسىز ئەمەس، ئادەم رەھىمسىز، دەۋر رەھىمسىز ئەمەس، سۈكۈت رەھىمسىز.

**ھاجى مەمەت تۇرۇپ**

———

ئاپتور: خوتەن گۇما ناھىيە باش لەنگەر يېزا سازام كەنتىدىن.

## ئىپتىخارنىڭ يۈرەك تۆشلىرى

▲ دەپتەر يۈزىدىن ئۆچكىنى يامان ئەمەس، قەلبتىن ئۆچكىنى يامان.

▲ كىتاب بېزەكچىلىكى بار ئۆي — ئەقىل - ئىدراكنىڭ، ئۆي بېزەكچىلىكى بار ئۆي شان - شۆھرەتنىڭ، مەنەمەنچىلىكنىڭ ماكانىدۇر.

▲ مەن بەختلىك بىر قىز، خۇشاللىق ئىچىدىن كەلگۈسىنى ئويلايمەن. مەن بەختسىز بىر قىز، بەختسىزلىك ئىچىدىن يەنە كەلگۈسىمنى ئىزدەيمەن.

**نۇربىيەم قۇدرەت (ئىپتىخار)**

———

ئاپتور: پوسكام ناھىيە پوسكام يېزا داغىچى كەنتى 3 - مەھەللىدە.




### مۇقەددىمە

مۇخبىر بولغان ئادەم ئۇۋۇچىدەك تۇرمۇشنىڭ ھەرخىل كوچىلىرىدا قىممەتلىك «ئوۋ»لارنى ئىزدەپلا يۈرىدىغان گەپكەن. بەزىدە ناھايىتى ياخشى «ئوۋ»لار تەپەككۇرۇمنىڭ قاپقىنىغا چۈشۈپ قالدۇ، بەزىدە مىلتىقنىڭ پىستان چېقىۋېتىدىغان ئىشلارمۇ بولىدۇ. مۇخبىرلىقتا ئېرىشكەن «ئوۋ»لىرىمنى خەۋەر ـ ماقالە قىلىپ يېزىۋەرمەي، بەزى پەلسەپىۋى، ئىجتىمائىي قىممىتى بار «ئوۋ»لارنى تەۋەككۈل قىلىپ سەنئەت خۇسۇسىيىتىگە كۆتۈرۈپ يېزىپ باقىمەن. بەزىلەر، يازغانلىرىڭ قىرتاق نەرسىلەرغۇ، دەيمۇ باقتى. شۇڭا مەنمۇ مۇخبىرلىق خاتىرەمگە «قىرتاق ھاسلاتلار» دەپ يېزىپ قويدۇم.

### گۇماندىن قېچىڭ

مەلۇم بىر رەھبەرنىڭ: «قول ئاستىمدىكىلەرگە ئانچە ئىشەنمەيدىغان بولۇپ قالدىم» دېگەن سۆزنى ئاڭلاپ قالدىم. ئەسلىدە بۇ سۆزنى كۈندە ئاڭلاپ تۇرىدىغان قۇرۇق گەپلەر قاتارىدا ئېسىمدىن چىقىرىۋەتسەممۇ بولاتتى، بىراق بۇ گەپتىن ھېلىقى رەھبەرنىڭ قانداقتۇ بىر خىل مەنىۋى كېسەلگە گىرىپتار بولغانلىقىنى ھېس قىلدىم.

بۈگۈنكىدەك بازار ئىگىلىكى دەۋرىدە باشقىلارغا ئىشەنمەسلىك، گۇمان بىلەن قاراشتەك مەنىۋى كېسەلنى ئوپېراتسىيە قىلىپ كۆرسەك، بۇنى دەل ئامىمىغا، تەشكىلگە ئىشەنمەسلىكتىن ئىبارەت خاتا ئىدىيەۋى ئېقىمنىڭ ساقىندىسى دېمەي تۇرالمايمىز. باشقىلارغا ئىشەنمەسلىك، گۇمان بىلەن قاراش ئۇقتىسىدىن كۆزەتكەندە، بۇ ھەسەتخورلۇق، چىدىماسلىق، ئۆزىگە توغرا باھا بەرمەسلىك، ئۆزىنى چوڭ چاغلاش ماھىيەتلىرىگە ئىگە بولۇپ، ئىقتىدارسىز كىشىلەرنىڭ روھىي دۇنياسىدا ئاستا ـ ئاستا شەكىللىنىۋاتقان بىر خىل مەنىۋى كېسەللىك. ئىقتىدارسىز كىشىلەرنىڭ ئىقتىدارسىزلىقى ئەڭ ئاۋۋال ئۆزىگە توغرا باھا بېرەلمەسلىكتە ئىپادىلىنىدۇ. ئۇلار ئۆزىنى باشقىلاردىن چوڭ چاغلايدۇ، ئۆزىنى چوڭ ئىشلار ئۈچۈنلا يارىتىلغاندەك، چوڭ ئىشلارنى قىلالايدىغاندەك ھېس قىلى-

دۇ. قول ئاستىدىكى ئاممىنىڭ قابىلىيىتىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. ئەمەلىيەتتە، ھەقىقىي قىممەت يارىتىدىغىنى، چوڭ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىدىغىنى يەنىلا ئامما، بىزدە «گۇمان ئىماننى قاچۇرىدۇ» دېگەن ماقال بار، شۇڭا بۇنداق كېسەلگە گىرىپتار بولۇشتىن، بۇ كېسەلنى يۇقتۇرۇۋېلىشتىن ھەزەر ئەيلەش كېرەك.

### ئالىيجانابلىق

بىر رەھبەر ھاجەتمەن بىر كىشىنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىپ بەرگەن. ئۇ كىشى ھال كۈنى ياخشىلانغاندىن كېيىن، رەھبەرگە رەھمىتىنى بىلدۈرگەندە، رەھبەر ئۇ ئىشنىڭ ئېسىدە قالمىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. ئەمما يېنىدىكىلەر بۇ ئىشنى رەھبەرنىڭ قىلغانلىقىغا گۇۋاھلىق بەرسىمۇ، رەھبەر زادى ئېسىدە قالمىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇ كىشىنىڭ سوۋغات - سالىمىنى رەت قىلغان.

بىزدە: «بىر ياخشىلىق، بىر يامانلىق ئۇنتۇلماس» دېگەن گەپ بار. ياخشىلىققا ئېرىشكۈچى ياخشىلىقنى مەڭگۈ ئېسىدە ساقلىسىمۇ، ئالىيجاناب كىشىلەر باشقىلارغا قىلغان ياخشىلىقنى ئېسىدە ساقلاپ يۈرمەيدۇ. بىر دانىشمەن: «مەن باشقىلارغا قىلغان ياخشىلىقىمنى ئېسىمدە ساقلىيالمايمەن. پەقەت ئۆتكۈزگەن خاتالىقىمنىلا ئېسىمدە تۇتىمەن. چۈنكى خاتالىقنى قايتا سادىر قىلىش كەچۈرگۈسىز گۇناھ» دېگىنىدەك، خاتالىقنى ئەستە تۇتۇپ، قايتا سادىر قىلماسلىققا تىرىشىش ئاقىل كىشىلەرنىڭ تۇتقان يولىدۇر. رەھبەر بولغان ئادەم پۇقرالارنىڭ ھاجىتىدىن چىقىش، قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىشنى ئۆزىنىڭ مەجبۇرىيىتى دەپ تونۇيدۇ. ئەكسىچە، ياخشىلىقى ئۈچۈن باشقىلاردىن ئىلتىپات كۈتسە، ئۇ رەھبەر ئەمەس، بىر نەپسانىيەتچىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. شۇنداق، بەزى رەھبەرلەر بار، ئۇلار باشقىلارغا قىلغان ئازغىنە ياخشىلىقى ئۈچۈن، شۇ ياخشىلىقنى ئۆمۈرلۈك دەسمايە قىلىپ، كىشىلەر ئالدىدا داۋراڭ سالىدۇ، بۇ ھەرگىز ئالىيجانابلىقنىڭ ئىپادىسى ئەمەس. ئالىيجاناب كىشىلەرنىڭ كۆڭۈل بۆلۈدىغىنى كىشىلەرگە كۆڭۈل ئازادىلىك، كەڭ - كۇشادىلىك بېغىشلاشتىن ئىبارەت. باشقىلارغا ياخشىلىق قىلغاندا، ئۆزى ياخشىلىققا ئېرىشكۈچىدەك كۆڭلى يايراپ كېتىدۇ. مانا بۇگۈنكى كۈندىكى ئالىيجاناب كىشىلەرنىڭ ھەقىقىي پەزىلىتى.

### تەنقىد

بىر رەھبەر قول ئاستىدىكى خادىملارنى تەنقىدلەشكە ئامراق ئىكەن. شۇڭا ئۆزىنى قابىل كۆرسىتىش ئۈچۈن، دائىم قۇسۇر ئىزدەپ تەنقىدكە دەسمايە ھازىرلايدىكەن. بىر كۈنى يۇقىرىدىن كەلگەن رەھبەر ئۇنى خىزمەت ئۈنۈمى تۆۋەن دەپ قاتتىق تەنقىدلەپ كېتىپتۇ. بۇنىڭدىن كۆڭلى يېرىم بولغان بۇ رەھبەر باشقىلارنى دائىملىق تەنقىدلەشنىڭ ياخشى ئىش ئەمەسلىكىنى چۈشىنىپتۇ.

قاتتىق تەنقىدنىڭ ھېچقانداق پايدىسى يوق. ئۇ پەقەت تەنقىدلەنگۈچىنى ئۆزىنى قوغداش تەدبىرىنى قوللىنىشقا، ئۆز قىلمىشى ئۈچۈن باھانە - سەۋەب ئىزدەشكە مەجبۇر قىلىدۇ. بۇنداق تەنقىد خەتەرلىكتۇر. چۈنكى ئۇ ئادەمنىڭ غۇرۇرىغا بىۋاسىتە تەسىر يەتكۈزۈپ، ئۇنىڭدا قارشىلىق كۆرسىتىش ئىدىيەسىنى پەيدا قىلىدۇ. رەھبەر بولغان ئادەم قول ئاستىدىكىلەر خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويغان ئەھۋال ئاستىدىمۇ، ئۇلارنى قاتتىق تەنقىد قىلىشنىڭ ئورنىغا سەمىمىيلىك بىلەن خاتالىقنى تونۇش پۇرسىتى بېرىپ، ئۇنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن خاتالىق ئۆتكۈزۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشى زۆرۈر. ئەمما ئۇنداق قىلماي، كۆزىگە سىغمىغانلا ئىش بولسا، ئۇنى «خاتا» دەپ باشقىلارنى ئورۇنسىز تەنقىدلەشنىڭ ئاقىۋىتى يامان بولىدۇ. بۇنداق قىلىش ئارقىلىق ئۆزىگە مەڭگۈلۈك ئۆچ ئادەملەرنى كۆپەيتىۋالىدۇ. «تەنقىد ۋە ئۆز - ئۆزىنى تەنقىد قىلىش» پەزىلىتى دەل باشقىلارغا ئۈلگە بولۇش ۋە خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش، قول ئاستىدىكىلەرنىڭ ئاكتىپلىقىنى ئۇرغۇتىدىغان ياخشى تەدبىردۇر. شۇڭا ياخشى رەھبەر بولىمەن دەيدىكەنسەن، ئالدى بىلەن قول ئاستىڭدىكىلەرنى ياخشى چۈشەن، ئەمما تەنقىدلىمە، شۇنداق قىلغاندىلا، ئۆزۈڭنىڭ قابىل رەھبەر ئىكەنلىكىڭنى ئىسپاتلاپ، ئەڭ ياخشى ھۆرمەتكە سازاۋەر بولىسەن.

### «توختاش»نىڭ قىممىتى

مەلۇم بىر رەھبەر بىر يېزىغا تەكشۈرۈشكە بېرىپ، خالىغان بىر كەنتتە توختاپ، دېھقانلار بىلەن كەڭ كۇشادە پىكىرلەشكەن. دېھقانلارنىڭ ئەرز - ئەھۋالىنى ئۇققۇپ، ئۇلارنىڭ ئارزۇسىنى قاندۇرغان. رەھبەرلەرنىڭ

تۆۋەنگە خىزمەت تەكشۈرۈشكە چۈشكەندە، بۇنداق «توختاش»لىرىغا سەل قاراشقا بولمايدۇ. چۈنكى بۇنداق «توختاش» ئارقىلىق ئۇلار خەلق ئۈچۈن ئىشلەيدىغان، خەلق سۆيىدىغان پەزىلىتىنى نامايان قىلالايدۇ.

بىر قىسىم رەھبىرىي كادىرلاردا تۆۋەنگە چۈشمەكچى بولسا، ئالدىن خەۋەرلەندۈرۈپ قويىدىغان، «تەكشۈرۈش نۇقتىلىرى»نى تەييارلاتقۇزۇپ، ئەمەلىيەتچىل بولمايدىغانلىقى، بىر توپ ئادەمنىڭ ھەمراھلىقىدا «ئات ئۈستىدە گۈل كۆرۈپ» قۇرۇق دوكلاتلارنى ئاڭلاپ قايتىدىغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەرلەرنى دائىم ئاڭلاپ تۇرىمىز. لېكىن تۇيۇقسىز تەكشۈرۈش، ئۆزى خالىغان جايدا «توختاش» توغرىسىدىكى ئىش - پائالىيەتلەر ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ. راستچىل، ئەمەلىيەتچىل بولۇشنى «يۇقىرى» ئەزەلدىن تەكىتلەپ كېلىۋاتىدۇ، بۇ روھ ئۆز نۆۋىتىدە يەنە «سەككىز شەرەپ، سەككىز نومۇس» قارىشىمۇ ئۇيغۇن بولۇپ، راستچىل، ئەمەلىيەتچىل بولۇش روھىنى ئەۋج ئالدۇرغاندا، خەلقنىڭ مەنپەئەتىگە ھەقىقىي ۋەكىللىك قىلغىلى بولىدۇ. راستچىل بولۇش ئۈچۈن، ئامما ئارىسىغا، تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈش، ئىنچىكە، جاپالىق تەكشۈرۈش - تەتقىق قىلىش خىزمىتىنى ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ؛ ئەمەلىيەتچىل بولۇش ئۈچۈن، ئاممىنىڭ ئويلىغىنىنى ئويلاش، ئامما ئالدىرىغاندا ئالدىراش، ئاممىنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش، ئامما ئۈچۈن ئەمەلىي گەپ قىلىش، ئەمەلىي ئىش قىلىش، ئەمەلىي مەنپەئەتنى كۆزلەشكە توغرا كېلىدۇ. شۇڭا مۇشۇنداق «توختاش»لار قانچە كۆپ بولسا، خەلق شۇنچە كۆپ مەنپەئەتكە ئېرىشىدۇ. رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئوبرازىمۇ نۇرلىنىدۇ.

## پوزىتسىيە ۋە ھەرىكەت

بىر ماتېرىيالدا بىر ئادەم توخۇ بىلەن بۈركۈت بالىسىنى بېقىشنى تەجرىبە قىلغاندا، بۈركۈت بالىسى بۇ خىل بېقىشتىن ئۆز تەبىئىيتىنى يوقىتىپ، ئۇچۇشنى ئۇنتۇپ قالغانلىقى، كېيىن تاغ چوققىسىدىن تاشلىۋەتكەندىلا، ئۇ ئاندىن ھەرىكەتكە كېلىپ، ئۇچۇشتىن ئىبارەت ئۆز ماھىيىتىنى تېپىۋالغانلىقى قەيت قىلىنغان. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ھەرقانداق بىر ئىشتا پوزىتسىيە بىلەن ھەرىكەتنى بىرلەشتۈرگەندىلا، غەلىبىسېرى ئىلگىرىلەش يولىنى ئاچقىلى بولىدۇ.

مەيلى سىياسىي خىزمەت ياكى كەسپىي خىزمەت بولسۇن، تولۇپ - تاشقان قىزغىنلىق بىلەن مۇئامىلە قىلساقلا، سىياسىي ساھە ياكى كەسىپتە غەلىبىسېرى ئىلگىرىلەپ، ئۆزىمىز قىلىۋاتقان ئىشنىڭ قابىل، چېۋەر ئەھلىگە ئايلىنالايمىز. پوزىتسىيەمىز سۇس، ئىلمان بولسا، قىلىۋاتقان خىزمىتىمىز ھەرقانچە ئالىي بولسىمۇ، ئادەتتىكى ئىشلارنىمۇ قىلالماسلىقىمىز مۇمكىن. بۈركۈتنىڭ تەبىئىتىدىن ئېيتقاندا، ئۇ كۆكتە پەرۋاز قىلىپ، بوران - چاپقۇندا تاۋلىنىپ قەيسەرلەرچە ياشاش، لېكىن ئۇ توخۇ بىلەن بىللە بېقىلغاندىن كېيىن، ئۇنى ياشاۋاتقان مۇھىتى ئۆز تەبىئىتىنى يوقىتىپ قويۇشقا مەجبۇرلىغان. ئادەم ئۈچۈنمۇ شەرت - شارائىت، مۇھىت مۇرەككەپ ھەم تېز ئۆزگىرىشچان كېلىدۇ. قايتماس ئىرادە، سۇنماس جاسارەت بولغاندىلا مۇھىتنىڭ پاسسىپ تەسىرىنى، تۈرلۈك توسالغۇ، بېسىم، قىيىنچىلىق ئۈستىدىن غالىب كېلىپ غەلىبىنىڭ ئىشىكىنى ئاچقىلى بولىدۇ. ئاكتىپ پوزىتسىيە بىلەن ئۈنۈملۈك ھەرىكەت بىرلەشسە ئادەم مۆلچەرلىگۈسىز مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىدۇ. خەلققە بەخت سائادەت ياراتقان ئۇلۇغ ئەربابلارنىڭ ھەممىسى ئەنە شۇنداق پاسسىپ مۇھىت، قىيىن شارائىتلارنىڭ تەسىرىنى يېڭىپ، ئاكتىپ پوزىتسىيە بىلەن ھەرىكەتنى بىرلەشتۈرۈشكە ماھىر بولغانلىقىدا كۆرۈلىدۇ. شۇڭا تۇرمۇش ۋە خىزمەتتە بۈركۈت بالىسىنىڭكىدەك مۇھىتقا يولۇقۇپ تۇرۇشلار دائىم ئۇچراپ تۇرىدۇ. ئەگەر تەبىئىتىمىزنى يوقاتماي، قىزغىن كەيپىيات ئىچىدە مۇھىتنىڭ تەسىرىنى يەڭسەكلا، كۆكتە پەرۋاز قىلىشتەك ئۇلۇغۋارلىققا قۇچاق ئاچالايمىز.

## نىشان

چوڭلاردىن بىلسەم، ئىلگىرى كىشىلەر ئېشەكنى جۇۋازغا قېتىپ، ئۇنىڭ ياخشى ماڭماسلىقىدىن ئەنسىرەپ، كۆزىنى ئېتىپ قويىدىكەن، ئاندىن كۇنجۇت بوتقىسىغا ئوخشاش خۇشپۇراق تارقىتىدىغان نەرسىلەرنى بۇرنىنىڭ ئۈستىگە ئېسىپ قويىدىكەن. ئېشەك خۇشپۇراق ھىدىنى پۇراپ «ئالدى تەرەپتە يەيدىغان ياخشى نەرسە بار ئوخشايدۇ» دەپ تىنماي چۆرگىلەيدىكەن.

رىۋاللىقا قارايدىغان بولساق، بىر قىسىم ئادەملەر خۇددى شۇ ئىشەكتەك بىر دەم ئۇنى، بىر دەم بۇنى قوغلىشىپ، ئاخىرىدا ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەيدۇ. بۇنىڭدىكى سەۋەب، ئېنىق بىر نىشانىنىڭ بولمىغانلىقىدا. مەيلى خىزمەت، مەيلى تۇرمۇشتا ئېنىق بىر نىشانىنى بېكىتىۋېلىش ئىنتايىن مۇھىم. چۈنكى دۇنيادا يەتكىلى بولمايدىغان نىشان يوق. مەيلى چوڭ ياكى كىچىك بولسۇن چوقۇم بىر نىشان بولۇشى كېرەك. ئاشۇ نىشانغا قاراپ ھەرىكەت قىلغاندىلا ئاندىن مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتىن ئۈمىد تۇغۇلىدۇ. بەزى كىشىلەرنىڭ مەغلۇپ بولۇشىدىكى سەۋەبلەرنىڭ بىرى، ئېنىق بىر نىشانىنى بېكىتمىگەنلىكىدىن بولغان. چۈنكى، ئۇلارنىڭ كاللىسىنى چىرمىۋالغان خام خىيال كۆز ئالدىدىكى تۇرمۇشنى توسىۋالغان، نۇرغۇن ئەقىللىق كىشىلەرمۇ شاختىن - شاخقا قونۇش سەۋەبىدىن مەغلۇبىيەتنى قۇچاقلاپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ قالىمىز. ئەمما ئەقىللىق بولمىسىمۇ، بىر نىشان ئۈچۈن باشتىن - ئاخىر كۈرەش قىلغان ئادەمنىڭ نائۈمىد قالغانلىقىنى ئۇچرىتىپ باقمىدۇق. شۇڭا ئادەمدە ئېنىق بىر نىشانلا بولىدىكەن، ئۇنىڭدا ئۆز كەلگۈسىگە نىسبەتەن تولۇق ئىشەنچ بولىدۇ. شۇڭا بۇ جەمئىيەتتە ياشىغانىكەنسەن، ئۆزۈڭنى توختىتىۋېلىپ، بۈگۈنۈڭ ۋە ئەتەڭنى ئوبدانراق ئويلان، ئۆزۈڭ يەتمەكچى بولغان نىشانىنى ئېنىق بېكىت، ھەرگىزمۇ قارىغۇلارچە ئالدىڭغا مېڭىۋەرمە، بولمىسا ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەيسەن.

## چىۋىن تۇتۇش

بىر جانباز شاگىرتىغا چوكا بىلەن چىۋىن تۇتۇشنى مەشىق قىلدۇرۇپتۇ. بىر يىل مۇشۇ ئىشنى قىلىپ زېرىككەن شاگىرت بىر كۈنى بۇ ئىشتىن قول ئۈزۈپ قېچىپتۇ. ئۇنى كۆزىتىپ تۇرغان جانباز ئون نەچچە شاگىرتنى ئۇنىڭ كەينىدىن قوغلاپ، چالما - كېسەك ئېتىشقا بۇيرۇپتۇ. بۇ شاگىرت ئۈچۈپ كېلىۋاتقان چالمىلارنى بىرىنىمۇ تەككۈزمەي، قولى بىلەن تۇتۇۋاپتۇ. ئۇ شۇ چاغدىلا، چىۋىن تۇتۇشنىڭ ئەھمىيىتىنى تونۇپتۇ.

بۇ ھېكايىنىڭ مەزمۇنىغا دىققەت قىلساق، قات - قېتىغا ھېكمەت يوشۇرۇنغان بولۇپ، تولىمۇ قىممەتلىك، مەنىلىك تۇيۇلىدۇ. ھەرقانداق ئىشنىڭ، جۈملىدىن ھەر كەسىپنى ئۆگىنىشنىڭ ئۆز يولى، قانۇنىيىتى، تەرتىپى، قەدەم - باسقۇچى، سىناق - ئۆتكەللىرى بولىدۇ. بۇ جەريانلار دەل «چىۋىن تۇتۇش»تەك زېرىكىشلىك، جاپالىق تۇيۇلىدۇ. ئەمما بۇنىڭغا سەل قارىغانلا بولسا، كۆزلىگەن نىشان، ئارزۇغا يېتىش مۇمكىن ئەمەس. ئادەم «چىۋىن تۇتۇش» ماھارىتىنى ئۆستۈرۈشكە قانچە كۆڭۈل بۆلسە، ئۇنىڭ ئاجىزلىقلىرى ئازىيىپ، ئىقتىدار - ماھارىتى ئېشىپ، بىلىم، تەجرىبىلىرى تولۇقلىنىپ، ئاجىزلىقتىن كۈچىيىپ، بارا - بارا مۇكەممەللىشىدۇ. بەش قولنى بىراقلا ئېغىزغا تىققىلى بولمىغاندەك، ھەرقانچە زېرەك، چېچەن بولغان تەقدىردىمۇ بىلىمنى بىر يولىلا ياكى بىر مەزگىلدىلا ئىگىلىۋالغىلى بولمايدۇ. سۇ تامچىلاۋەرسە كۆل بولغاندەك، بۇنىڭغىمۇ نۇرغۇن مىنۇت، سائەت ھەتتا نەچچە يىللاپ جەريان كېرەك بولىدۇ. بۇ جەريان تىرىشىش، ئىزدىنىش، قانائەتلەنمەي بالداقمۇبالداق ئۆرلەش، قەدەممۇقەدەم ئىلگىرىلەشنىڭ ئىزچىل داۋاملىشىش جەريانى، شۇڭا «چىۋىن تۇتۇش»نىڭ رولىغا ھەرگىز سەل قاراشقا بولمايدۇ.

## بىر يۇتۇم چاي

بىر ئاشخانىغا كىرىپ، تاماقنى بۇيرۇتۇپ بولغاندىن كېيىن، چىنىگە ئازراق چاي قۇيۇپ چايقىدىم - دە، تۆكۈۋەتمەكچى بولدۇم. «بالام، سۇنى تۆكمەڭ، مەن ئىچىۋېتەي» دېدى تۇيۇقسىزلا ئالدىمدا ئولتۇرغان ياشانغان دېھقان سۈپەت بىر كىشى. مەن نېمە قىلارىمنى بىلەلمەي، تۇرغىنىمدا، «سۇنى ئىسراپ قىلمايلى» دېدى ئۇ كىشى يەنە قولۇمدىكى چىنىنى ئېلىپ، بىر يۇتۇم چاينى ئىچىۋەتتى.

چىنە - قاچىلار دېزىنفېكسىيەلەنگەن بولۇپ، ئەسلىدە چىنىنى قايتا چايقاشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. ئەمما ئادەتلىنىپ قالغان بۇ خۇيۇم مېنى شۇنداق قىلىشقا مەجبۇرلىغان بولسىمۇ، ياشانغان كىشىنىڭ بىر يۇتۇم سۇنى ئىچىۋېتىشى ماڭا قىلىنغان ئورۇنلۇق تەنقىد ۋە بىر ئاگاھلاندۇرۇش ئىدى. شۇ چاغدا يۈزۈم «ۋىللىدە» قىزىرىپ، ئۆزۈمنى قويغىدەك يەر تاپالمىغانىدىم. بىر يۇتۇم سۇ گەرچە كۆپ بولمىسىمۇ، «تاما - تاما كۆل بولار» دېگەندەك، كۈندە ئاشخانىدىكى نەچچە يۈز خېرىدار ئەنە

شۇنداق تۆككىلى تۇرسا، نۇرغۇن سۇ ئىسراپ بولۇپ
كېتىشى تۇرغانلا گەپ. سۇ هاياتلىقنىڭ مەنبەسى، سۇسىز
هاياتلىقنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس. ئۇ خەلق
ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتتىكى مۇھىم ئامىل.
سۇ قىسلىقى ھەممىمىزگە ئېنىق تۇرۇپ، ئۇنى تېجەشنى
بىلمىگەنلىكىمىز يۇقرالىق ئېڭىمىزنىڭ تۆۋەنلىكىنى چۈ-
شەندۈرۈپ بېرىدۇ. بىر يۇتۇم سۇ بىز ئۈچۈن ئەرزى-
مەس نەرسە ھېسابلانغىنى بىلەن دېھقان ئۈچۈن ئابىھا-
يات ھېسابلىنىدۇ. بىر يۇتۇم سۇ بىلەن بىر تۈپ مايسىنى
كۆكەرتىش مۇمكىن. كۈندە نەچچە يۈز، نەچچە مىڭ
يۇتۇم سۇ ئىسراپ بولۇۋەرسە، نەچچە مىڭ تۈپ مايسا
ئۇسسىز قالىدۇ. دېھقاننىڭ «سۇنى ئىسراپ قىلمايلى»
دېگەن سۆزى ئالتۇنغا بەرگۈسىز قىممەتلىك سۆز. شۇڭا
مەدەنىيەتلىك بىر پۇقرا بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن ئىقتى-
سادچانلىق ئېڭىمىزنى كۈچەيتىپ، سۇ تېجەشنى ئاڭلىق
ھەرىكىتىمىزگە ئايلاندۇرۇپ، سۇ ئىسراپچىلىقىنىڭ ئالدى-
نى ئېلىشىمىز كېرەك.

### تۆھپە كىمنىڭ؟

بەش ئادەم بىر ھارۋىغا يۈك قاچىلاپ يولغا چىقىپ-
تۇ. ئۇلار كېتىۋاتقاندا ھارۋا قۇملۇق يولغا كېلىپ چوڭقۇر
پېتىپ قاپتۇ. بەش ئادەم شۇنچە كۈچەپمۇ ھارۋىنى
قۇمدىن قوزغىتالماپتۇ. دەل شۇ چاغدا تەمبەل بىر يىگىت
كېلىپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن ھارۋىنى ئىتتىرىپ، ياردەم-
لەشكەن ئىكەن، ھارۋا پېتىپ قالغان يېرىدىن قوزغىلىپ
كېتىپتۇ. بەش ئادەم يىگىتنىڭ تۆھپىسىگە رەھمەت ئېيتىپ-
تۇ.

يىگىتنىڭ خالىس ياردەم بېرىش خىسلىتىمۇ ئاپىرىن
ئوقۇشقا ئەرزىيدۇ. ئەمما ھارۋىنىڭ قۇمدىن ئامان-
ئېسەن چىقىشىدا يالغۇز يىگىتنىڭلا تۆھپىسى بولۇپ
قالماي، بەش ئادەمنىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق تۆھپىسى بار.
لېكىن بۇ مەسىلىدە بىر قىسىم كىشىلەر تۆھپىنى يىگىتكىلا
مەنسۇپ دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇنداق قارىساق خا-
تالاشقان بولىمىز. خىزمەت ياكى كەسىپتە ھامان ھارۋا
قۇمغا پېتىپ قالغاندەك ئىشلار يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. بۇ
چاغدا ئىلھام بېرىشكە، يول باشلاشقا موھتاج بولىدىغان
گەپ. ئىلھام بەرگۈچى ياكى يول كۆرسەتكۈچى ئادەم-
نىڭ تۆرتكىسى بىلەن ئاقساپ قالغان خىزمەت ياكى كە-
سىپتىكى توسالغۇلار ئېلىپ تاشلىنىپ، مۇۋەپپەقىيەت قا-
زانغىلى بولىدۇ. بۇ ۋاقىتتا تۆھپىنى ئىلھام بەرگەن ياكى
يول كۆرسەتكەن رەھبەرگە مەنسۇپ دېسەك توغرا بول-
مايدۇ. بەزىلەر مەن يول كۆرسەتكەن ياكى ئىلھام
بەرگەن، دەپ تۆھپە تالىشىدىغان ئىشلار دائىم يۈز
بېرىپ تۇرىدۇ. ھارۋىنى ئاساسلىق ئىتتىرگەن بەش
ئادەم بولمىسا، يىگىت ئۆزى يالغۇز ھارۋىنى مەڭگۈ ئور-
نىدىن قوزغىتالمايدۇ. ئاما بولمىسا، رەھبەر بولغان
ئادەم ھەرقانچە كۈچىسىمۇ، خىزمەتلەرنىڭ ئۇتۇقلۇق بو-
لۇشى ناتايىن. شۇڭا مەيلى رەھبەر بولۇڭ ياكى قول ئىلغۇ-
چى بولۇڭ، «ئاما ھەقىقىي قەھرىمان» دېگەن ئىبارىنى
ئۇنتۇپ قالماڭ. رەھبەر بولغان ئادەم باشقۇرۇشنى
ياخشى تۇتۇپ، ئاممىنىڭ ئەقىل بۇلىقىنى قېزىشقا ماھىر
بولسىلا، مۇۋەپپەقىيەت، تۆھپە دېگەنلەر ئاسانلا قولغا
كېلىدۇ.

### بىر كۈن — بىر نىشان

«ھاياتلىق قولىمىزدىكى بانكا كارتىسىغا ئوخشاي-
دۇ. ئۇنىڭغا قانچە كۈن قاچىلانغانلىقىنى ھېچكىم ئېيتىپ
بېرەلمەيدۇ. ئەمما كىملەرنىڭدۇر ئارىمىزدىن تۇيۇقسىز
ئايرىلىپ كېتىشى، ئۇنىڭغا قاچىلانغان كۈننىڭ چەكلىك
ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ» دېگەن ھېكمەتتىن
ھاياتتىن ئىبارەت تەكرار ئىشلەتكىلى بولمايدىغان بايلىق-
نىڭ قەدرىگە بىر كۈنمۇ بىقىياس قارىماسلىقىمىزنى بىلە-
ۋالغىلى بولىدۇ.

ئادەم ئالقىنىدىكى چەكلىك ۋاقىت بىلەن بولغان
كۈرەشنى مىنۇت-سېكۇنت توختاتمايدۇ، ۋاقىتقا ھامان
ئارام بەرمەيدۇ. شۇنداق قىلغاندىلا ھەر بىر كۈندە، ھەر
بىر سائەتتە يېڭى نەتىجە يارىتالايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ھەر
بىر سائەت، ھەر بىر كۈن، ھەر بىر ئاينىڭ نىشانى، مەق-
سىتى، پىلانى تۈزۈلگەن بولىدۇ. بىز ھاياتنى سۆيدۇق-
مۇ؟ ھاياتىمىزدا قانچە قېتىم ۋاقىت جېڭى قىلدۇق؟
قانچە قېتىم ئەھمىيەتسىز يىغلىش، كۆڭۈلسىز سورۇن،
مەنىسىز ئىش ئورنىمىزدىن پۇشمىزنى قېقىپ چىقىپ كېتە-
لىدۇق؟ لېكىن نۆۋەتتە كەلگەندە «باشقىلارغا نېمە بولسا
ماڭا شۇ» دەپ نۇرغۇن ۋاقتىمىزنى ئورۇنسىز سورۇن،

ئويۇن ـ تاماشا ئۇچۇن ئاتىۋەتتۇق. ھېلىھەم مۇشۇنداق كۈنلەر كۆز ئالدىمىزدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتىدۇ. بىر كۈن بىر سائەت، بىر يىلنى ئۇزاتقىنىمىز، بانكا كارتىمىزدىكى نۇرغۇن بايلىقنى سورىۋەتكىنىمىز بىلەن باراۋەر. «ۋاقىت ئاتقان ئوق» ئۇ ھەرگىز قايتىلانمايدۇ. مانا يەنە بىر يېڭى يىل كەلدى. ئۇنىڭ بىزدىن كۈتىدىغىنى تالاي ـ تالاي. بىراق بىز بۇ يېڭى يىل، يېڭى پەللىگە نېمە بىلەن ئۆرلەيمىز؟ بۇ پەقەت بىزنىڭ ئۇنىڭغا يېڭى نىشان بىلەن يۈزلىنىپ، ھالاللىق ۋە ئىشچانلىق بىلەن ياشىساق، ھەرقانداق ئارزۇ ـ تىلىكىمىز ئەمەلگە ئاشىدۇ.

## «بولماپتۇ باشلىق»

«بۇ ئىشىڭ بولماپتۇ»، «ماۋۇ قاملاشماپتۇ»، «بۇ ياخشى ئەمەسكەن» دېگەن مەلۇم بىر يېزا باشلىقىنىڭ ئاغزىدىن چۈشمەيدىكەن. ئەسلىھەلىك يېزا ئىگىلىكى قۇرۇلۇشى جەريانىدا ئۇنىڭ بۇ مودا گەپلىرى دېھقانلارنى بىزار قىلىپ، قۇرۇلۇشنىڭ ئۈنۈمىگىمۇ تەسىر يەتكۈزۈپتۇ. شۇڭا دېھقانلار ئۇنىڭغا «بولماپتۇ باشلىق» دەپ لەقەم قويۇپتۇ.

باشقىلارنىڭ كەمچىلىكىنىلا كۆرىدىغان، بىرەر خاتالىقنى كۆرسىلا سايىقىغا چىلىك ئېسىلىۋالىدىغان رەھبەرلەر ھەرگىزمۇ پۇقرالارنىڭ ياقتۇرۇشىغا ئېرىشەلمەيدۇ. باشقىلارنى ئاسانلا بىزار قىلىپ قويىدۇ. ئەتىدىن ـ كەچكىچە «بۇ بولماپتۇ»، «بۇ ياخشى ئەمەسكەن» دەپ ھېچنېمىنى ياراتماي يۈرسە، بۇ ئەمەلىيەتتە، شۇ ئادەمنىڭ ئۆزىدە چاتاق بارلىقىنى، ئۇنىڭ بىلەن چىقىشىپ بىر ئىش قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئەلۋەتتە، پۇقرالارمۇ رەھبەرنىڭ ئۆزلىرىگە بەرگەن باھاسىغا قاراپ ئۇنىڭغا باھا بېرىدۇ. پۇقرالارمۇ ئادەم، ئۇلارنىڭ قىلغان بەزى ئىشلىرىنى ئاشۇ رەھبەرنىڭ قىلالىشى ناتايىن. بىر قىسىم رەھبەرلەرنىڭ خىزمەت ئۇسۇلىدا قۇرۇق گەپ ھەممىدىن كۆپ. ساپاسىز رەھبەر قۇرۇق گەپنى كۆپ قىلىدۇ. ھەم باشقىلارنىڭ ئىشىنى ياراتمايدۇ. ئۇ خۇددى بۇ دۇنيادا ئۆزىدىن باشقا ھەممە ئادەم چاتاقتەك، باشقىلارنىڭ سۆز ـ ھەرىكىتىنى نەزىرىگە ئىلماي، قۇسۇر ئىزدەيدۇ، بۇ ئارقىلىق ئۆزىنى كۆرسىتىشكە ئۇرۇنىدۇ ياكى داڭلاشقا يول ئىزدەيدۇ. ئاقىل رەھبەرلەر باشقۇرۇشنى ياخشى تۇتۇپ، ئاۋامنىڭ ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىشقا ماھىر كېلىدۇ. بۇ ئەزەلدىن رەھبەرلىك سەنئىتىدىكى بىر قائىدە. ئەمما ھەممىگە بىلەرمەنلىك قىلىپ، «ئۇ بولماپتۇ»، «بۇ بولماپتۇ» دەۋەرسە، ئېنىقكى، ئاۋامنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ، ئەنە شۇنداق «بولماپتۇ باشلىق» دېگەن لەقەمگە ئېرىشىدۇ.

## ماختاش

بىر رەھبەر قول ئاستىدىكى بىر بۆلۈم باشلىقىنى باشقا بۆلۈمنىڭ مەسئۇللۇقىغا ئالماشتۇرۇش جەريانىدا: «مەن بۆلۈمدىكى ئاممىدىن پىكىر ئالدىم، ئۇلار سېنى باشقۇرۇش سەنئىتى يۇقىرى، قابىلىيەتلىك باشلىق دەپ ماختىدى» دەپ بۇنىڭدىن كېيىنمۇ خىزمەتنى ياخشى ئىشلەشنى تاپىلاپتۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ بۆلۈم باشلىقىغا ئاممىنىڭ پىكرى كۆپ بولۇپ، خىزمەتكە تەسىر يەتكۈزۈش سەۋەبلىك باشقا بۆلۈمگە يۆتكىگەنىكەن. نەتىجىدە ئۇ باشقا بۆلۈمگە چىققاندىن كېيىن خىزمەتتە ھەقىقەتەن ياخشى نەتىجە يارىتىپتۇ.

بىر رەھبەر ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكى خىزمەت ئىقتىدارى ئەڭ تۆۋەن خادىمنىڭ ئالاھىدە بىر تەرىپىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ ھەم ئۇنىڭغا يۇقىرى باھا بېرىپ، ئاندىن ئۆزىنىڭ تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويسا، چوقۇم كۈتكەن نەتىجىگە ئېرىشەلەيدۇ. شۇنداق بىر قىسىم رەھبەرلەر باركى، بىرەر خادىمنىڭ نۇقسانلىرىنى كۆرۈپ قالسا، ئاما ئارىسىدا ئوچۇق ـ ئاشكارا تەنقىد قىلىپ بېشىنى كۆتۈرەلمەس قىلىپ قويىدۇ. شېكسپىر: «ئۇنىڭدا يوق گۈزەل پەزىلەتلەرنى كۆپتۈرۈپ ماختا» دېگەن. بەراۋەرغا كەمچىلىكنى تۈزەتكۈزىمەن دەيدىكەنمىز، ئاۋۋال ئۇنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى ئېتىراپ قىلىشىمىز كېرەك، شۇ چاغدىلا كەمچىلىكنى تۈزىتىپ، رەھبەرلىكنىڭ كۈتكەن يېرىدىن چىقالايدۇ. ماختاش كىشىنى خۇشال قىلىپلا قالماستىن، ئادەمگە نۇرغۇن دوست ۋە ياردەمگە ئېرىشتۈرىدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ باشقىلارنىڭ ئۆزىنى ماختىشىنى ياخشى كۆرۈش ئادەملەردە بولىدىغان ئورتاق پسىخىك ئالاھىدىلىك. شۇڭا ماختاشمۇ رەھبەرلىك سەنئىتىدىكى بىر خىل ئۇسۇل. ماختاشقا ماھىر بولغان رەھبەرنىڭ ئاما ئىچىدىكى ئوبرازى ياخشى، خىزمەت ئۈنۈمى يۇقى-

رى بولىدۇ. ئۇنۇم قۇرۇلۇشى تەكىتلىنىۋاتقان مۇشۇنداق ۋەزىيەتتە ماختاشقا ماھىر بولۇش، ئارتۇقچىلىقلارنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشمۇ خىزمەتتىكى ئۇنۇم ھېسابلىنىدۇ.

## ئىشىنىش

بىر كىشى ئېغىر يۈك قاچىلانغان ھارۋىسىنى سۆرەپ دۆڭگە كەلگەندە، دۆڭدىن ئۆتۈشكە كۆزى يەتمەي توختاپ قالدى. ئۇ تەرلىرىنى سۈرتۈپ قانداق قىلىش توغرۇلۇق ئويلىنىۋاتقاندا، كەينىدىن بىر كىشى كېلىپ، قىزغىنلىق بىلەن «ھارۋاڭنى سۆرە، مەن ساڭا ياردەملىشەي» دېدى. بۇ سۆزنى ئاڭلىغان ھېلقى كىشى غەيرەتكە كېلىپ ھارۋىنى دۆڭگە سۆرەپ ماڭدى. كەينىدىكى كىشى بولسا، «غەيرەت قىل، كۈچە» دەپ تۇۋلاپ مەدەت بەردى. ھارۋا دۆڭدىن مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتۈپ بولدى. ھارۋىنىڭ ئىگىسى ئۆزىگە مەدەت بەرگەن كىشىگە رەھمىتىنى بىلدۈرگەندە، ئۇ «ماڭا رەھمەت ئېيتما، كۆرمىدىڭمۇ مېنىڭ ئىككى قولۇم يوق، ساڭا تۇۋلاپ مەدەت بەردىم، سەن ئۆز كۈچۈڭگە تايىنىپ چىقىپ كەتتىڭ» دېدى.

ئۇ كىشى ھارۋىنى تارتىپ دۆڭدىن ئوڭۇشلۇق ئۆتتى. چۈنكى ھېلقى ئاق كۆڭۈل كىشى ئۇنىڭغا ئىشەنچ ئاتا قىلغانىدى. ئىشەنچ ئەتراپتىكى مۇھىتنى ئۆزگەرتىپلا قالماي، ئىشەنچ تۇرغۇزغۇچىنىمۇ ئۆزگەرتەلەيدۇ. ئۆزىگە ئىشىنىدىغانلار دائىم ئادەتتىكى ئادەملەردىن ھالقىپ مۆجىزە يارىتالايدۇ. شۇڭا ئۆزىگە ئىشىنىش بىر ئادەمنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىدىكى مۇھىم ئامىلدۇر. ئەمما ھەممىلا ئادەمنىڭ ئۆزىگە ئىشەنچ تۇرغۇزالىشى ناتايىن. تۇرمۇش يولى ئەگرى - توقاي، سىناقلىرى كۆپ بولىدۇ. بەزىلەر ئوڭۇشلۇق ئۆتەلەيدۇ، بەزىلەر ئۆتەلمەيدۇ. ئەمەلىيەتتە مەغلۇبىيەتچىلەر ئەقىلسىزلىقىدىن ئەمەس، ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىنىڭ كەملىكىدىن مەغلۇپ بولىدۇ. بىر ئادەمنىڭ ئورنى قانچىلىك ئاددىي بولسۇن، ئۆزىگە ئىشىنىش غايەت زور بايلىق ھېسابلىنىدۇ. ئىشەنچ پەلەمپىيىگە دەسسەپ تۇرۇپ، يۇقىرى ئۆرلىگەندىلا، ئاندىن مۇۋەپپەقىيەت قازانغىلى بولىدۇ. ئىشەنچ تولۇق بولغاندىلا، ھايات مول مەزمۇنلارغا تولىدۇ.

## ئىسراپچىلىق

بىر رەھبەر قول ئاستىدىكى خادىملارنى تەشكىللەپ، ئارغامچا تارتىشىشقا ئويۇشتۇرۇپتۇ. دەسلەپ ئۇچتىن ئادەمنى بىر گۇرۇپپا قىلىپ، ئارغامچىنى تارتقۇزۇپ كىمنىڭ كۆپ كۈچەۋاتقانلىقىنى كۆزىتىپتۇ. كېيىن بىردىن ئادەمنى ئارغامچا تارتىشىشقا سالغانىكەن بۇلار كوللېكتىپ ئارغامچا تارتقاندىن ئارتۇق كۈچ چىقىرىپتۇ. ئۇ شۇ چاغدا بەزى ئىشلاردا كوللېكتىپ كۈچ چىقىرىش توغرا كەلسە، يوشۇرۇنىۋالىدىغانلارنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلىپتۇ.

خىزمەت جەريانىدا بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە كۈچ چىقىرىپ، ئۆزئارا ھەمكارلىشىش كۆپ ھاللاردا كەم بولسا بولمايدىغان ھالقا. كۆپىنىڭ ئەقلى ۋە كۈچىنىڭ ھەمكارلىشىشى بىلەن بارلىق ئېنېرگىيەنى بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرۇپ، بىرلىككە كەلگەن زور ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچنى ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ. ئەلۋەتتە مۇۋەپپەقىيەت ھەمكارلىق، ئىتتىپاقلىققا موھتاج. ئەمما يۇقىرىدىكى رەھبەر سىناق قىلغان «ئارغامچا تارتىشىش» مۇسابىقىسىدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بەزى ئىزلاردا ئەنە شۇنداق «كوللېكتىپ ئىسراپچىلىقى»دىن ساقلىنىش تەس. بەزىلەر كوللېكتىپ ئىچىدە تولۇق كۈچ چىقارمايدۇ، ئۆزى مۇستەقىل بىر ئىش قىلغاندا بولسا، پۈتۈن كۈچىنى چىقىرىدۇ. كوللېكتىپ ئىچىدە مەسئۇلىيەتنى باشقىلارغا ئارتىپ قويىدۇ. بىر قىسىم رەھبەرلەر خىزمەتتىكى بۇ ھالەتنى ئومۇملاشتۇرۇپ «كوللېكتىپ ئىسراپچىلىقى» دەپ ئاتىغان. شۇڭا خىزمەتنى ئۈنۈملۈك ئىشلەش ئۈچۈن، مەسئۇلىيەتنى كونكرېتلاشتۇرۇپ، خادىملارنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى تولۇق جارى قىلدۇرغان. بىر كىشىلىك ئارغامچا تارتىشتا مەسئۇلىيەت ئېنىق بولغاچقا، تولۇق كۈچەشلا بولغانكى، پۇرسەتپەرەسلىك قىلىش بولمىغان. شۇڭا بەزى ئىشلاردا يۇقىرىقى رەھبەرنىڭ خىزمەت تەجرىبىسىنى كېڭەيتىشكە ئەرزىيدۇ.

---

ئاپتور: تۇرپان شەھىرى ئىدىقۇت يولى «تۇرپان گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە، مۇخبىر.



ئابدۇۋاھىد مۇلجىرى

# ئايلا، بۇ كىتابخانىمۇ تاقىلىدىغان بولدى!

ئىنسان ياراتقان مۆجىزىلەر ئىچىدە مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئىگە مۆجىزە پەقەت كىتابتۇر. ئەگەر كىتاب بولمىغان بولسا، دۇنيانى مىڭلىغان قوياشمۇ جاھالەت ئازابىدىن قۇتۇلدۇرۇشى مۇمكىن بولمىغان بولاتتى!

**— ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەدئىمىن**

ئومۇمىي نوپۇس 200 مىڭدىن ئاشىدىغان، مەملىكەت بويىچە نامرات ناھىيەلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالغان بۇ يۇرتتا ئۆزۈمنى بىلگىدەك بولسام پەقەت بىرلا كىتابخانا، يەنى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى «شىنخۇا كىتابخانىسى»لا بار ئىكەن. ھاياتىمدىكى ئەڭ كۆڭۈللۈك ئىشلارنىڭ بىرى كىتاب ئوقۇش بولغاچقا، كىتاب ئالسام، ئالمىسام پۇرسەت چىقسىلا دائىم مۇشۇ كىتابخانىنى يوقلاپ تۇراتتىم. بۇ كىتابخانا مەن ئۈچۈن ئۆز ئۆيۈمدىنمۇ چارە بىلىنەتتى. ئەمما نېمىشقىدۇر باشقا تۈرلۈك مەھسۇلاتلار سېتىلىدىغان دۇكانلار ياكى تاللا بازارلىرىغا سېلىشتۇرغاندا بۇ كىتابخانىدا «خېرىدار» ئاز بولاتتى. كىتابخانىغا كىرگەنلەردىنمۇ كىتاب ئوقۇپ ياكى ئارىلاپ چىقىپ كېتىدىغانلار كۆپ، پۇل ساناپ كىتاب سېتىۋالىدىغانلار يەنە ئاز ئىدى. بازار تاپقان ياكى داۋرىڭى چىققان بەزى كىتابلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، نۇرغۇن ياخشى كىتابلارمۇ يىل - يىللاپ توپا بېسىپ خېرىدارسىز قالاتتى. بەزى كىتابلارنى سېتىۋالماق تۈگۈل بىر قۇر ۋاراقلاپ قويىدىغانمۇ ئادەم چىقماي زاۋۇتتىن چىققان پېتى كىتاب جاھازىسىغا بىر تىزىلغانچە تاكى يىغىۋېتىپ ئورنىغا باشقا كىتاب ئالماشتۇرۇپ تىزمىغىچە باياۋاندىكى مازاردەك غېرىبسىنىپ قالاتتى. بەزى بازار تاپقان كىتابلار قوشنا ناھىيە، شەھەرلەردىكى كىتابخانىلاردا تۈگەپ كېتىپ، كىتابخۇمار كىشىلەرنىڭ ئاتايىن ناھىيەمىزدىكى مۇشۇ كىتابخانىغا كېلىپ نەچچە نۇسخا سېتىۋېلىپ كېتىدىغانلىقىنى، كىتاب ساتقۇچى ئايالدىن ئاڭلاپ ھەيران بولاتتىم.

يېقىنقى ئون يىل مابەينىدە ناھىيە بازىرىدا يەنە مەردپەت سۆيەر كىشىلەردىن بىر - ئىككىسى شەخسىي «كىتاب يايمىسى»، «كىتاب سېتىش دۇكىنى» ئاچقان بولدى. ئەمما يېرىم يىلغا بارمايلا تاقىۋېتىشتى. بۇلتۇر بىر تونۇشۇم زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ كومپيۇتېر ۋە تىل تەربىيەلەش كۇرسى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ بىر شەخسىي كىتابخانا ئاچقانىدى. كىتابخانىنىڭ ئالدىغا «XX ئۇيغۇر كىتابخانىسى» دېگەن ناھايىتى چىرايلىق خەت يېزىلغان چوڭ ۋىۋىسكا ئاسقانىدى. بۇ كىتابخانىنىڭ «شىنخۇا كىتابخانىسى» ۋە ئىلگىرى ئېچىپ ئۇزاققا قالمايلا تاقىۋېتىلگەن شەخسىي كىتابخانىلارغا ئوخشىمايدىغان يېرى، كىتاب - ژۇرناللارنىڭ تۈرى ناھايىتى كۆپ ئىدى. بۇرۇن نەشر قىلىنغان، ئاسان تاپقىلى بولمايدىغان نۇرغۇن كىتابلارمۇ كىتاب جاھازىسىدىن ئورۇن ئالغانىدى. كىتاب سېتىش بىلەن بىللە يەنە، كىتاب ئارىيەت بېرىش، كىتاب ئالماشتۇرۇش، باھادا ئېتىبار بېرىشنىمۇ يولغا قويۇلغانىدى، ھەتتا ھۆججەتلىشىپ مۆھلەت بىلەن نېسىگە ئېلىشقىمۇ بولاتتى. كىتابلارنىڭ تىزىلىشىمۇ ناھايىتى رەتلىك، جەلپ قىلارلىق ئىدى. كىتابخانا ئەتىگەن سائەت 7:00 دىن كەچ سائەت 10:00 غىچە ئېچىۋېتىلگەنىدى، بۇ ناھىيەمىز ئۈچۈن «قالتىس يېڭىلىق» ئىدى.

بۇ كىتابخانا ئېچىلغان دەسلەپكى كۈنلەردە كىرسەم

كىتاب كۆرۈۋاتقانلار خېلى كۆپ ئىكەن. تونۇشۇمنىڭ غەيرىتىگە باركاللا ئېيتىپ شۇنداق دېدىم:

— كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىپسىز، لېكىن سىزمۇ بىرەر يىلغا بارا-بارمايلا «ۋاڭ» دەپ بەل قويۇۋېتىپ تاقۇۋېتەرسىزمىكىن؟

— ھەرگىز ئۇنداق قىلمايمەن، — دېدى ئۇ كەسكىن ئىپادە بىلدۈرۈپ، — مەن ئىشنىڭ ئالدى-كەينىنى ئەتراپلىق ئويلاپ، پۇختا تەييارلىق قىلىپ ئاندىن بۇ ئىشنى باشلىدىم، بۇ كىتابخانىدىن پايدا چىقىشى چاغلىق. بۇنىسى ماڭا ئايان، لېكىن خەلقىم مۇشۇ كىتابخانىدىكى كىتابلار ئارقىلىق ئاز-تولا بىلىم ئالسا ماڭا شۇ كۇپايە. ھېچ بولمىسا زىيان تارتساممۇ، خېلى ئۇرۇنلۇق ئىشقا پۇل سەرپ قىلالىغىنىمدىن ئىنتايىن پەخىرلىنىمەن.

— ئويلىغىنىڭىز ياخشى بوپتۇ، قېنى كۆرەرمىز، «چۆجىنى كۈزدە سانا» دەپتىكەن، — دېدىم ئۇنىڭغا چاقچاق قىلىپ.

گېپىم گەپ، «يىگىت سۆزىدىن، يولۋاس ئىزىدىن قايتماس»، زىيان تارتساممۇ ھەرگىز تاقىمايمەن.

— دېگىنىڭىزدەك بولغاي ئىلاھىم، — مەن شۇنداق دەپ ئىزدەپ تاپالمايۋاتقان بىر نەچچە پارچە كىتابنى سېتىۋالغاندىن كېيىن خوشلىشىپ كىتابخانىدىن قايتىپ چىقتىم.

ئارىدىن بىر يىل ئۆتكەندە كىتابخانىغا يەنە كىرسەم، ئەھۋال ئويلىغىنىمدەك بولۇپ چىقتى. كىتاب جاھازىسىدىكى كىتابلار شۇنچە قالايمىقان ئىدى. كىتابلارنىڭ تۈرىمۇ ئازلاپ كەتكەنىدى. قارىغاندا تونۇشۇم كېيىنچە يېڭى كىتابلارنى دائىم كىرگۈزۈپ تۇرۇشتىن يالتىيىپ قالغان بولسا كېرەك. كىتابخانىدا غوجايىنىدىن باشقا ئادەم يوق ئىدى. مۇنداق قارىماققا بۇ كىتابخانا خۇددى ئوغرى كىرىپ نەق پۇلغا ياكى پۇللۇق مۈلۈككە ئېرىشەلمىگەندىن كېيىن كۆزدگە چېلىققانلىكى نەرسىنى بۇزۇپ-چېچىپ چىقىپ كەتكەن ئۆيگە ئوخشاپ قالغانىدى. بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ئىختىيارسىز كۆزۈمگە ياش ياماشتى، بىردەم داڭ قېتىپ قالدىم.

— سىز توغرا دەپتىكەنسىز!

تونۇشۇم ئىچكىرىكى بۆلۈمدىن چىقىپ سالام قىلىپ ئالدىمغا كەلدى، مەن قىزغىن سالاملاشتىم.

— ئەمدى قانداق قىلاي دەۋاتىسىز؟ — دېدىم ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلىپ.

— كىتابخانامنى تاقىۋېتەيمىكىن دەيمەن.

— نېمىشقا؟ — مەن ئەجەبلىنىپ سورىدىم دەرھاللا.

— پايدا ئالالمىسامۇ مەيلىتتى. لېكىن زىيانغا چىدىيالمىدىم، دەسلەپكى چاغلاردا خېلى يامان ئەمەس بولغان، كېيىن خېرىدار كىرمەس بولۇپ كەتتى. كىرگەن كىشىلەرنىڭ تولىسى ئۇنى-بۇنى كۆرۈپ قويۇپلا ئالماي چىقىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوغرىلار ياخشى كىتابلارنى ئوغرىلاپ ئەپكېتىشتى. بېقىپ تەڭ كېلىپ بولالمىدىم. كۆرەمسىز، بىر يىلدىن بېرى پايدا ئالماق تۈگۈل مۇشۇ كىتابخانىغا سالغان دەسمايەممۇ ئىزلاشماپتۇ. بۇنداق ئىشنى يەنىلا ئۈرۈمچىدەك چوڭ شەھەرلەردە قىلسا ئاقىدىكەن. بۇ يەردە كىشىلەر كىتابنىڭ قەدرىگە يەتمەيدىكەن ...

شۇ كۈندىن باشلاپ كاللامغا كىتاب ۋە بىزنىڭ كىتابقا بولغان تونۇشىمىز توغرىسىدىكى خىياللار كىرىۋالدى. يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بېرى بىزدە چەت ئەلگە چىقىش پۇرستىگە ئېرىشەلمەيدىغان كىشىلەر ناھايىتى كۆپ ۋە خەلقىمىزنىڭ چەت ئەللەرنى كۆرۈشكە، چۈشىنىشكە بولغان قىزىقىشى تۈپەيلىدىنمۇ ئەيتاۋۇر چەت ئەلگە چىققان ئىلىم مۇخلىسلىرىنىڭ ئۆزلىرى بارغان دۆلەتلەردە كۆرگەن ۋە بىلگەنلىرى توغرىسىدا يېزىلغان ماقالە، ئەسەرلەر ھەرقايسى مەتبۇئاتلاردا، نەشرىياتلاردا خېلى كۆپ ئېلان قىلىندى ھەم بۇ خىل ئەسەرلەر خەلقىمىزنىڭ ياقتۇرۇپ ئوقۇشىغا مۇيەسسەر بولدى. مەنمۇ شۇنداق ئەسەرلەرنى زور قىزىقىش بىلەن ئوقۇپ چىقىمەن ھەمدە ئوقۇپ ھېس قىلغانلىرىمنى ئۆز كۆڭلۈمدە بىزنىڭ ئەھۋالىمىز بىلەن سېلىشتۇرۇپ چىقىمەن. ئاشۇ خىلدىكى ئەسەرلەردىن ئورتاق ھېس قىلغىنىم شۇ بولدىكى، تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەردىكى خەلقلەر؛ جۈملىدىن فرانسىيەلىكلەر، ياپونلار، يەھۇدىيلار، رۇسلار، ئىتالىيانلار، گېرمانلار، ئېنگلىزلار ئىنتايىن كىتابخۇمار كېلىدىكەن. ئۇلار كىتاب ئوقۇشنى ئۆزلىرىنىڭ دائىملىق ئادىتىگە، تۇرمۇشىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلاندۇرۇۋالغانىكەن. ئۇلارغا ئاش-نان، كىيىم-كېچەك قانچىلىك مۇھىم بولسا، كىتابمۇ شۇنچىلىك مۇھىم ئىكەن. ئاپتوبۇستا ئولتۇرغان، بىر سىنى ساقلاۋاتقان، سىرتلارغا سەيلە-ساياھەتكە چىققان ۋاقىتلاردىمۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ كىتاب ئوقۇيدىكەن. كىتاب ئارقىلىق ئۆزىنى تاكامۇللاشتۇرۇشقا، بىلىم قۇرۇلمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشكە ئىنتىلىدىكەن. ھەرگىز ئۆگەن-

گەن بىلىمگە قانائەت قىلمايدىكەن. ئازراق بىلىمگە ئېرىشىپلا بىر پەللىدە توختاپ قېلىشنى، تۇرغۇن ھالەتتە ياشاشنى خالىمايدىكەن. كىتاب ئوقۇشنى مەۋجۇتلۇقنىڭ كاپالىتى دەپ بىلىدىكەن، ئەمدى بىزدىچۇ، ئەھۋال پۈتۈنلەي ئەكسىچە.

مەن تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ناھىيە بازىرى ئىچىدىكى ئاساسلىق بىرلا كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى دۇكانلارنى ساناپ چىقتىم، 100 دىن ئاشتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ سودىسى ياخشى ئىكەن. تاقىلىش ئالدىدا تۇرغان بىرمۇ دۇكان يوق ئىكەن ھەم ھەممىلا دۇكاندا ئادەم ئۈزۈلمەيدىكەن. بولۇپمۇ ھاراق - تاماكا سېتىش دۇكانلىرى، ئاياللارنىڭ گىرىم بۇيۇملىرىنى سېتىش دۇكانلىرىنىڭ خېرىدارىمۇ، كىرىمىمۇ كۆپ ئىكەن. دېمەك، ماددىي مەئىشەتلەر سېتىلىدىغان دۇكاننىڭ خېرىدارى كۆپ ئىكەن. ئەمما روھىي ئوزۇق بېرىدىغان بىر كىتابخانىنىڭ خېرىدارى بولمىغانلىق سەۋەبىدىن تاقىلىش ئالدىدا تۇرۇپتۇ.

بىلىشىمچە بۇ ئەھۋال پۈتۈن ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە ورتاق بولغان ۋە ھەممىمىزنى ئويلاندۇرىدىغان مەسىلە. پەقەت مەركىزىي شەھەر ئۈرۈمچىدىلا شەخسىي كىتابخانىلار (مەرىپەتپەرۋەر ئۇيغۇر سودىگەرلىرى ئاچقان) بىر قەدەر كۆپ. مەن كۆرگەن «ئىزچىلار كىتابخانىسى»، «مەڭگۈ تاش كىتابخانىسى»، «نەۋايى كىتابخانىسى»، «قۇياش كىتابخانىسى»، «جەزىرە كىتابخانىسى»، «ئىبرەت كىتابخانىسى»، «تەڭرىقۇت كىتابخانىسى»، «ھۇنبەگ كىتابخانىسى»... «ئىنتىلىش كۆپ تىللىق كىتابخانىسى» قاتارلىق كىتابخانىلارنىڭ خېرىدارى خېلى كۆپ ئىكەن. ئۈرۈمچىدە زىيالىي كىشىلەر كۆپ بولغاچقا كىتاب سېتىۋالىدىغانلارمۇ كۆپ بولسا كېرەك. ئەمما دىيارىمىزنىڭ باشقا شەھەر، ناھىيەلىرىدىكى ئەھۋالنى ئۈرۈمچى بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ، باشقا جايلاردا شەخسىي كىتابخانىلار ھەم ئاز، خېرىدارىمۇ كۆپ ئەمەس.

كونىلاردا «ئوتتۇز يىلدا ئەل يېڭىلىنار» دېگەن بىر ماقال بار ئىكەن. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىدىن باشلاپ ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش دولقۇنى قوزغىلىپ، دىيارىمىزدا ئانا تىلىمىزدىن ساۋاتى يوق ئادەم ئىنتايىن ئاز سانىنى ئىگىلەيدىغان بولغانىدى. ھېچ بولمىغاندا 95% ئادەم ئانا تىلىدا نەشر قىلىنغان كىتاب، ژۇرنال، گېزىتلەرنى ئوقۇپ چۈشىنىش ئىقتىدارىغا ئىگە دەپ قارايمىز. ئەمىسە نېمىشقا بىزدە كىتاب ئوقۇيدىغانلار ئاز؟ مەكتەپ پۈتكۈزۈپ جەمئىيەتكە چىققانلار (ئالىي مەكتەپ ۋە تېخنىكوملارنى پۈتكۈزگەنلەرمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)نىڭ ئارىسىدا ھېچبولمىسا يىلدا بىرەر پارچە كىتاب ئوقۇپ باقمىغان كىشىلەر شۇنچە كۆپ؟ خەلقىمىز كىتاب ئوقۇغىدەك ۋاقىت، كىتاب سېتىۋالغۇدەك پۇل چىقىرالمايدىغانمىدۇ؟ شۇنچە ئويلاپمۇ بۇنىڭ تېگىگە يېتەلمىدىم. ئاخىر بىزنىڭ نامرات بولۇشىمىزنىڭ ئاساسلىق سەۋەبلىرىنىڭ بىرى كىتاب ئوقۇشقا، بىلىم ئېلىشقا ئىنتىلمەسلىكىمىزدىن بولسا كېرەك دېگەن تونۇشقا كەلدىم. «قۇتادغۇبىلىك»، «تۈركىي تىللار دىۋانى» قاتارلىق مەدەنىيەت خەزىنىمىزدىكى قىممەتلىك بايلىق ھېسابلىنىدىغان نەچچە يۈزلىگەن نادىر ئەسەرلەرنىڭ ئەسىرلەر مابەينىدە قايتا - قايتا قولدىن ئۆتۈپ دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كېلەلىشىدىكى مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرى، ئەجدادلىرىمىزنىڭ كىتابخۇمارلىقىدىن بولسا كېرەك. بىز ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئاشۇ ئېسىل ئادىتىنى ئۆرنەك قىلىشىمىز كېرەك ئىدىغۇ؟

ئۇلۇغ ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپ شاھانە ئەسىرى «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ مۇقەددىمە قىسمىدا شۇنداق يازىدۇ:

بېرۇر يولىيورۇق بۇ كىتاب سۆزلىرى،
ھەر ئىككى جاھاندا تۈزەر ئىشلىرى.
كىتاب قەدرىنى ھەم بىلىملىك بىلۇر،
ئەقىلسىز كىشىدىن بۆلەك نە كېلۇر؟
نىچۈككىم، بىلىمسىز بىلمەس قەدرىنى،
ئەقىللىق ئوقۇبان كۆزەتۇر ئۇنى.

ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق كاتتا ئەسىرىنىڭ 2 - قىسىم، 14 - بېتىدە مۇنداق بىر ماقال بار:

«ھەي ئوغۇل، ياغاچ كەسسەڭ ئۇزۇن كەس، تۆمۈر كەسسەڭ قىسقا كەس»، چۈنكى تۆمۈرنى ئۇزارتقىلى بولىدۇ.

مەن ئالىممىزنىڭ شۇ سۆزىگە يانداپ، ئىستىقبالىمىز ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم بولغان مۇنۇ سۆزنى ئېيتماقچىمەن:

ئەي ئۇيغۇر: كامالەتكە يېتەي دېسەڭ، دۇنيادىكى بىر كىشىلىك ئورنۇڭنى تاپاي دېسەڭ، كىتاب ئوقۇ!

---

ئاپتور: ئۈچتۇرپان ناھىيەلىك سۇ ئىشلىرى ئىدارىسىدە.



# خاسىيەتلىك 21 - ئەسىر، ئۇيغۇرلاردا سىياسىي نەزەرىيەۋى تەپەككۇر

ئابلەت مۇھەممەد

21 - ئەسىر باشلىنىشى بىلەن ئىجتىمائىيەتتە يېتىلۋاتقان بىر قىسىم ياش ئۇيغۇر زىيالىيلىرىمىز سىياسىي - نەزەرىيەۋى تەپەككۇر ساھەسىگە يېڭىدىن قەدەم قويدى. بۇ مىللىي قوۋمىمىز تارىخىغا نىسبەتەن تولىمۇ ياش، تۈرلۈك ئىجتىمائىي سەۋەبلەردىن يېپىق بولۇپ كەلگەن ساھە بولغاچقا، بۇ جەھەتتىكى بوشلۇقنى تولدۇرۇش ئۈچۈن، بۇ ياش زىيالىي تەپەككۇر ئىگىلىرىنىڭ تاشلىغان قەدىمىنى قۇتلۇق قەدەم، باشلانغان 21 - ئەسىرنى ئۇيغۇرلارغا نىسبەتەن خاسىيەتلىك ئەسىر بولىدۇ دەپ تامامەن ئېيتالايمىز. نېمە ئۈچۈن بىز بۇ 21 - ئەسىرنى خاسىيەتلىك ئەسىر دەيمىز؟ بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، بىز ئۇيغۇرلار ئەسلىدە بۈگۈنكى دۇنيادا نامى مەشھۇر مىللەتلەردىن بىرى بولۇپ كەلگەن، دۇنياۋى قۇدرەتلىكلەردىن ھېسابلانغان ياش قوشنىمىز بولغان رۇس خەلقىدىن نەچچە ئەسىر مۇقەددەم ئىلگىرى يېزىق ئىجاد قىلىپ يازما مەدەنىيەت تارىخىغا قەدەم قويغان. ئەينى دۇنيا ئىلغار مىللەتلىرى تارىخىدىكى زور بىر تارىخىي مەدەنىيەت سەكرىشىنى ئىشقا ئاشۇرغان خەلق ئىدۇق. مۇشۇ كۆپ ئەسىرلىك تارىخ ئىچىدە رۇسلار بىزگە نىسبەتەن ئىپتىدائىي، ساۋاتسىز، مەدەنىيەتسىز خەلق ھېسابلىنار ئىدى.

رۇسلار پەقەت مىلادىيە 10 - ئەسىردە شەرقىي رىم ئىمپېرىيەسى (ۋىزانتىيە)دىن ھازىرقى سلاۋيان يېزىقىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىنلا، ئاندىن يازما مەدەنىيەت تارىخىغا قەدەم قويغاندى.

ۋەھالەنكى، شۇنىڭدىن كېيىن 1000 يىلدا كونا مەدەنىيەتلىك خەلق بولغان بىز ئۇيغۇرلار بارا - بارا بەئەينى سۇ مەنبەسى ئۈزۈلگەن لوپنۇر كۆلىدەك قاقشال ھالەتتە تارىخىمىزنى داۋاملاشتۇردۇق. مەھكۇملۇق، بۇرۇقتۇرمىلىق، گۇمراھلىق قويۇنلىرى، جاھالەت تۇمانلىرى قاپلاپ، بۇ قاقشاللىقتا بەزمە قۇردى. بارا - بارا كېيىنكى 500 يىللىق تارىخىمىز داۋامىغا كەلگەندە بىز كىم، قانداق خەلق؟ دۇنيادا بىز نورمال ئىنسان سۈپىتىدە مەۋجۇتمۇ؟ دېگەن سوئاللارغا تۈزۈكرەك جاۋاب بېرەلەيدىغان ئادەم چىقمىدى. ناۋادا ئەقىللىي جاۋاب بېرىشكە ئىنتىلگەن بارماق بىلەن سانىغۇدەك پىداكارلارمۇ بولغان دېسەك، جاھالەت تۇمانلىرى ئۇلارنىمۇ تۇنجۇقتۇرۇپ تاشلىدى. بۇنداق زۇلمەت، قاراڭغۇلۇق باسقان زامانلاردا ئۆزىنىڭ گۈزەل نۇر دەستىلىرىنى پۈتۈن جاھانغا ئوخشاش چېچىۋاتقان بۇ قۇياشنىڭ ئىللىق

ھارارىتىنىمۇ سېزەلمەيدىغان دەرىجىگە چۈشۈپ قالغان خەلقىمىزنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارى زەئىپلىكتە، ھەتتا ئۆزىنىڭ زادى كىم، نېمىنىڭ ئەۋلادى ئىكەنلىكىنىمۇ ئەقەللىي دەرىجىدە بولسىمۇ بىلىشتىن مەھرۇم قالغانىدى. بۇنداق ئەھۋالدا خەلقىمىزنىڭ دۇنيانىڭ يۈزلىنىشى، سىياسىي، پەلسەپە دېگەندەك ئىنسانىي مەدەنىيەتكە چېتىلىدىغان چوڭ ئۇقۇملارنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بىلىشى ھەققىدە ئېغىز ئېچىشنى تەسەۋۋۇر قىلىشمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئەمما دەل مۇشۇ 1000 يىلدا، بولۇپمۇ كېيىنكى 500 يىلدا قەدىمكى يۇنان، رىم مەدەنىيەتلىرى، بولۇپمۇ پەلسەپىسىنى ئۇستاز تۇتقان ياۋروپالىقلار بولسا ئىنسانىيەت تارىخى جۇغلىغان بىلىملەر بىلەن ئەقلىنى نۇرلاندۇرۇپ، ساغلام روھ بىلەن دۇنيانىڭ سىياسىي دەرۋازىسىنى جاھالەت تۇمانلىرى بىلەن ھايات - ماماتلىق ئېلىشىش داۋامىدا ئاچقانىدى. ئۇلارنىڭ بۇ تارىخى ئۆزىنى چۈشىنىش تارىخى، بىلىش تارىخى، ئۆزگەرتىش تارىخى بولدى. ئۇلار ئۆزىنى ئۆزگەرتىپ خاس دۇنياسىنى يارىتىش جەريانىدا دۇنيانىڭ ئۆزگىرىشىنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت تارىخىغا غايەت زور تۆھپىلەرنى قوشۇپ، ھەقىقىي ئىنسانىي بۇرچ تۇيغۇسى بىلەن دۇنيانى نۇرلاندۇرغان ئۇلۇغ كىشىلىرى بىلەن جاھان ئەھلى ئالدىدا نامايان بولدى. 14 - ئەسىردىن 16 - ئەسىرگىچە ئىتالىيەدە باشلانغان ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنىشى دەۋرىدىلا ئۇلار ھەقىقىي مەنىدىكى سىياسىي مىللەت ھاياتىغا قەدەم قويغانىدى. 1640 - يىلىدىكى ئەنگلىيە بۇرژۇئا ئىنقىلابى ۋە 18 - ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرى باشلانغان سانائەت ئىنقىلابىدىن باشلاپ يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلەپ، ئۇلار ئۆز ئىشلىرىنى، ئۆز تەقدىرىنى ئىلمىي يوسۇندا چۈشىنىپ ھەل قىلىشقا ئۇرۇنىدىغان، ئىنسانىيەت دۇنياسىنىڭ تەبىئەت ۋە جەمئىيەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئىلمىي يوسۇندا قانۇنىيەتلىك ھەل قىلىشقا يۈزلەنگەن پەلسەپىۋى دۇنيانىڭ دەرۋازىسىنى ھەم ئوڭۇشلۇق ئاچتى. قوياشقا يۈزلىنىپ ئېچىلغان بۇ خەلقلەرنىڭ تەبىئەت ۋە جەمئىيەت قانۇنلىرى بىلەن ئۆزلىرىنى زىچ بىرىكتۈرۈپ، ئىلمىي ئاساستا چۈشىنىشتەك نەزەرىيىۋى تەپەككۇر ئىقتىدارىدىن شۇبھىلىنىشكە ئورۇن قالمىغانىدى.

تەرەققىيات دۇنياسى سىياسىي ھەم پەلسەپىۋى دۇنيا، خەلقى سىياسىي ھەم پەلسەپىۋى خەلق. بىز مۇشۇ كېيىنكى 500 يىلدا بۇ تارىختا ئۇل سالغان ئىلىم - پەن گىگانتلىرىدىن نيۇتون (1642— 1727)، كوپېرنىك (1473— 1543)، برونو (1548 — 1600)، گالىلى (1564 — 1642)، فارادى (1791— 1867)، مېندېلېيېۋ (1834— 1907) قاتارلىق زور بىر تۈركۈم پېشىۋالارنى، پەيلاسوپ مۇتەپەككۇرلاردىن «ئەركىنلىك»، «باراۋەرلىك» ياڭراق شوئارىنى ياڭرىتىپ چىققان ۋولتېر (1694 — 1778)، مونتېسكيۇ (1689 — 1755)، رۇسسو (1712— 1778) لارنى، خىيالىي سوتسىيالىزمچى مۇتەپەككۇرلاردىن ئوۋېن (1771 — 1858)، فورى (1772 — 1851)، سېنسىمون (1760 — 1825) ۋە ئىلمىي سوتسىيالىزم ئاساسچىلىرىدىن ماركس (1818 — 1883)، ئېنگېلس (1820 — 1895) ۋە باشقا ئىنسانىيەت تارىخىغا غايەت زور تەسىر كۆرسەتكەن مۇتەپەككۇر پەيلاسوپ، سىياسىيونلارنى بىلىمىز. يەنە ئاشۇ بىزدىن كۆپ ئەسىرلەر كېيىن يازما مەدەنىيەتكە يۈزلەنگەن، ياۋروپالىقلارنىڭ نەزەرىدە ئوخشاشلا قالاق ھېسابلانغان بىزگە قوشنا رۇس خەلقى بولسا، ئىلغار مەدەنىيەتنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىش بىلەن پىكرى ئويغاق ھالەتتە دۇنيا سىياسىي سەھنىسىگە چىقىپ، ئالەمشۇمۇل ئىشلارنى قىلىۋەتكەن، ئۇلاردىن غايەت زور بىر تۈركۈم نەزەرىيىۋى تەپەككۇر ئىگىلىرى، سىياسىيونلار مەيدانغا چىقىپ، بۇ مىللەتنى بىر سىياسىي گىگانت مىللەت سۈپىتىدە دۇنياغا نامايەن قىلغانىدى، ئۇلاردىن مۇشۇ 100 يىل ئىچىدىلا پىلىخانوۋ. لېنىن، ستالىن، سۋېردلوۋدىن تارتىپ خىروششوۋغىچە داڭلىق ئىنقىلابچى سىياسىيونلار، سىياسىي ئىسلاھاتچىلار، ۋورشىلوۋ، بۇدىيوننى، ژوكوفتەك داڭلىق مارشاللار مەيدانغا چىققانىدى. ئۆزىمىزنى ئاشۇ رۇسلارغا سېلىشتۇرۇپ تولىمۇ ئەپسۇسلۇق ھالەتتە كۆرىمىزكى، بىز بولساق دۇنيادا مەۋجۇت ئەمەستەك، سىياسىيدىن تولىمۇ يىراق، سوت ئۇيقۇدا نېمىمىزنى ئۆزىمىز چايناپ يېيىشنىمۇ بىلمەي، بولۇپمۇ كېيىنكى 500 يىل مۇساپىنى ئەنە شۇنداق گۇمراھلىقتا ئۆتكۈزگەنلىكىمىز ئىدى. شۇڭا بىز ئىتالىيەدە 14 - ئەسىردە باشلانغان ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنىشىدەك ئويغىنىش دەۋرىگە 21 - ئەسىرگە

كەلگەندە، ئاندىن ھەقىقىي مەنىدە سىياسىي تەپەككۇردىن باشلاپ سىياسىي تەپەككۇر گۈللىنىشى دەۋرىگە قەدەم قويغانلىقىمىز ئۈچۈن خاسىيەتلىك ئەسىر دېدۇق. ئومۇمەن، بىزدەك دۇنيانى يېڭىدىن قايتا تونۇۋاتقان ئىزدىنىش ئىچىدىكى مىللەتتىن شۈبھە يوقكى، ئاجايىپ سىياسىي تەپەككۇر ئېقىملىرى، نەزەرىيەۋى ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە كىشىلەر مەيدانغا چىقىدۇ. چۈنكى زامانىمىزدا بىزنىڭ تارىخىمىز، مۇھىت شارائىتىمىز بىزنى ئىزدىنىشكە، ئىنتىلىشقا، قوبۇل قىلىشتا باشقا ھەرقانداق خەلقتىنمۇ كۆرۈنەرلىك تەقەززا قىلىدۇ. شۇڭا 21 - ئەسىر باشلىنىشتىلا بىزدىن بىر تۈركۈم سىياسىي تەپەككۇر ئېقىملىرى مەيدانغا كەلدى. گەرچە خەلقىمىزنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ھالىتىنىڭ تېخى نىسپىي «نامرات» ئىكەنلىكى، سىياسىي جەھەتتىكى نىسبەتەن ياشلىقى، تەجرىبىسىزلىكى، پىشىپ يېتىلىش زۆرۈرىيىتى دەۋرىدە تۇرۇۋاتقانلىقى ئۈچۈن مۇشۇ ۋە يەنە بىر قىسىم ئامىللارغا باغلىق بولغان سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن تېخى، سىياسىي نەزەرىيەۋى تەپەككۇر ئاسمىنىدا قاناتنى كەڭ يېيىپ پەرۋاز قىلىشى مۇئەييەن چەكتىن ھالقىپ كېتەلمەيۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما يەنىلا نىسپىي كەڭلىكنى چىقىش نۇقتىسى قىلىۋاتقانلىقى مىللىتىمىز سىياسىي تەپەككۇرىنىڭ سەكرەش ھالىتىدە زامانىمىزدا نامايان بولۇش ئىقتىدارىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسەتمەكتە. خەلقىمىز ئىچىدىن ھەرقانداق بىر سىياسىي سەھنىدە مۇسابىقە ئىقتىدارى ھازىرلىيالايدىغان سىياسىي نەزەرىيەۋى تەپەككۇرگە ئىگە ياش غەيرەتكارلارنىڭ كۆپلەپ مەيدانغا كېلىدىغانلىقى شۈبھىسىز، بۇنىڭغا ئىشەنچىمىز كامىل.

ئەلۋەتتە، ئەھۋال ئىگىلەش ئىقتىدارىمىزنىڭ چەكلىمىسىنى نەزەرگە ئالغاندا، مۇنداق ئېھتىماللىقىمىز، يەنى ئۆتكەن ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىم ئەسىرىدىن ئىبارەت بۇ غايەت زور ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش دەۋرىدە ئالامەت گىگانت سىياسىي ھۆكۈما، نەزەرىيەۋى تەپەككۇر ئېقىملىرى چىقمىغان دەپ كېسىپ ئېيتالمايمىز، ئەلۋەتتە. چۈنكى پەۋقۇلئاددە مۇھىت - شارائىت پەۋقۇلئاددە ئادەملەرنى مەيدانغا چىقىرىدىغانلىقى ھەرقانداق تېپىنىڭ ئىرادىسىگە باقمايدىغان مۇقەررەر تارىخىي قانۇنىيەت ئەمەسمىدى؟!

نۆۋەتتە ئۇيغۇرلاردا جۈملىدىن ئۇيغۇر ياشلىرىمىز ئارىسىدا ئىجتىمائىي تەپەككۇرغا يۈزلىنىش، پەلسەپە ۋە سىياسىيغا ئائىت ئاممىباب ئەسەرلەرنى ئوقۇش، مۇھاكىمە قىزغىنلىقى كۈچلۈك گەۋدىلەنمەكتە. نىچشى، گونترگراسئان، گەندى، ساموئىل خانتىڭتون ۋە باشقا يەنە كۆپلىگەن چەت ئەل مۇتەپەككۇرلىرى، سىياسىيونلار ۋە ئۇلارنىڭ پەلسەپىۋى، سىياسىي قاراشلىرىدىن خەۋەردارلىقى، ئۆزىمىزدىن مەرھۇم ئالىمىمىز ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەد ئىمىن ۋە ئەسئەت سۇلايمان، ئابدۇقادىر جالالىددىن، ئابدۇلئەھەت ئابدۇلرەشىت بەرقى قاتارلىق خېلى بىر قىسىم كۆزگە كۆرۈنگەن ئىجتىمائىيەت تېمىسىدىكى يازغۇچىلىرىمىزنىڭ ئەسەرلىرىدىن خېلى كۆپ بىلىمخۇمار ياشلىرىمىزنىڭ خەۋەردار بولۇشى بۇ قىزغىنلىقنى دەلىللىمەكتە. كىشىنى مەمنۇن قىلىدىغان يېرى شۇكى، بۇ خاسىيەتلىك 21 - ئەسىر باشلىنىشى بىلەنلا بىر تۈركۈم ياش تەپەككۇر ئىگىلىرىمىز سىياسىي ۋە ئىجتىمائىيەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە سان ۋە سۈپەت جەھەتتە يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلەپ، يېڭى تەپەككۇرگە ئىگە ئوبدان ئەسەرلەرنى مەيدانغا چىقاردى. مۇھاكىمە قىلىنغان تېما دائىرىسىنىڭ نىسبەتەن كەڭرىلىككە يۈزلىنىشى، مەسىلە ئوتتۇرىغا قويۇش ۋە ئۇنى مۇھاكىمە قىلىشتىكى نىسپىي ئەتراپلىق بولۇشقا دىققەت قىلىش، تەشەببۇسكارلىق بىلەن دادىل تەنقىدىي مۇلاھىزە، پىكىرلەر سالونى قۇرۇش ئارقىلىق ئىلگىرىلەش جەريانىدا مۇقەررەر كۆرۈلىدىغان بىر تەرەپلىمىلىك، سەھۋەنى يېتەرسىزلىكلەرنى ئىجابىي تەرەپكە يۈزلەندۈرۈش، ئىلمىي كېڭىشىشنى تەشەببۇس قىلىش ئارقىلىق ئوخشىمىغان پىكىرلەردە چۈشۈنۈشنى ئىلگىرى سۈرۈشتەك جانلىق كەيپىيات يۈنىلىشىنىڭ تەپەككۇر ئېقىملىرىمىزدە ئاساسىي يۈزلىنىش بولۇۋاتقانلىقى كىشىنى خۇشال قىلىدۇ، ئەلۋەتتە.

مىللىتىمىزدە شەكىللىنىپ يېڭىدىن ئۇسۇۋاتقان بۇ ئىجتىمائىي، سىياسىي نەزەرىيەۋى تەپەككۇر ساھەسىنىڭ سەممىمىي، دادىل، راستچىل دېگەن سۈپەت پرىنسىپى ئاساسىدا تېخىمۇ جۇشقۇن، تېخىمۇ مول ئىجتىمائىي ۋە روھىي ھاسىلات ئېلىپ كېلىدىغانلىقىغا ئىشەنچىمىز كامىل.

تېما دائىرىسىنىڭ بىزدە ئومۇمەن ئەنئەنە سۈپىتىدە داۋاملىشىپ كەلگەن تارىخ، ئەخلاق، ئەنئەنە، قىممەت قارىشى ۋە بىر قىسىم كەسپىي تەتقىقات، شەرھىي دائىرىسـ-

دىن ھالقىپ (توغرىسى بۇ ساھەنى شۇ كەسىپ ئەھلىلىرىگە قويۇپ بېرىپ) تېخىمۇ كەڭرى، تېخىمۇ نىسپىي ئەركىن ۋە ئاممىۋى بولغان دۇنيا، سىياسىي ۋەزىيەت، ئىقتىساد، ئەنئەنە، ھالەت، مىللەت، مەدەنىيەت، مائارىپ ۋەھاكازا قاتارلىق تېخىمۇ رېئال، ئەمەلىي نۇقتىلارنى تۇتقا قىلىپ يېزىلىۋاتقانلىقى، مۇھاكىمە قىلىنىۋاتقانلىقى، بۇ يېڭى قەدەمنىڭ كەڭرىلىك يۆنىلىشكە قاراپ تەرەققىي قىلىپ، يېڭىدىن يېڭى ساھەلەرنى دىققەت نەزەرگە تاشلاۋاتقانلىقىنى كۆرمەكتىمىز.

بىز پەقەت رايونىمىزدىكى ئىجتىمائىيەت ساھەسىدىكى نوپۇزلۇق ژۇرناللاردىن بولغان «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ يېڭى ئەسىر باشلانغاندىن كېيىنكى مۇشۇ ئون يىللىق مۇساپىسىگە نەزەر تاشلىساقلا مىللىتىمىزنىڭ سىياسىي نەزەرىيەۋى تەپەككۇر ساھىبلىرىنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي، پەلسەپىۋى مىللەت ساھەسىگە ئىنتىلىپ، تولىمۇ قىزغىنلىق بىلەن قەدەم تاشلىغانلىقىنى كۆرىمىز. بۇ يەردە مەن ئۆز قاراشلىرىمغا بىنائەن بۇ جەھەتتىكى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بىر قاتار ئەسەرلەرنى دىققەت ـ نەزەرگە تۇتماقتىمەن.

1. ئابلەت قەييۇمنىڭ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 2004 ـ يىلى 3 ـ سانىغا بېرىلگەن «رىۋايەتلەردىن رېئالىيەتلەر». بۇ ماقالە قىسقا، مېغىزلىق، چۈشىنىشلىك يېزىلغان. ئەمما بۇ ماقالە ئىچىگە بىر چوڭ تومۇلۇق چاچما مەزمۇنلۇق ئەسەرنىڭ مەزمۇنىدىنمۇ كۈچلۈك مەزمۇن يىغىنچاق ئىپادىلەنگەن. ھەرقانداق ئەل جەمئىيەتلىرىگىمۇ، ئورتاق ئومۇمىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان ئەڭ يادرولۇق سىياسىي دورا رېتسېپى يېزىپ بېرىلگەن.

2. سۇلايمان قەييۇمنىڭ مەزكۇر ژۇرنالنىڭ 2004 ـ يىلى 3 ـ سانىغا بېرىلگەن «سالاھىيەت كىرىزىسى ۋە سىياسىي تەپەككۇرى». مەزكۇر ماقالە ساموئىل خانتىڭتوننىڭ «مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى ۋە دۇنياۋى تەرتىپنىڭ قايتا ئورنىتىلىشى» ناملىق مەشھۇر سىياسىي ئەسىرىنىڭ «ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنىشى مۇناسىۋىتى بىلەن يېزىلغان. گەرچە مەزكۇر ماقالىدىكى بەزى قاراشلارغا نۇقتىلىق توختىلىپ، ئەستايىدىل، ئىنچىكە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈش، ئەتراپلىق قاراش تولىمۇ زۆرۈر بولسىمۇ، نۆۋەتتە، ئومۇمىي نۇقتىدىن باھا بەرگەندە سىياسىي دۇنياۋى مەسىلىلەرنى ئۆز مەسىلىلىرىمىزگە بىرلەشتۈرۈپ دادىللىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇش تولىمۇ ياخشى باشلىنىش. ئەگەر بىز مەسىلە دەپ قارىغان جەھەتلىرىمىز بولسا، ئۇ بىزنى قايتا تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا قىزغىن پىكرىي تەپەككۇر قاينىمىغا باشلاپ كىرىدۇ. مۇنازىرە روھىي تەپەككۇر تەرەققىياتىنى چوڭقۇرلۇققا باشلايدىغان نىسپىي ھەقىقەتنى بىلىش جەريانى ئۈچۈن يەنە بىر ياخشى پۇرسەت. مەيلى نېمىلا دېمەيلى، بىزگە مۇھىمى مەسىلىدىن كۆرە ئەنە شۇنداق سىياسىيغا كۆڭۈل بۆلىدىغان دادىل روھ كېرەك، مەسىلە دېگەن ھامان ئۆز يولىدا ھەل بولۇپ كېتىۋېرىدۇ. شۇڭا ئاپتورنىڭ سىياسىيغا يۈرۈش قىلىش ھەققىدىكى پىكىرلىرى نۆۋەتتە تولىمۇ مۇھىم، قارشى ئېلىشقا تېگىشلىك بولغان قىممەتلىك پىكىرلەردۇر.

3. ئابدۇرېھىم دۆلەتنىڭ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 2004 ـ يىلى 5 ـ سانىغا بېسىلغان «زامانىۋى تاجاۋۇزچىلىق». بۇ ماقالىمۇ ئوخشاشلا ئەستايىدىل مۇھاكىمە يۈرگۈزۈشكە تېگىشلىك ماقالە.

4. مەزكۇر ژۇرنالنىڭ 2002 ـ يىلى 2 ـ سانىغا بېرىلگەن ئابدۇرېھىم دۆلەتنىڭ «قانتى بوغۇلغان تىنچلىق كەپتىرى».

5. ئابدۇرېھىم دۆلەت يەنە ساموئىل خانتىڭتوننىڭ «مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى ۋە دۇنياۋى تەرتىپنىڭ قايتا ئورنىتىلىشى» دېگەن كىتابنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ دىققىتىمىزگە سۇندى. بۇ ئىش بىزنىڭ سىياسىيغا كۆڭۈل بۆلۈشىمىز، چۈشىنىشىمىز ۋە سىياسىيغا يۈزلىنىشىمىزگە نىسبەتەن پىكرىي تەپەككۇر يۈرگۈزۈشىمىزدە قالتىس تۈرتكىلىك رول ئوينىدى.

6. ئادىل ئابدۇقادىرنىڭ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 2005 ـ يىلى 3 ـ سانىغا بېسىلغان «ئەخلاقنىڭ دۈشمىنى».

7. مەزكۇر ژۇرنالنىڭ 2005 ـ يىلى 2 ـ سانىغا بېسىلغان «زامانىۋىلىشىشنىڭ ئالدى ـ كەينىدە».

8. مەزكۇر ژۇرنالنىڭ 2002 ـ يىلى 2 ـ سانىغا بېسىلغان «ئۇرۇش ۋە تىنچلىق».

9. مەزكۇر ژۇرنالنىڭ 2002 ـ يىلى 3 ـ سانىغا بېسىل-

غان «بىز ياشاۋاتقان دۇنيا».

10. نۇرمۇھەممەد ئۆمەر ئۇچقۇننىڭ «شىنجاڭ مەدەنىيتى» ژۇرنىلىنىڭ 2004 - يىلى 5 - سانىغا بېسىلغان «سىياسىيدىكى رېئاللىق ۋە رېئاللىقتىكى سىياسىي».

11. دىلمۇرات ماخمۇتنىڭ مەزكۇر ژۇرنالنىڭ 2008 - يىلى 4 - سانىغا بېسىلغان «يەر شارلىشىش ۋە بىز» قاتارلىق ئەسەرلەر كىرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر قىسىم ئاپتورلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن مىسال كەلتۈرۈشمۇ مۇمكىن.

گەرچە يۇقىرىقى مىساللاردىكىدەك بۇنداق سىياسىي دۇنياۋى تېمىلار بىلەن ئۆزىمىزنى باغلاپ مۇھاكىمە يۈرگۈزگۈچى سىياسىي تەپەككۇر ئىگىلىرى پۈتكۈل مەتبۇئاتلار يۈزلىرىدە بارماق بىلەن سانىغۇدەك تولىمۇ ئاز، ئەسەرلەرمۇ ئۇن يىلغا نىسبەتەن بەكلا ئاز، چەكلىك كۆلەمدە بولسىمۇ، قانداقلىكى بولمىسۇن مەيدانغا كېلىۋاتىدۇ. بۇ مىللىتىمىزدىكى سىياسىي تەپەككۇر يۈزلىنىشىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن تولىمۇ ياخشى باشلىنىش، ئەلۋەتتە بىز مىللىتىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى سىياسىي، نەزەرىيەۋى تەپەككۇر ھالىتىدىن يۈزلىگەن، مىڭلىغان ئاپتورلار قوشۇنىغا ئىگە ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىگە سېلىشتۇرالمايمىز. بۇنى ئىجتىمائىي، سىياسىي تەپەككۇرنىڭ نىسپىي مۇرەككەپ ۋە نىسپىي پەۋقۇلئاددە ھالىتى بەلگىلەنگەن. بۇ يەردە ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدە يۈزلەپ، مىڭلاپ، ھەتتا ئۇن مىڭلاپ شېئىر، ھېكايە، پوۋېست، رومانلار چىقىشى مۇمكىن. ئەمما ئىجتىمائىي، سىياسىي نەزەرىيەۋى تەپەككۇر ساھەسىدە بىرلەپ، ئونلاپ چىقسا ئۇ چوڭ گەپ. سىياسىي نەزەرىيەۋى قىممەتكە ئىگە، شۇنداقلا يېڭى نەزەرىيەۋى، پەلسەپىۋى قىممەت ياراتقان بىر ياكى بىر نەچچە ياخشى ئەسەرنىڭ بارلىققا كەلمىگى ئاسان ئەمەس. ئۇ خۇددى تەبىئىي پەندىكى يېڭى كەشپىياتقا ئوخشاش ئاز كۆرۈلىدىغان ھاسىلات. ئېنىق ئېيتساق، ئىجتىمائىي سىياسىي نەزەرىيەۋى تەپەككۇرگە باغلىق بولغان ئەسەرلەر مول، ئەتراپلىق ئىزدىنىشچان بىلىملەرنىڭ ئەقلىي تەپەككۇردىكى قايتا يۇغۇرۇلمىسى بىلەن تەستە مەيدانغا چىقىدۇ. قىزغىن ھېسسىيات بىلەن يېزىش دېگەنلەر بۇ ساھەگە يات. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەر بىر تېما تامامەن يېڭى مەسىلە، يېڭى تەپەككۇر ئۈستىگە ئېنىق نۇقتىئىنەزەر بىلەن قۇرۇلىدۇ. مانا بۇ ھەقىقىي سىياسىي نەزەرىيەۋى ئەسەر. شۇنداق بولغاچقا بىز نىسپىي مۇرەككەپ ھەم سەزگۈر بولغان، شۇنداقلا «داۋان»لاردىن مىڭبىر مۇشەققەتتە ئاران ئۆتىدىغان سىياسىي تەپەككۇر ئىگىلىرىنى قىزغىن ئالقىشلايمىز. بۇ ساھەگە يېڭى كۈچلەرنىڭ بىردىن - ئىككىدىن بولسىمۇ دادىللىق بىلەن قوشۇلۇپ، مىللىتىمىز تارىخىدىكى بۇ سىياسىي تەپەككۇر بوشلۇقىنىڭ تولدۇرۇلۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

ئەلۋەتتە، يۇقىرىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن ئەسەرلەردىكى بىر قىسىم نۇقتىئىنەزەرلەر يەنە قايتا كۆرۈپ چىقىلىشقا، قايتا مۇلاھىزە يۈرگۈزۈش زۆرۈر بولسىمۇ، ئەمما باشتا دەپ ئۆتكىنىمىزدەك، بۇلار ئىلگىرىلەش جەريانىدا بولىدىغان نورمالنى ساۋاق ۋە پىشىپ يېتىلىش ھادىسىسىدۇر. بىز بۇ ئىجتىمائىيەت سىياسىي تەپەككۇر ساھەسىگە قەدەم قويغان ياش غەيرەتكارلىرىمىزنىڭ ئۆزىگە غەيرەت - شىجائەت، قەلىمىگە بەرىكەت تىلەيمىز.

ئىجتىمائىي تەپەككۇرنىڭ جەمئىيەت ۋە روھىيەتكە زىچ باغلانغان ساھەلىرىدىمۇ مۇشۇ 21 - ئەسىر باشلىنىشى بىلەن ئوچۇق پىكىر، مول بىلىم ئاساسى ۋە يېڭى تەپەككۇر بىلەن يېزىلغان يېڭىدىن - يېڭى ئەسەرلەر «شىنجاڭ مەدەنىيتى» ژۇرنىلىنىڭ سەھىپىلىرىدە ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشتى. مەسىلەن، مەزكۇر ژۇرنالنىڭ 2007 - يىلى 6 - سانىغا بېرىلگەن نۇرمۇھەممەد ئۆمەر ئۇچقۇننىڭ شەھەر ھەققىدە قايتا ئويلىنىش تېمىسىدا يېزىلغان «كۆزىمىزدە سوغۇق نۇر»، ئابلەت قەييۇمنىڭ مەزكۇر ژۇرنالنىڭ 2005 - يىلى 3 - سانىغا بېرىلگەن «مەسەللەر ۋە مەسىللەر»، دىلمۇرات ماخمۇتنىڭ مەزكۇر ژۇرنالنىڭ 2007 - يىلى 4 - سانىغا بېرىلگەن «تەرەققىيات، ئەنئەنىدىن ۋە روھىيەت». 2008 - يىلى 4 - سانىغا بېرىلگەن «يەر شارلىشىش ۋە بىز» دېگەن ماقالىلەر، ھەبىبۇللا قادىرنىڭ مەزكۇر ژۇرنالنىڭ 2008 - يىلى 1 - سانىغا بېسىلغان «ئەخلاقنىڭ قىسمىتى ھەققىدە يېڭى تەلقىن»، ھەبىبۇللا توختىنىڭ مەزكۇر ژۇرنالنىڭ 2008 - يىلى 4 - سانىغا بېسىلغان «مەدەنىيەتنىڭ گېن خەرىتىسى»، تۇرسۇن مۇھەممەد توختىنىڭ مەزكۇر ژۇرنالنىڭ 2010 - يىلى 3 - سانىغا بېسىلغان «بېكىنمە ئاڭ ۋە تەپەككۇر تۇرغۇنلۇقى»، يەنە

مەزكۇر ژۇرنالنىڭ 2010 - يىلى 2 - سانىغا بېرىلگەن «دەسلەپكى تەربىيەنىڭ تەخىرسىزلىكى ۋە مائارىپنىڭ ھەل قىلغۇچ ئامىلغا ئايلىنىشى» دېگەن ماقالىلىرى، يەنە «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»گە بېسىلغان خاس پىكىرلىك ماقالىلەردىن ئەسئەت ئەمەتنىڭ «غالىبلاردىن ئەندىشىلىرىم»، (2009 - يىلى 1 - سان)، ئوسمانجان مۇھەممەد پاسىئانىنىڭ «بىلىم، تەپەككۇر، ئىنتىپاقلىق» (2010 - يىلى 2 - سان). ئەركىن ئىسھاق ئوغۇزخاننىڭ «تىل كېكەچلىكى ۋە تەپەككۇر نامراتلىقى» (2010 - يىلى 5 - سان) قاتارلىق ماقالىلەرنى كۆرسىتىش مۇمكىن. «تەپەككۇر مېۋىلىرى» سەھىپىسىمۇ، ئۇنىڭ قاتناشقۇچىلىرىمۇ ئىجتىمائىي تەپەككۇر سەھىپىلىرىنىڭ ھازىرقى ۋە كەلگۈسىدىكى قىزغىن قاتناشقۇچىلىرىدۇر. ئابدۇقادىر جالالىددىن، ئەسئەت سۇلايمان، يالقۇن روزى، زۇلپىقار بارات ئۆزباش، ئابدۇۋايىت مەتنىياز ئەمىن قاتارلىق ياش ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ ئىجتىمائىيەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرى بويىچە يۈرگۈزگەن مۇلاھىزە پىكرىي قاراشلىرى، ئېلىپ بېرىۋاتقان ئىلمىي تەتقىقات تېمىلىرى بۇ خاسىيەتلىك 21 - ئەسىرگە قەدەم قويۇشىمىز بىلەنلا دىققەتكە سازاۋەر بولغان ئىلمىي قىممەتلىك ئەمگەكلەردۇر.

رايونىمىزدا «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ۋە «ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» قاتارلىق ژۇرنال سەھىپىلىرىدە جەمئىيەت ھادىسىلىرى، سىياسىي، پەلسەپىۋى مەسىلىلەرگە مۇناسىۋەتلىك باشقا يەنە جۇشقۇن ئەسەرلەر ۋە ئاپتورلار نامايان بولدى. ئوي - پىكىرنى ئىپادىلەشتىكى ئۆزگىچە، يېڭى تۇيغۇ بېرىدىغان ئۇسلۇبدا يېزىشنى ئىپادىلىدى. بۇ ئەسەرلەر ئۆرنەك سۈپىتىدە كۆپلىگەن جەمئىيەت ھادىسىلىرىنى ئوخشىمىغان نۇقتىلاردا كۆرسىتىش بىلەن كىشىلەرنىڭ كۆڭۈل كۆيىنى ئىپادىلىدى. بەزى نەزەرىيەۋى ھاسىلاتلارغا دادىل دىياگنوز قويدى. بۇ ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ پىكىر، مۇلاھىزە قىزغىنلىقىنى قوزغىدى. روشەنكى بۇ سەھىپىلەر كىشىلەرگە ئوچۇق - يورۇقلۇق، ئازادىلىك تۇيغۇسى ھېس قىلدۇرماسلىقى مۇمكىن ئەمەس.

قارىغاندا، بۇ ئەسەرلەر ئاپتورلىرىنىڭ ھەممىسى ئومۇمەن دېگۈدەك ئىجتىمائىيەتنى ئىنسانىي خاسلىق بىلەن تونۇشقا ئىنتىلگەن، ئۇنى چۈشىنىشكە ئىنتىلىشتەك كۈچلۈك قىزغىنلىققا ئىگە ئىزدىنىشچان ياشلاردۇر. بۇ ياشلارنىڭ نۆۋەتتىكى تەپەككۇر يۈزلىنىشىنى سەل چاغلىغىلى بولمايدۇ. بۇ تولىمۇ خۇشاللىنارلىق يۈزلىنىش. ئىشىنىمىزكى ئىجتىمائىيەت، سىياسىي نەزەرىيەۋى تەپەككۇر ساھەلىرى ئۇلۇغ دىيار ۋە ئىنساننىڭ بۈگۈنى، شۇنداقلا كەلگۈسى ئىستىقباللىق مەقسەت - نىشانلىرى يولىدا يېڭىدىن - يېڭى كۈچلەر بىلەن ئۇلغىيىپ، ياش ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتۇپ، تېخىمۇ پۇختا، تەرەققىيپەرۋەر ۋە ھەققانىيلىق يۆنىلىشنى بويلاپ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلغۇسى.

يۇقىرىقىلار مېنىڭ بىر ئوقۇرمەن بولۇش سۈپىتىم بىلەن سىياسىي ۋە ئىجتىمائىيەت تەپەككۇر ساھەسىنىڭ يېڭى ئەسىرنىڭ دەسلەپكى ئون يىللىق مۇساپىسىگە بولغان كۆزىتىشىمگە ئاساسەن ئىپادىلىمەكچى بولغان ھېس قىلغانلىرىم، شەخسىي پىكرى قاراشلىرىم ۋە ئۈمىد - ئارزۇلىرىمدىن ئىبارەت.

---

ئاپتور: غۇلجا شەھەر باھار كوچا 3 - يان كوچا 62 - قورۇدا.

بۇ سانىنىڭ ئەسەرلىرى «شىنجاڭ گېزىتى» باسما ئىشلىرى مەركىزى ئۇيغۇرچە كومپيۇتېر بۆلۈمىدە تىزىلدى؛ بۇ سانىنىڭ تەكلىپلىك تەھرىرى: ئايگۈل ئەمەت؛ كوررېكتورى: رەنا ئەمەت؛ مۇقاۋا ۋە قىستۇرما سۈرەتلەرنى لايىھەلىگۈچى: قۇربانجان روزى شەيدائى (تەكلىپلىك)، بەتچىك: ئىسھاقجان ئىبراھىم قاراتېكىن (تەكلىپلىك).

# ئادىل خالىقجان فوتو سۈرەت ئەسەرلىرىدىن



ھاياتلىق داۋاملىشىدۇ



ئارا تۇرك ھېكايىسى



يول ۋە يېشىل ھايات



تەبىئەت ئەسلى بىر رەسسام



بۇ يەرنىڭ سەھرى جىمجىت



ئېلىجان ئىسمائىل فوتوسى　　　　بوۋاي ۋە ئوت


《新疆文化》（维吾尔文）
综合性文学双月刊

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 2013 ـ يىلى 2 ـ سان (ئومۇمىي 320 ـ سان)
(قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال)

主管单位：新疆维吾尔自治区文化厅
主办单位：新疆维吾尔自治区艺术研究所
编辑出版：《新疆文化》杂志编辑部
国际标准刊号：ISSN1008-6498
国内统一刊号：CN65-1073-I
海外发行：中国图书进出口（集团）总公司出口部
代理者地址：中国北京朝阳区工体东路16号
P.O.BOX 88, 16 Gongti East Road, Beijing 100020, China
海外发行代号：6498BM
发行范围：国内外发行
地 址：乌鲁木齐市文化路28号井源办公大楼7楼
邮　　编：830002 电话：（0991）2856942
印　　刷：《新疆日报》印务中心
发　　行：乌鲁木齐市邮局
订　　阅：全国各地邮局

باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتى
چىقارغۇچى: ش ئۇ ئا ر سەنئەت تەتقىقات ئورنى
تۈزۈپ نەشر قىلغۇچى: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى
خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1008-6498
مەملىكەتلىك نومۇرى: CN65-1073/I
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو كىتاب
ئىمپورت ـ ئېكسپورت (گۇرۇھى)
باش شىركىتى ئېكسپورت بۆلۈمى
چەت ئەللەرگە قارىتا ۋاكالەت نومۇرى: 6498BM
مەملىكەت ئىچى ۋە چەت ئەللەرگە تارقىتىلىدۇ
ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى مەدەنىيەت يولى 28 ـ نومۇرجىڭيۈەن خىزمەت بىناسى 7. قەۋەت
پوچتا نومۇرى: 830002　تېلېفون نومۇرى: (0991)2856942
باسقۇچى: «شىنجاڭ گېزىتى» باسما مەركىزى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

邮发代号：58-22　定价：6.00元
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 22 ـ 58　باھاسى: 6.00 يۈەن